# تۇرپانشۇناسلىق تەتقاتى

# TurpanoLogicaLResearch

# 吐鲁番学研究





شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى

2005.2

ش ئۇ ئا ر تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىكتە تەشكىللىگەن ئىككىنچى نۆۋەتلىك تۇرپانشۇناسلىق خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش كاتتا يىغىنى 2005 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تۇرپان شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى . ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئامېرىكا ، گېرمانىيە ، ياپونىيە ، ئەنگلىيە ، رۇسىيە ، تۈركىيە ، ئىتالىيە ، شۋېتسىيە قاتارلىق 8 دۆلەتتىن 42 نەپەر ، مەملىكىتىمىزدىن 110 نەپەر ئالىم ، مۇتەخەسسىس ، تەتقىقاتچى قاتناشتى . مۇھاكىمە يىغىنىدا 130 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئوقۇلدى . ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالىلار ئاساسەن تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ پەيدا بولۇشى ، بۇ يەردە ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئىرقى - تىپى ، ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتى ، تىل - يېزىقى ، ئۆرپ - ئادىتى ، بىناكارلىق سەنئىتى ، دىنىي - مەدەنىيىتى ، تۇرپاننىڭ قەدىمكى يىپەك يولىدا تۇتقان ئورنى قاتارلىق تېمىلاردا بولۇپ ، ئوقۇلغان ماقالىلار كومپيۇتېر ئارقىلىق ئېكراندا ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن دەلىللەپ چۈشەندۈرۈلدى . ھەر بىر كىشى ماقالىسىنى ئوقۇپ بولۇپ سەھنىدىن چۈشكەندە كۆپچىلىك قىزغىن چاۋاك چېلىپ قول ئېلىشىپ تەبرىكلەشتى . يىغىن ناھايىتى قىزغىن كەيپىياتتا ئۆتتى . ئىلمىي ماقالە ئوقۇش ئارخېئولوگىيە ، تارىخ ، تىل - يېزىق ، ئۆرپ - ئادەت ، دىنىي - مەدەنىيەت قاتارلىق گۇرۇپپىلار بويىچە ئېلىپ بېرىلدى . تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ ۋالىسى ، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ئابلا قاسىم ئىككىنچى نۆۋەتلىك تۇرپانشۇناسلىق خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى . بۇ نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 14 - نۆۋەتلىك جۇڭگو تۇرپان يىپەك يولى ئۈزۈمزار سەيلىسى بايرىمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى بىلەن تەڭ باشلانغاچقا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى ، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە 14 - نۆۋەتلىك جۇڭگو تۇرپان يىپەك يولى ئۈزۈمزار سەيلىسى بايرىمىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەپ تەبرىك سۆزى قىلدى . يىغىن ئىشتىراكچىلىرى يارغول قەدىمكى شەھىرى ، بېزەكلىك مىڭ ئۆيى ، قوچو قەدىمكى شەھىرى ، تۇيۇق مىڭ ئۆيى ، ئەسھابولكەھف مازىرى ، ياڭخىي قەدىمكى قەبرىستانلىقى ، سۇلايمان خوجا مۇنارى ، ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى ، تۇرپان موزېيى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى . يەنە ش ئۇ ئا ر مۇقام ئانسامبىلى ئارتىسلىرىنىڭ ئورۇنلىشىدا يارغول قەدىمكى شەھىرىدە چوڭ تىپتىكى « يارغول قەدىمكى كۈي » مىلودىيە كەچلىك كونسېرتىنى كۆردى . يىغىن 5 كۈن داۋاملىشىپ 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى .













شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى

2005 – يىل 2 – سان

# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

(ئومۇمىي 12 – سان)

## بۇ ساندا

### ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى

ياڭخېي قەدىمكى قەبرىستانلىقى ۋە ئۇنى قوغداش ھەققىدە..........
.................... ۋەلى مايىت ( 1 )
شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدىكى ساكلارغا ئائىت يادىكارلىقلار ۋە ئۇلاردا ئەكس ئەتكەن مەدەنىيەت.......... ھەسەنجان جۇمەخۇن ( 6 )
«تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر»دىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار... ئا. مۇھەممەت سايرامى ( 12 )

### تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

«ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۇ تېشى»نىڭ خەنزۇچە تېكستى ئۈستىدە چۈشەندۈرۈش ۋە تەتقىقات... چېن بوچۈەن ( 22 )
شەرقىي چاغاتاي خانلىرىنىڭ لۇكچۇندە ئۆتكەن ئەۋلادلىرى توغرىسىدا
.................... ھېلىمنىياز قادىر ( 43 )
«تېرخىن مەڭگۇ تېشى»دىكى بايىرقۇ قەبىلىسىگە دائىر بايانلارغا ئېنىقلىما.................... ئابلەھەت كامالوۋ ( 47 )

### قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي پۈتۈكلىرىدىكى «نىشان» توغرىسىدا.......... ئىسمائىل تۆمۈرى ( 53 )
مانى دىنىنىڭ تۇرپان رايونىدىكى بۇددىزم سەنئىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى.......... ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق ( 62 )
مۇرتۇق بېزەكلىك كېمىر ئۆيلىرىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلمىسى توغرىسىدا.......... ئوسمان مۇھەممەدى قارا قۇتلۇق ( 69 )

### تۇرپاندىكى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى

تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ خورلاز سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى..........
.................... ئوسمان ئىسرائىل ( 71 )
«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى ئۇيغۇر باللار ئويۇنلىرى..........
.................... مۇھەممەت ئابلىز بۆرىيار ( 74 )

### تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقاتى

كروران ۋە كروران ئۇيغۇرلىرى.......... غالىپ ئەرك ( 77 )
كۈنىمىزدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتاغ ئۇيغۇرلىرىغا قارىتا كۆز قاراش، ئۆتۈملىرى ھەققىدە سوتسىئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش..........
.................... دوكتور ئا. رەشىد جەلىل قارلۇق ( 89 )
ئەرەب ۋە پارس تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى قوچو ئۇيغۇر دۆلىتى (9 – 10 – ئەسىر).......... گېڭ شىمىن ( 95 )

### تۇرپاننىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تارىخى تەتقىقاتى

قوچو ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا نەزەر..........
.................... گو پىڭلياڭ ( 101 )
قوغۇن ۋە ئۇنىڭ يۇرتىمىزدا ئۆستۈرۈلۈش ئەھۋالى..........
.......... تاشمۇھەممەت ئابدۇراخمان، مۆمىن قادىر ( 118 )

تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى:

ئابلا قاسىم

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:

ئابلىم قېيۇم

ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

باش مۇھەررىر:

ئابلىم قېيۇم

ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئالىي مۇھەررىر:

ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

تەھرىرلىرى:

ئابدۇگۇل ئابلىمىت، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق، زۇلپىيە مۇھەممەت، ئۆمەر ئابدۇقادىر

مۇقاۋىنىڭ 1 – بېتىدە:

بېزەكلىكنىڭ مىڭئۆيى ۋە مانىنىڭ رەسىمى

(مىلادىيە 4 — 13 – ئەسىر)

吐鲁番学研究

(维吾尔文)

(2005年第2期 总第十二期)

编 委 会

主　任：阿不拉·卡斯木

副主任：阿不力木·克尤木

艾尔肯·伊明尼牙孜

主　编：

阿不力木·克尤木

特邀编审：

艾尔肯·伊明尼牙孜

编　辑：

阿不都古力·阿不利米提，艾尔肯·伊明尼牙孜，祖力菲亚，买买提，吾买尔，阿不都哈地尔

封　一：

吐鲁番柏孜克里克千佛洞与摩尼图像

(四—十三世纪)

# 目　录

## ●考古与文物研究●

洋海古墓群及其保护状况……………瓦力·马依提（1）

新疆考古发掘品有关塞种人文物及其提显的文化特点……………………………艾山江·居马洪（6）

《吐鲁番出土文书》中有关维吾尔医文献……………………阿布勒孜·穆汗木德·沙依拉木（12）

## ●吐鲁番学研究●

《亦都护高昌王世勋碑》汉文铭词解析和研究……………………钱伯泉（22）

东察合台汗国可汗在鲁克沁的后裔……………………依勒木尼亚孜·卡德尔（43）

《土儿浑》碑铭中有关巴掖古部落的记载……………………阿布来提·卡马洛夫（47）

## ●高昌回鹘文化研究●

高昌回鹘经济、社会文书中有关“印号”的记载……………………斯马义·铁木尔（53）

摩尼教对高昌回鹘佛教艺术的影响……………………艾尔肯·伊明尼亚孜·库吐鲁克（62）

论柏孜克里克千佛洞 建筑结构……………………乌斯曼·穆汗木德（69）

## ●吐鲁番的文体娱乐研究●

论吐鲁番维吾尔人的斗鸡娱乐……吾斯满·斯拉依（71）

《突厥语大词典》及维吾尔族儿童娱乐活动……………………木汗木德 ·阿布勒孜·布尔亚尔（74）

## ●读史札记●

楼兰及楼兰人……………………哈力甫·艾热克（77）

关于裕固族对新疆维吾尔族看法的社会调查……………………阿·热西德·加勒力·喀尔鲁克（89）

阿拉伯和波斯史料中的高昌回鹘王国(9－10世纪)……………………耿世民（95）

## ●高昌回鹘社会经济研究●

高昌回鹘社会经济管窥……………………郭平梁（101）

瓜果及其在我区的种植情况……………………塔石木汗木德·阿布都热合满，木民·卡德尔（118）

# ياڭخېي قەدىمكى قەبرىستانلىقى ۋە ئۇنى قوغداش ھەققىدە

ۋەلى مايىت

2005 . 2

## 1 . ياڭخېي قەدىمكى قەبرىستانلىقى ھەققىدە

ياڭخېي قەدىمكى قەبرىستانلىقى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا ياڭخېي ئاسقال مەھەللىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چۆللۈككە جايلاشقان.



1 ـ رەسىم ياڭخېي قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى

ياڭخېي قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ بىنا بولغان ۋاقتى ھەققىدە تارىخنامىلەردە ئېنىق مەلۇمات يوق. بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنى قېزىش جەريانىدا ئېرىشكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بۇنىڭ يېغىلىق دەۋرىدىن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 475 ـ يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 ـ يىلغىچە) خەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلدىن 23 ـ يىلغىچە) بولغان ۋاقىتتا توغرا كېلىدىغانلىقى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلدى.

## 2 . ياڭخېي قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ بايقىلىشى ھەققىدە

ياڭخېي قەدىمكى قەبرىستانلىقى ناھايىتى ئۇزاق زامانلار جەريانىدا شەكىللەنگەن ۋە قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇ جاينى ئۇنتۇپ كېتىشكەن ئىدى.



2 ـ رەسىم ياڭخېي قەدىمكى قەبرىستانلىقى جايلاشقان ئورۇننىڭ يىراقتىن كۆرۈنۈشى

خۇددى ئارخېئولوگ ۋاڭ بىڭخۇا ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: 1988 ـ يىلى كېيىن ئوغرىلىرىنىڭ بۇ يەردىكى قەبرىلەرنى قالايمىقان قېزىشى سەۋەبلىك، بىر قىسىم قەبرىلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، كېيىن ئوغرىلىرى زىيانغا ئۇچراتقان قەبرىلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئادەم كۇچى ۋە مالىيە كۈچى ئاجرىتىپ مەخسۇس قايتا تازىلاش ۋە رەتلەش خىزمىتى ئىشلىدى. بۇ قەبرىلەرنى تازىلاش جەريانىدىمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالدى ① شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پىچان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رەھبەرلىرى بۇ قەبرىستانلىقلارنىڭ ئادەتتىكى قەبرىستانلىق ئەمەسلىكىنى ھەم بۇ قەبرىستانلىقنىڭ تارىخىي تەتقىقاتتا تۇتىدىغان ئورنىنىڭ

ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، قەبرىستانلىقنى ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى دەپ بېكىتتى ھەم بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ يىل دەۋرى، قوغداش دائىرىسى چۈشۈرۈلگەن قوغداش تاختىسى ئورناتقان.

1999 - يىلى تۇرغۇزۇلغان قوغداش تاختىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 10 مىليون 156 مىڭ كۋادرات مېتىر. تۆۋەندىكى رەسىمدە 1999 - يىلى تىكلەنگەن قوغداش تاختىسى



3 - رەسىم پىچان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىلى تۇرغۇزغان قوغداش تاختىسى

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، پىچان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇللىرى بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ جاينى ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى قاتارىغا كىرگۈزگەن. بىراق بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى داۋاملىق ھالدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئادەملەرنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئېرىشىش ئارقىلىق پۇل تېپىپ باي بولۇشنى كۆزلەپ، بۇ جاينى قالايمىقان قېزىش، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىش جىنايى قىلمىشلىرى ئۈزۈلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇردى. شۇ ئارقىلىق خېلى ساندىكى قەبرىلەرنىڭ ئەسلى ھالىتى بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە، قىممىتى بىباھا بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئوغرىلاپ كېتىلدى ياكى ئەسلى ھالىتى بۇزۇۋېتىلدى.

تۆۋەندىكى رەسىم كېيەن ئوغرىلىرى تەرىپىدىن كولانغان قەبرىلەر



4 - رەسىم كېيەن ئوغرىلىرى تەرىپىدىن كولانغان قەبرىلەر

قەدىمكى قەبرىستانلىق ئەتراپىدىكى دېھقانلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئېغىر بولدى. 1999 - يىلى بۇ جاينى «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن» دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ قوغدىغان بولسىمۇ، دېھقانلار كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا ئويلاپ، ھېچقانداق بىر ئورۇننىڭ تەستىقىنى ئالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، قالايمىقان يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغان. نەتىجىدە نۇرغۇن قەبرىلەر بۇزۇلۇپ ئورنىنى تولدۇرۇپ ئالغىلى بولمايدىغان زىيانلار كېلىپ چىققان. قالايمىقان يەر ئېچىش جەريانىدا بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كىشىلەر ئېلىپ كەتكەن. تۆۋەندىكى رەسىم قەدىمكى قەبرىستانلىق رايونىدا يېڭىدىن ئېچىلىۋاتقان يەرلەر.



5 - رەسىم دېھقانلار ئېچىۋالغان يەرلەر

بۇنداق بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ قايتا تەكرارلىنىشى نەتىجىسىدە، قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ كۆلىمى «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن» دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن 10 مىليون 156 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق جاي تۇرپان ۋ-

لايەتلىك يەرلەرنى ئۆلچەش، سىزىش، پىلانلاش
ئورنىنىڭ 2003 ـ يىلى 11 ـ ئايدىكى ئۆلچىشىگە
ئاساسلانغاندا 5 مىليون 639 مىڭ 43 كۋادرات
مېتىرغا چۈشۈپ قالغان. دېمەك قىسقا ۋاقىت
ئىچىدە، بۇ قەبرىستانلىق رايونىنىڭ دائىرىسى
4 مىليون 516 مىڭ 957 كۋادرات مېتىر كې-
چىكلەپ كەتكەن. بۇ هال كىشىنى ئەپسۇسلان-
دۇرمامدۇ؟

ياڭخېي قەدىمكى قەبرىستانلىقى
2003 ـ يىلى 5 ـ ئايدا «ئاپتونوم رايون دەرىجە-
لىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادى-
كارلىقى ئورنى» دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.
تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى
ئىدارىسى مالىيىدىن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ
ياڭخېي قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ هازىرقى
هالىتىنى ساقلاپ قېلىش جەھەتتە نۇرغۇن
كۈچ سەرپ قىلدى. مەخسۇس مەدەنىيەت يا-
دىكارلىقلارنى قوغداش پونكىت ئىشخانىسى ۋە
ياتاق ئۆيلىرىنى سالدۇردى، مەخسۇس ئادەم
تۇرغۇزدى.

2003 ـ يىلى 3 ـ، 5 ـ ئايلاردا، دۆلەت مە-
دەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىق-
لىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەت-
قىقات ئورنى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يا-
دىكارلىقلىرى ئىدارىسى ھەمكارلىشىپ ياڭخېي
قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا قۇتقۇزۇش خاراكتېر-
لىك قېزىش ئېلىپ باردى.



6 ـ رەسىم قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قېزىش ئېلىپ
بېرىلغان ياڭخېي قەدىمكى قەبرىستانلىقى

شۇ جەرياندا بۇ جايدىن تەتقىقات قىممىتى
ناهايىتى يۇقىرى بىر قىسىم مەدەنىيەت يادى-
كارلىقلىرى قېزىۋېلىندى. تۆۋەندىكى شۇ قې-
تىمقى قېزىشتا قۇتقۇزۇپ قېلىنغان مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرىنىڭ بىر قىسمى.







2005.2

تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى 2003 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ ياڭخېي قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا قوغداش پونكىتىنى قۇردى. مەن 2004 - يىلى 3 - ئايدىن 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر بۇ پونكىتتا تۇرۇپ، بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقنى قوغداش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندىم. بۇ جەرياندا قەبرە ئوغرىلىرىنى پاش قىلىش، ئوغۇرلانغان قەبرىلەردىن چىققان، خەلق ئىچىگە تارقىلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىۋېلىش خىزمىتىنى ئىشلىدىم. شۇ ئارقىلىق بۇ يەرگە نىسبەتەن مېنىڭدە يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەنچە ھاسىل بولدى. مەسىلەن، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى قېزىش ئېلىپ بارغان جايدا مەن مۇنداق ھادىسىلەرنى ئۇچراتتىم. بىرى، ئادەملەر دەپنە قىلىنغان قەبرىلەردىن باشقا، ئات ۋە تۆگىلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەمدەپنە بۇيۇملىرى قاتارىدا كۆمۈلگەن.



7 - رەسىم ھەمدەپنە قىلىنغان
ئات كۆمۈلگەن قەبرە



8 - رەسىم تۆگە كۆمۈلگەن قەبرە

يەنە بىرى، ئادەملەر دەپنە قىلىنغان قەبرىلەردىن ھەمدەپنە بۇيۇملىرى بىلەن بىرگە چاكاندا شېخىمۇ چىققان. بۇ ھال فولك بېرگمان تەرىپىدىن يېزىلغان «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى» ناملىق كىتابتىكى مەزمۇنلار بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. فولك بېرگمان شۋېتسىيىلىك بولۇپ، لوپنۇر رايونىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيە ئالىمى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، قېزىش خىزمىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ئېرىشكەن ماددىي بۇيۇملار ھەققىدىمۇ ئىنتايىن تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن. ئۇنىڭ مەلۇماتى تەركىبىدە چاكاندىمۇ بار بولۇپ، ئۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مېيىتنىڭ كىكىردەك قىسمىغا موزاينىڭ قۇلىقىنىڭ پارچىلىرى قويۇلغان، شۇنىڭدەك پۈتۈن بەدىنىنىڭ كۆكرەك، قورساق قىسىملىرىغا بۇغداي دېنى، چاكاندا شېخى چېچىلغان. كېيىنكىسى مېيىتنىڭ ئېچىۋېتىلگەن كۆكرىكىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن» ③. مەيلى لوپنۇر رايونىدىكى قەدىمكى ئىنسانلار بولسۇن ياكى ياڭخېي قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىرى بولسۇن، چاكاندىنى نېمە مەقسەتتە ئىشلىتىدۇ؟ بۇ ئىككى جاينىڭ ئادەملىرى ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىشلار بار؟ ياكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر تۈرلۈك دەپنە قىلىش ئادىتىمۇ قانداق؟

يولداش لى شياۋ تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش، قوغداش ئىدارىسىغا باشلىقى كەلگەندىن كېيىنلا بۇ ئىشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. بۇ يەردە ئىلگىرى سېلىنغان ئىشخانا، ياتاق قاتارلىق ئاددىيغىنە ئۆيلەر بار ئىدى. ھازىر ئۇ يەرگە بىر قەدەر زامانىۋىلاشقان ئۆي سېلىندى. نۆۋەتتە ئۈستىگە كۆزىتىش راۋىقى ۋە ئەسلىھەلەرنى ئورناتماقچى.



9 ـ رەسىم ئىدارە باشلىقى لى شياۋ يېڭىدىن سېلىنغان ئىشخانا بىناسىنى تەكشۈرمەكتە.

ياڭخېي قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قوغداش جەھەتتە كۆچ چىقارغۇچىسى يەنە بىر ئادەم ئىدارىمىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابلىم قېيۇم. ئۇ دائىم نەق مەيدانغا بېرىپ، قەبرە رايونىنىڭ زىيانغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يەرلەر بىلەن چېگرىلىنىدىغان مەھەللە، كەنتلەرنىڭ مەسئۇللىرى ۋە شۇ مەھەللە، كەنتلەر قاراشلىق يېزىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ھەم شۇ يەرلەرنى كۆتۈرۈپ بەرگۈچى يەر باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ خادىملىرى بىلەن كۆپ قېتىم كۆرۈشتى ھەمدە ئۇ جاينىڭ ئەھمىيىتىنى قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنى قايىل قىلىپ، ئىلگىرى ئاڭسىز ھالدا ئىگىلىنىۋېلىنغان جايلارنى قەدىمىي قەبرىستانلىق رايونىغا قايتۇرۇپ ئېلىش جەھەتتە ئىجابىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. تۆۋەندىكى رەسىم ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابلىم قېيۇمنىڭ يېزا، كەنت، مەھەللە مەسئۇللىرى بىلەن ياڭخېي قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخشى ساقلاپ قېلىش توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقان كۆرۈنۈش.



10 ـ رەسىم ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابلىم قېيۇم يېزا يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، كەنت كومىتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن نەق مەيداندا قوغداش دائىرىسىنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەشمەكتە.

بۇ ئارقىلىق تېرىلغۇ جاي دەپ رەسمىي كېنىشكا ئېلىنغان يەردىنلا 100 مودىن ئارتۇقراق يەر قايتۇرۇپ ئېلىندى. دېمەك، سەل كېچىكىپ بولسىمۇ، تەشۋىقات خىزمىتى ياخشى ئىشلەنگەچكە خىزمەتلەرنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلدى. بىر قىسىم خەلق ئىچىگە تارقىلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرىنى خەلق ئۆزلىرى تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ ياڭخېي قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قوغداش، ئاسراش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش، قوغداش ئىدارىسىدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ۋە باشقا كەسپىي خادىملارنىڭ خىزمىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.


**ئىزاھاتلار :**

① «شىنجاڭنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى، 49 ـ بېتىگە قارالسۇن.

② «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ، 2004 ـ يىل 1 ـ سان 1 ـ بەت.

③ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ، 2004 ـ يىل 1 ـ سان.

④ فولك بېرىگمان: «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى تەتقىقاتى» 128 ـ بەت.


(ئاپتور: تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدا)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدىكى ساكلارغا ئائىت يادىكارلىقلار ۋە ئۇلاردا ئەكس ئەتكەن مەدەنىيەت

ھەسەنجان جۇمەخۇن

شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇش بىلەن بىرگە ئېلىمىز ۋە چەتئەل ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تەرىپىدىن قېزىۋېلىنغان ۋە بايقالغان قەدىمكى زامان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇنيا ئارخېئولوگىيىسى، تېخىمۇ مۇھىمى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا ئاجايىپ شانلىق سەھىپىنى ياراتتى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ موللۇقى، تۈرىنىڭ خىلمۇ خىل رەڭدارلىقى، ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇنىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە ساقلىنىش دەرىجىسىنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەللىكى بىلەن ئېلىمىز ۋە چەتئەل تەتقىقاتچىلىرىغا تۈنجى ماتېرىياللىق قىممىتىنى نامايەن قىلدى. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدە قېزىۋېلىنغان ۋە بايقالغان قەدىمكى زامان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى قەدىمكى ساكلارغا ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولغانلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قىدىرىش، بايقاشلاردا قەدىمكى ساكلارغا ئائىت ياكى ساكلارغا خاس ئالاھىدىلىك ساقلانغان قەدىمكى ئىپتىدائىي كەنت ئىزلىرى، قەدىمكى تۇرالغۇ جاي ئىزلىرى، قەدىمكى قەبرىستانلىقلار ۋە ئۇلاردىن تېپىلغان ھەر خىل قورال، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى، شۇنىڭدەك قىياتاش سەنئىتىگە ئائىت مەزمۇنلار ھەممىلا جايدىن دېگۈدەك تېپىلغان. بۇ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قەدىمكى زامانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرىدىن بىرى بولغان ساكلارنىڭ شىنجاڭدا ياشاش، پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ۋە مەدەنىيەت يارىتىش تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى، دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەدەنىيەت تىندۇرمىسىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇرلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. مەن بۇ ماقالىدە شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدە بايقالغان ساكلارغا ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلاردا ئەكس ئەتكەن مەدەنىيەت توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

ئاۋۋال ساكلار ۋە ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى:

ساكلار ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئەڭ دەسلەپتە ئاخمانىيلار خانلىقى (Achaemenids) نىڭ خانى دارىئۇس (Darius I) مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 521 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 486 ـ يىلىغىچە) نىڭ بېھىستۇم (Behistum) ئابىدىسىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ ئابىدىنىڭ 1 ـ يۈزى 12 ـ 20 ـ قۇرلىرىدىكى خان دارىئۇسنىڭ قارام ئەللەر ھەققىدىكى بايانلىرىدا parsa (پارس)، Babiru (بابىلون)، Arabaya (ئەرەبىيە)، Baxtri (باكترىيە)، Sugda (سوغدىيانا)، saka (ساك) قاتارلىق 23 ئەلنىڭ ئۆزىگە قارام بولغانلىقى ئېيتىلىدىغان بولۇپ، ساك نامى بىر ئەل ھەم بىر مىللەت سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ ①. دارىئۇسنىڭ بايانلىرىدا: «. . . كېيىن، كەمىنە قوشۇنلىرىم بىلەن saka (ساكلار) نىڭ ئۈستىگە ئاتلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار — ئۇچلۇق قالپاقلىق saka (ساكلار) ماڭا (مېنىڭ قوشۇنلىرىمغا) قاراپ ئاتلاندى. . . » ② دېگەنگە ئوخشاش ساكلار ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىش ھەم ساكلارنىڭ تاشقى قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن ئۇچۇرلار كۆرۈلىدۇ. «بېھۇستۇم ئابىدىسى» ۋە «ناخشى رۇستەمدىكى مىخ يېزىقلىق تاش ئابىدە» دىكى خاتىرىلەردىن تەتقىقاتچىلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىچە: ساكلارنىڭ ئۈچ تارمىقىدىن بىرى بولغان Saka Tigrahauda (ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلار) شىنجاڭ رايونىنى مەركەز قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ

بارغان ③ فرانسىيىلىك ئاسىياشۇناس رېنې گرو-
سېتنىڭ دەلىللىشىچە، يۇنان تارىخچىسى ھېرو-
دوتنىڭ «تارىخ» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئېيتىل-
غان سەكتىيان دەپ ئاتالغان ساكلارنىڭ مىلادىيىدىن
ئاۋۋالقى 750—700 - يىللار ئارىلىقىدا تەڭرىتېغى
ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، فەرغانە، قەشقەر
رايونلىرىغا كىرگەن ④. «خەننامە، غەربىي يۇرت
تەزكىرىسى، جاڭ چيەن، لى گۇاڭلىنىڭ تەرجى-
مىھالى» دىكى بايانلاردىن قارىغاندا، قەدىمكى «ئۇ-
سۇن ئېلى» دەپ ئاتالغان يەتتە سۇ ۋادىسى، جۇڭ-
لىدىن ئىلى ۋادىسى ئىركەشتام قاتارلىق جايلارنىڭ
ئەسلىدە ساكلارنىڭ پائالىيەت سورۇنى ئىكەنلىكىنى
بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. شۇ كىتابتىكى مەلۇماتلاردىن
قارىغاندا، ئىلى ۋادىسىدىكى ساكلارنىڭ مىلادىيىدىن
ئاۋۋالقى 177—176 - يىللىرى ئىلى ۋادىسىدىن پامىر
رايونىغا ھەم ئاندىن شەرققە كېچىپ تارىم ئويمان-
لىقىدىكى بوستانلىقلارغا تارالغانلىقى مەلۇم. شىن-
جاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرىدىن باشقا، فرانسىيىلىك پېللىئوت
1931 - يىلى ئېلان قىلغان «ساك تىلىدىكى بىر قانچە
غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» ناملىق ماقالىسىدە دە-
لىللىگەندەك، قۇمۇل، پىچان، ئۇرۇمچى، تۇرپان
قاتارلىق يەر ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنىڭ
ساك تىلىدا ناملانغانلىقىمۇ بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ
⑤. تەتقىقات ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، ساكلار-
نىڭ ئانا ماكانى ئەڭ كۆپ دېگەندىمۇ مىلادىيىدىن
ئاۋۋالقى 1 - ئەسىرنىڭ دەسلەپلىرىدىلا تەڭرىتېغىنىڭ
شىمالىي ۋە جەنۇبىي رايونىدىكى بىپايان زېمىنلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان ⑥ بولۇپ، ئىلگىرىلا ئۇلارنىڭ
بىر قىسمى ئالتاي رايونىغا ۋاقىتىنچە كۆچكەنىدى.
كېيىنچە يۇنان - باكتېرىيە خانلىقى ۋە ئارساك (بۇ-
خارا) ئەللىرىنىڭ تەسىرى بىلەن غەربكە كۆچۈپ،
ئافغانىستاننىڭ غەربىي قىسمىدا ساكلار زېمىنى -
ساكىستاننى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلدى. بۇ زېمىنلار
سترابون (strabonتەخمىنەن مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى
58 - يىلىدىن مىلادىيە 21 - يىلى) نىڭ «جۇغراپىيە
» دە تىلغا ئالغان ۋە پ. مېلا (pomponinsmeda 1 -
ئەسىر) نىڭ «تەزكىرە» سىدە ئىككىنچى رايون—
ياۋايىلار رايونى دەپ كۆرسەتكەن سكتىيان ۋە ساكلار-
نىڭ زېمىنى بولۇپ، «مەشرىقتىن يولغا چىققاندا،
ئاسىيادا كىشىلەرگە ئۇچرايدىغان بىر تۈركۈم ئادەم-
لەر ھىندىلار (ھىندى مىللىتى) سېرىسلىقلار،
سكتىيانلاردۇر» ⑦. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان سكتىيانلار
تارىخچىلار بىردەك ھىرودوتنىڭ ئىزىدىن «ساكلار»
دەپ قارىغانلار ئىدى. ھالبۇكى، ساكلار غەربكە—
ھىندىستاننىڭ غەربىي قىسىم رايونلىرىغا كۆچۈپ
كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا كۆچۈپ
كەتمىگەن. ئا. ۋ. گاباائىن خانىمنىڭ دەلىللىشىچە،
شۇ چاغلاردا كۇچا ئەتراپىدىكى بىر ئەلمۇ ساك نامىدا
ئاتالغانىدى ⑧. دەل شۇنداق بولغاچقىلا ساكلار مى-
لادىيە 1 - ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىلا تارىم ئويمانلىقىنى
ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا خوتەن بوستانلىقلىرىغا
يەرلىكلەشكەن ھەم مىلادىيە 5 - ئەسىردە تەرمىقىمي
قىلىپ، تۇرپان ۋادىسىدىكى پىچان رايونىغىمۇ كې-
لىيگەن. خوتەن بوستانلىقى يىپەك يولىدىكى ئەڭ
مەشھۇر ساكلار مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغانىدى ⑨
. ئەمما شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپى-
لىۋاتقان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى
شىنجاڭ رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ساكلارنىڭ
پائالىيەت دائىرىسىنىڭ مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەي-
نىلىرىدىمۇ ناھايىتى كەڭ بولغانلىقىنى ئىس-
پاتلىدى.

شىنجاڭ رايونىدا ساكلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ
بېرىش تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە تارقىلىش دائىرى-
سىنىڭ كەڭلىكى بىلەن، شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن
ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى ۋە مەدەنىيەت قاتلى-
مىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەنلىكى يېقىنقى يىل-
لاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن
تېپىلىۋاتقان قەدىمكى قەبرىلەر ۋە ئۇلاردىن قېزىۋې-
لىنغان تارىخ، مەدەنىيەت، سەنئەت، شۇنىڭدەك
فولكلورغا ئائىت قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق-
لىرى، قەدىمكى سەنئەت ۋە فولكلورنىڭ سەمەرىسى
بولغان سىنتاش، قىيا تاش رەسىملىرى، تا ھازىر-
غىچە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ساقلىنىپ كېلىۋات-
قان كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ساك مەدەنى-
يەت ئامىللىرى، ھۈنەر - سەنئەت جەھەتتىكى ساك
مەدەنىيەت قالدۇقلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

1984 - يىلى 1 -، 11 - ۋە 12 - ئايلاردا شىنجاڭ
مۇزېيى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمەتچى خا-
دىملىرى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق-

2005.2

لارنى باشقۇرۇش ـ مۇھاپىزەت قىلىش ئورنىدىكى خادىملار لوپ ناھىيىسىدىكى سەنپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا ئىككى نۆۋەت ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بارغاندا، تىك تۆت چاسا شەكىللىك قەبرە يولى بار قەبرە، تىك، ئۇزۇنچاق چاسا قەبرە ۋە يالغۇز كىشىلىك قەبرىلەردىن بولۇپ 52 قەبرىدىن دەپنە قىلىش شەكلى ئوخشىمايدىغان ھەر خىل جەسەتلەر قېزىلغاندىن باشقا، يەنە ياغاچتىن ياسالغان ھەر خىل بۇيۇملار، ساپال بۇيۇملار، يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن ھەر خىل تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان يادىكارلىقلار تېپىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە خاراكتېرلىنىپ تۇرىدىغىنى جەسەتلەر بىلەن بىللە قويۇلغان يالپۇز، خالتىلارغا تۇگۈلگەن چاكاندا، مارجان شەكلىدىكى تەسۋى (يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن ) قوناق، يۇڭ رەخت ھەم كىگىزدىن تىكىلگەن ئۇچلۇق قالپاق قاتارلىق يادىكارلىقلاردۇر. سەنپۇلا قەبرىستانلىقى ۋە بۇ قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 3 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 3 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق بولۇپ ⑩، بۇ بىزگە خوتەن رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك تەركىبى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن قەدىمكى خەلق ساكلارنى ئەسلىتىدۇ. بىھستۇم ئابىدىسىدىكى دارىئۇسنىڭ بايانلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغان «ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلار مېنىڭ قوشۇنلىرىمغا قاراپ ئاتلاندى. . . » دېگەنگە ئوخشاش ساكلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنى دەلىللەيدىغان سۆزلەر خۇددى ئەنگلىيىلىك بېل ئەپەندى ئېيتقان: «مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 2 ـ ئەسىردىن بۇرۇن بىر بۆلۈك ساك قەبىلىسى ئۇدۇنغا كېلىپ ماكانلاشقان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمران سىنىپىنى شەكىللەندۈرگەن » دېگەن بايانلىرى بىلەن جىپسىلاشسا، سەنپۇلا قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن قوناق ۋە خالتىلارغا تۇگۇلگەن چاكاندىلار ناقشى رۇستەم قىيالىقىدا چېكىلگەن ساكلارنىڭ بۆلۈك (گۇرۇھ )لىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلاردا دېيىلىدىغان «ئۆزى چوقۇنىدىغان ئۆسۈملۈك ياپراقلىرىنى ئېلىپ يۈرگۈچى ساكلار » دەپ ئاتىلىدىغان ساكا خاماۋار گالارنىڭ ⑪ دورا ئۆسۈملۈكى ئىكەنلىكى بىلەن تولۇقلىنىدۇ. تەتقىقاتچىلار ساكلارنىڭ چاكاندىنى ئۆزى چوقۇنىدىغان، يەنى ئۆزى بىلەن قانداش دەپ ھېسابلىغان ئاساسلىق قىممەتلىك دورا ئۆسۈملۈكى ئىكەنلىكىنى دەلىللىگەن.

چەرچەن ناھىيىسى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە ھەر خىل يۇڭ توقۇلمىلار، يۇڭ يىپلاردىن توقۇلغان ھەر خىل رەڭدىكى ئۇچلۇق قالپاق، قولاقچىلار، ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن قونچلۇق كۆن ئۆتۈك قاتارلىق كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى تەسۋىر قىلىنغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قارىغاندا، نىيە، خوتەن، كېرىيە دائىرىسىدىكى دەريا ۋادىلىرى، قۇمۇل رايونلىرىدىكى قارا دۆۋە، پىچان ناھىيىسىدىكى سۇ بېشى قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ شەكلى، گۈل نۇسخىلىرىنىڭ بىردەكلىكى، شۇنىڭدەك ھەر قايسى جايلاردىن تېپىلغان ساپال قاچىلاردىكى گۈل، نەقىش نۇسخىلىرىنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى، كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ دەۋرىدە پەرق بولسىمۇ، ئەمما شەكىل، تۈر، خىل پاسونلىرىدا يەنىلا ئوخشاشلىقلارنىڭ ساقلىنىشى قاتارلىق مەسىلىلەر قەدىمكى ساكلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى دەلىللىگەن ⑫. 1976 ـــ 1978 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئۈرۈمچى جەنۇبىي تاغ (نەنسەن ) كان رايونى ۋە تەڭرىتاغ ئالغۇي قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا قېزىش ۋە رەتلەش ئېلىپ بارغان بولۇپ، شۇ قېتىمقى قېزىش خۇلاسىسىدىن قارىغاندا، بۇ قەبرىستانلىقلارنىڭ يىل دەۋرى غەربىي خەن دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان بولسا، مەدەنىيەت تەۋەلىكى جەھەتتە ساكلارغا مەنسۇپ بولغان⑬. بۇ قەبرىلەرگە تاش قويۇلۇپ بەلگە قىلىنغان. دائىرىسى يۇمىلاق، ئانچە ئېگىز ئەمەس، قەبرىلەرنىڭ ئەتراپىغا چەمبەر شەكلىدە تاش تىزىلغان. قەبرىدىكى جەسەتلەر بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئاساسەن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، ساپال ۋە باشقا يۇڭ توقۇلمىلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالتۇندىن ياسالغان تۇرمۇش لازىمەتلىك بۇيۇملىرىنىڭ كۆپلۈكى ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنى ھەيران قالدۇرغان. يولۋاسنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن

2005.2

ئالتۇن تەمتەكتىن سەككىز پارچىسى، يولۋاسنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن ياپراق پارچىسى، يەنە خىرىس قىلىۋاتقان ئالتۇن يولۋاس ياپراقچىسى تېپىلغان، ئۇندىن باشقا ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدە يەنە كۈمۈش ياپراقچىلاردا يولۋاس، شىرلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنلىكى مەلۇم⑭؛ 1983 ـ يىلى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى يەنە كۆنەس ناھىيىسى كۆنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى ھەم موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم قەدىمكى قەبرىستانلىقلارنى قازغاندا، بۇ قەبرىلەر ساكلارنىڭ مەدەنىيەت يالدامىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان⑮؛ بۇ قەبرىلەردىن تېپىلغان دەپنە بۇيۇملىرىدىكى يولۋاس ياكى باشقا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى ئارخېئولوگ ۋە تارىخشۇناسلار ساك سەنئىتىدىكى ئالاھىدە بېزەكچىلىك ئۇسلۇبى دەپ قارىماقتا⑯. ئۇندىن باشقا، ساكلارنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىدىكى يەنە بىر خىل ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسى شۇكى، ساكلار كىيىم ـ كېچەك جەھەتتە بىردەك ئۇزۇن تون، قىسقا تون، ئۇزۇن، قىسقا قونچىلىق ئۆتۈك (ئۆتۈكلەر پاشنىلىق ھەم پاشنىسىز دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ)، شۇنىڭدەك ئۇچى ئۇچلۇق قالپاق كىيىشنى ئېتنىك بەلگە قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلەنگەن. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلىۋاتقان قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدا ئۇچى ئۇچلۇق قالپاق كىيدۈرۈلگەن ياكى ھەمدەپنە قىلىنغان جەسەتلەر، قىياتاش رەسىملىرى، ئالايلى، 1983 ـ يىلى كۈنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن تېپىلغان مىس (برونزا) دىن ياسالغان ھەيكەلنىڭ (مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى3 ـ 4 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق) ئۇچى ئۇچلۇق قالپاق كىيگەنلىكى، شۇنىڭدەك 1972 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدىكى مىلادىيە 6 ـ 9 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان لايدىن ياسالغان تۆگىچى ھەيكىلىنىڭمۇ ئۇچى كەينىگە قايرىلغان ئېگىز كىگىز قالپاق، ئۇچىسىغا ئۇزۇن تون، پۇتىغا ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈك كىيگەنلىكى⑰، قۇتۇبى ناھىيىسى كاڭجىيا شىمىزىدىكى جىنسىي سېھىرگەرلىك ھەم جىنسىي تېۋىنىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان قىياتاش رەسىملىرىنىڭ يىل دەۋرىنىڭ مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 3 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق بولغانلىقىدىن باشقا، يەنە ساكلار مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ سەمەرىسى بولغان بۇ قىياتاش رەسىملىرىدىكى قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئۇچى ئۇچلۇق قالپاق كىيگەنلىكى ياكى ئىككى تال پەي قىستۇرۇۋالغانلىقى⑱ بىزنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى؛ مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 5 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان ئالتاي بازىرى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان بۇيۇملاردا يولۋاس ئوبرازىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى قۇتۇبى قىياتاش رەسىملىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يولۋاس ئوبرازىغا ناھايىتى ماس كېلىدۇ⑲؛ يولۋاس قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ساك مەدەنىيەت ـ سەنئىتى بېزەكچىلىكىدە روشەن گەۋدىلىنىشى ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. يولۋاس ئوبرازىنىڭ ساك مەدەنىيىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلىۋاتقان قىياتاش رەسىملىرىدىلا نامايان بولۇپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردا بايقالغان ھەر خىل توقۇلما، رەڭدار ساپال، بېزەك ـ قاداقلارغا، شۇنىڭدەك ئۈرۈمچى، تۇرپان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردىكى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 ـ 5 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ھەر خىل رەڭدار ساپاللارغىمۇ يولۋاسنىڭ ئوبرازى گۈل ـ نەقىشلەر ئورنىدا چۈشۈرۈلگەن. 1985 ـ يىلى چەرچەن زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى (بۇنىڭدىن 2800 ـ 3000 ـ يىللار بۇرۇن) دىن قېزىۋېلىنغان «يولۋاس نۇسخا»لىق گۈل نەقىش يۇڭ توقۇلمىغا چۈشۈرۈلگەن، ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن، تۇرپاننىڭ ئايدىڭكۆل، توقسۇننىڭ ئالغۇي قاتارلىق قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان ئالتۇندىن ئىشلەنگەن يولۋاس قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بېزەك قاداقلار㉑ ساك مەدەنىيەت سەنئىتىدە يولۋاس ئوبرازىنىڭ خاس سەنئەتلا ئەمەس، بەلكى ساكلارنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىي ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئارخېئولوگلار مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 1000 ـ 500 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە خاس دەپ بېكىتكەن قۇمۇل يانبۇلاق مەدەنىيىتىگە تەۋە بولغان يانبۇلاق قەدىمكى شەھىرى، يانبۇلاق قەدىمكى قەبرىستانلىقى، لاپچۇق قەبرىستانلىقى، قارا دۆۋە قىزىلچوقتا قەبرىستانلىقى، يار قەبرىستانلىقى، يۇقىرى گۆدەگە قەبرىستانلىقى،

2505.2

قومۇل تەڭرىتېغى شىمالىي غول لىنىيە قەبرىستانلىقى، خەنچىگو جىلغىسى قەبرىستانلىقى، قارا دۆڭ خارابىسى، ئېسكى شەھەر خارابىسى، توغوچى قەبرىستانلىقى قاتارلىق قەدىمكى شەھەر، قەبرىستانلىق ۋە خارابىلەردىن تېپىلغان ۋە قېزىۋېلىنغان رەڭدار ساپاللارغا سىزىلغان گۈل نۇسخىلىرىنىڭ ئالغۇي قەدىمكى قەبرىستانلىقى ۋە چاپچىخا مەدەنىيىتىگە تەۋە ساپال بۇيۇملاردا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى، چاپچىخا مەدەنىيىتىگە تەۋە بولغان بۇگۇر چۇمباق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان برونزا (مىس) ئۆرچۈق بېشىنىڭ يانبۇلاق مەدەنىيىتىگە تەۋە بولغان قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان برونزا (مىس) ئۆرچۈق بېشى بىلەن تامامەن ئوخشىشى، يانبۇلاق مەدەنىيىتىگە تەۋە قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىنىڭ چۇمباق قەبرىستانلىقى، ئالغۇي قەبرىستانلىقى، بارىكۆل نەنۋەن قەبرىستانلىقى، پىچان سۇ بېشى قەبرىستانلىقى قاتارلىقلاردىكى قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن ئوخشاش بولۇشىدىن ㉑ بۇ جايلارنىڭ، ئېنىقراقى قومۇل يانبۇلاق مەدەنىيىتىنىڭ ساك مەدەنىيىتى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ؛ خېجىڭ (خوتۇنسۇمبۇل) قارا مودۇن چاپچىخا جىلغىسى قەبرىستانلىقى، چۇمباق قەبرىستانلىقى، بىلچىر قەبرىستانلىقى، بوز دۆڭ قەبرىستانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇندىن 2500 ـ 3000 ـ يىللار بۇرۇنقى چاپچىخا مەدەنىيىتىگە تەۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن تاشقىرى، قەبرىلەرنىڭ تاشقى تۈزۈلۈشى ئارخېئولوگلار ۋە تارىخشۇناسلار بىردەك ساك مەدەنىيىتىگە تەۋە دەپ قارىغان ئالغۇي قەبرىستانلىقى، پىچاندىكى سۇ بېشى قەبرىستانلىقى، ئۈلانباي سۇ ئامبىرى قەبرىستانلىقى، ئالتاي شېمىرشىبك قەبرىستانلىقى، كۈنەس تۆمۈرلۈك قەبرىستانلىقى ۋە قاراتاغ قەبرىستانلىقى، تېكەس ناھىيىسى 1 ـ چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلار، چاپچال سۇ دۆڭبۇلاق قەبرىستانلىقى، موڭغۇلكۈرە شوتا، سارقوبۇ قەبرىستانلىقى قاتارلىقلار بىلەن ئوخشايدىغان بولۇپ، بۇ قەبرىلەرنىڭ تاشقى تۈزۈلۈشى جەھەتتە قەبرە ئۈستىدە تاش دۆۋىسى ۋە تاش قورشاۋ (تاش پاسىللىق) بولۇشتەك بەلگىلىرىنىڭ ئوخشاش بولۇشى، لەھەت تىك قۇدۇق شەكلىدە قېزىلغان ھەم تاش بىلەن قوپۇرۇپ چىقىلغان بولۇشى، قەبرە ئۈستى چوڭ تاختا تاشلار ۋە بادىرا ياغاچلار بىلەن يېپىلغان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ كەۋدىلىك بولۇشى㉒ قاتارلىق قەبرە تۈزۈلۈش ئالامەتلىرى ساكلارنىڭ مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىن يىراق ئەمەسلىكىنى دەلىللەيدۇ. خۇددى رۇس ئالىمى بوئېنستان «ساك مەدەنىيىتى قەدىمكى قەبرىلەر ۋە قىياتاش رەسىملىرىدە ئىپادىلىنىدۇ»㉓ دېگىنىدەك، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىلەر ۋە قىياتاش رەسىملىرىنىڭ ساكلار ۋە ساكلار مەدەنىيىتىگە تەۋە بولۇشى ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، بىز ماقالىمىزنىڭ بېشىدا شىنجاڭ رايونىغا تارقالغان ساكلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتكەنىدۇق. دەل شۇنداق بولغاچقا، جىمسار ناھىيىسى دالۇڭكو (大龙口) دىكى چوڭ تىپلىق تاش دۆۋىلىك قەبرىلەر، مىچۈەن ناھىيىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر㉔، ئىلى (چاپچال) سۇ دۆڭبۇلاق مەدەنىيىتىگە تەۋە قەدىمكى قەبرىلەر㉕ نىڭ ساكلارنىڭ مەدەنىيەت يالدامىسى بولۇشى، تۇرپان ئالدى قوس مەدەنىيىتىنىڭ ئىلى (چاپچال) سۇ دۆڭبۇلاق مەدەنىيىتى بىلەن ئوخشاپ كېتىشى㉖، شۇنىڭدەك خېجىڭ ناھىيىسىدىكى بەلچىر قەبرىستانلىقى، ئونسۇ ناھىيىسىدىكى بوزدۆڭ قەبرىستانلىقى، باي ناھىيىسىدىكى قىزىل سۇ ئامبىرى قەبرىستانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ساك مەدەنىيىتىگە ياندىشىدىغان چاپچىخا مەدەنىيىتى تىپىگە كىرىدىغانلىقى㉗، تاشقورغان شامبابا قەدىمكى قەبرىستانلىقى ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قەبرىلەرنىڭ قەدىمكى ساك مەدەنىيىتىگە تەۋە بولغانلىقى㉘، پامىر، ئاقسۇ ۋادىلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ قەدىمكى ساكلارنىڭ ئىزلىرى بولۇشى㉙، ساكلارنىڭ ئىلقا نۇراساي جىلغىسىدا مىس كېنى ئاچقانلىقى ۋە مىس تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقى㉚ قاتارلىقلار شىنجاڭ رايونىدا قەدىمكى پائالىيەت ئېلىپ بارغان خەلقلەرنىڭ ساكلار ئىكەنلىكىنى ۋە نۇرغۇن ئېتنىك تەركىبلەرنىڭ ساك ئېتنىك نامى ئاستىدا تارىخ سەھنىسىگە چىققانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قىسقىسى، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان ئاھالە تەركىبىدە ساكلار كەڭ ئورۇننى ئىگىلىگەن بولسا، شىنجاڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلىنى يەنىلا ساكلار مەدەنىيىتىنىڭ تىندۇرمىلىرى مۇستەھكەملىگەن.

**ئىزاھلار :**


① «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1991 ـ يىللىق 4 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى، 19 ـ بەت.

② يۇقىرىقى ژۇرنال، 20 ـ بەتكە قاراڭ.

③ ۋاڭ جىلەي «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 1 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى، 1996 ـ يىل 2 ـ قېتىم بېسىلىشى، 33 ـ بەتكە قاراڭ.

④ رېنې گرۇسېت «بوز ـ قىر ئىمپېرىيىلىرى»، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى، 1996 ـ يىل 2 ـ قېتىم بېسىلىشى، 26 ـ بەتكە قاراڭ.

⑤ فېڭ چېنجۈن تەرجىمە قىلغان «غەربىي يۇرت جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە ئائىت تەرجىمە ماقالىلار توپلىمى»، شاڭخەي كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1962 ـ يىل نەشرى، 1995 ـ يىل 2 ـ قېتىم بېسىلىشى، 1 ـ جىلد، 2 ـ توپلام، 46 ـ بەت.

⑥ كلىمكېيت (گېرمانىيە) «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 45 ـ بەت.

⑦ گېئورگې گودېس (فرانسىيە) «يۇنان ۋە لاتىن ئەسەرلىرىنىڭ يىراق شەرق ھەققىدىكى قەدىمكى ھۆججەتلىرى توپلىمى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1987 ـ يىل نەشرى، 2001 ـ يىل 2 ـ بېسىلىشى، 6 ـ 8 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑧ ئا. ۋ. گابائىن (گېرمانىيە) «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى»، تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە تەھرىر ئىشخانىسى، 1989 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 10 ـ بەت.

⑨ كلىمكېيتنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 46 ـ بەتكە قاراڭ.

⑩ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىل، ئۇيغۇرچە، 1 ـ سان 140 ـ بەتكە قاراڭ.

(11) شياڭ يىڭجې «ئوتتۇرا ئاسىيا ئاتلىقلار مەدەنىيىتى»، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1996 ـ يىل، 3 ـ قېتىم بېسىلىشى، 22 ـ بەت.

(12) «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخىي مەدەنىيىتى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» 1998 ـ يىل 1 ـ سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، ئابدۇقېيۇم غوجىنىڭ «چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ئېسىل يادىكارلىقلار» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

(13) «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1981 ـ يىل 1 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى، 18 ـ 22 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

(14) «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1985 ـ يىل، 1 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى، 50 ـ 51 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

(15)، (16) يۇقىرىقى ژۇرنالغا قاراڭ.

(17) «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» 1998 ـ يىل 1 ـ سان، خەنزۇچە نەشرىدىكى ئابدۇقېيۇم غوجىنىڭ ماقالىسىگە قاراڭ.

(18) ۋاڭ چىڭبو «يىپەك يولى قىياتاش رەسىملىرى سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 138 ـ، 139 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

(19) يۇقىرىقى ئەسەر، 140 ـ بەت.

(20) ئابدۇقېيۇم غوجا «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى، 172 ـ، 173 ـ بەت.

(21) «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1998 ـ يىل، 1 ـ، 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرىدىكى توختى تۇراخۇننىڭ «يانبۇلاق مەدەنىيىتى ھەققىدە قىسقىچە بايان» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

(22) «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىل، 3 ـ، 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى 65 ـ، 66 ـ بەتلەرگە قاراڭ ھەم 2000 ـ يىل 1 ـ، 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرىدىكى لۇ ئېنگونىڭ «چاپچال مەدەنىيىتى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىدىكى 88 ـ، 89 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

(23)، (24) «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىل 4 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى، 45 ـ، 46 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

(25)، (26)، (27) «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىل 3 ـ، 4 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى 18 ـ، 19 ـ، 20 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

(28) «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى 35 ـ، 37 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

(29)، (30) ۋاڭ بىڭخۇا «يىپەك يولى ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 1996 ـ يىل 2 ـ قېتىم بېسىلىشى، 217 ـ، 224 ـ بەتلەرگە قاراڭ.


(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# «تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر»دىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

تۇرپان ——تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىغا جاي-
لاشقان ئويمانلىق بولۇپ، يىراق قەدىمكى تاش قوراللار
دەۋرىدىن ئىلگىرىلا ئىنسانلار بۇ جايدا پائالىيەت ئېلىپ
بارغان. شۇنداقلا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەج-
دادلىرىنى شەكىللەندۈرگۈچى ئۇرۇق-قەبىلىلەر بۇ
ئىسسىق بوستانلىقتا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ھەم
ھەر خىل ھۈنەر-كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىش جەر-
يانىدا ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت-سەنئەت نەمۇنىلىرىنى
بەرپا قىلىپ، يۇرتىمىز مەدەنىيىتىگە مۇناسىپ تارى-
خىي تۆھپىلەرنى قوشقان.

بىزگە مەلۇم، ئۇزاق ئەسىرلەرگىچە دۇنياغا ئۇن-
چىۋالا مەلۇم بولمىغان ھەم ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن «-
سىرلىق رايون»، «يوشۇرۇن ئۆلكە» دېگەندەك ناملار
بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن يۇرتىمىز شىنجاڭ كېيىنكى
ۋاقىتلاردا پۈتۈن دۇنيانى، بولۇپمۇ ياۋروپالىقلارنى ئۇ-
زىگە بەكمۇ قىزىقتۇردى. 18-، 19-، 20-ئەسىر-
لەردە ئۇلار بۇ جايغا ئارقىمۇ ئارقا ئارخېئولوگىيىلىك
قېزىپ تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنى ئەۋەتىپ ھەم يۇرتى-
مىزدىكى قەدىمگاھلاردا خالىغانچە قېزىپ تەكشۈرۈش-
لەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى
يادىكارلىقلىرىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك باي-
لىقلارنى تاپتى ھەمدە ئۇنى تۆگىلەرگە ئارتىپ،
كارۋان بىلەن ياۋروپاغا ئېلىپ بېرىپ، ياۋروپا ئەل-
لىرىدىكى خەلقئارالىق داڭلىق مۇزېيلارنى كىشىنىڭ
كۆزىنى چاقناتقۇدەك دەرىجىدە ئاجايىپ بېيىتىۋەتتى.
مەسىلەن، ياپونىيىلىك توكوجىرو (Nishi Tokojiro 1847—1912)، ئوتانى كوئول (大谷光瑞)
، تسۇتومۇ (Hino Tsutomu 1866—1920)؛ روسىيىلىك كوزلوۋ (Pyotr Kuzmich kozlov 1863—1935)
، ئولدىنبۇرگ (Sergei Fedorovich Oldenburg 1863—1934)؛ ئەنگلىيىلىك يۇڭ خوسباند
(Sir Edvard Firancis Young husband 1863 - 1942)، ستېيىن (Sir Aurel Stein 1862 - 1943)
؛ شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن (Sven Anders Hedin 1865 - 1952)؛ فرانسىيىلىك پېللىئوت (Paul Pelliot 1878 - 1945)؛ گېرمانىيىلىك گرۈنۋېدېل
(Albert Grünwedel 1856 - 1935)، لېكوك (Albert Von LeCoq 1860 - 1930) ۋە ئامېرىكىلىق
موڭغۇل نەسلىدىن بولغان لاتتىمور (Owen Lattimore) قاتارلىق يۈزلەرچە چەتئەللىك ئارخېئولوگ
، ئېكسپېدىتسىيىچى ھەم ساياھەتچىلەر ئارقا-ئارقى-
دىن شىنجاڭغا كېلىپ، قەدىمكى زامان ئىنسانىيەت
مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ نادىر نەمۇنىلىرىنى تاپتى ھەم قارا
يەر ئاستىغا كۆمۈپ ياتقان خوتەن، كۇچا ۋە تۇرپان قا-
تارلىق جايلاردا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈ-
رۈشلەرنى ئېلىپ باردى. روسىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا
، فرانسىيە، ياپونىيە، شىۋېتسىيە، دانىيە قاتارلىق
ئىلىم-پەن تەرەققىياتى ئالغا كەتكەن ئەللەرنىڭ بەزى-
سى شىنجاڭغا 3-4 نۆۋەت، ھەر نۆۋەتتە بىر نەچچە
ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئەۋەتكەن. ئەۋەتىلگەن بۇ
خادىملارنىڭ بەزىسى بىر يىل، بەزىسى 3-4 ئايدىن
مۇقىم تۇرۇپ، يۇرتىمىزدىكى قەدىمكى شەھەر-قەلئە
خارابىلىرى، ئىپتىدائىي قەبرە-يادىكارلىقلار ھەم
سىرلىق قەدىمگاھلاردا پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا
قېزىپ تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە ئۇلار
ئەسىرلەردىن بۇيان قارا يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ ياتقان
نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە مول مەدەنىيەت مى-
راسلىرىمىزنى يورۇقلۇققا چىقىرىپ، خەلقئارادىكى
تۈركشۇناس-تۇرپانشۇناس-ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ تەت-
قىق قىلىشىغا مۇراجەت قىلدى. قەدىمكى ئۇيغۇر مە-
دەنىيىتىگە ئائىت مۇنداق مول مەدەنىيەت يادىكارلىق-
لىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئۈچۈن
يۇرتىمىز شىنجاڭغا كەلگەن ئېنگلىز، نېمىس، ف-
رانسۇز، رۇس، ياپون، ماجار، دانىيە، فىنلاندىيىلىك
ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرى كېيىنكى ۋاقىتتا ئۆز
تەكشۈرۈش ئىشلىرىنىڭ مول نەتىجىلىرى توغرىلىق
ھەر خىل تىل-يېزىقلاردا كۆپلىگەن ئىلمىي تەتقىقات
ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى
دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ
دىققەت-ئېتىبارىنى بىردىنلا ئۆزىگە جەلپ قىلغان



2005.2

بولسىمۇ، لېكىن ئەسىرلەردىن بۇيان فېئودالىزم، خوراپاتلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئۇخلاپ ياتقان مەزلۇم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ چوڭ تەتقىقات ئىشلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان ئىدى. پەقەت 1950 ــ يىللاردىن بولۇپمۇ 1980 ــ يىللاردىن كېيىنلا بۇ ھەقتە مەلۇم خەۋەر تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىدى. بۇ ئىنتايىن خۇشاللىنارلىق ئىشتۇر.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1953 ــ يىلدىن باشلاپ ھازىرغىچە تۇرپان رايونىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، مىڭئۆيلەر، بۇددىزم يادىكارلىق ئورۇنلىرى ۋە قاراغوجا، ئاستانە قاتارلىق مەشھۇر قەدىمكى قەبرىستانلىقلار تەكشۈرۈپ، قېزىلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپاندىكى قوچو قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى قاراغوجا ۋە ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ قېزىش خىزمىتى ئەڭ گەۋدىلىك خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى قەبرىستانلىقتا ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان چوڭ كۆلەملىك ئون نەچچە نۆۋەتلىك قېزىشتا 500گە يېقىن قەدىمكى قەبرە قېزىلدى. قېزىش نەتىجىسىدە بۇ قەبرىستانلىقلاردىن ھەر خىل تىل ــ يېزىقلاردا پۈتۈلگەن خەت ــ چەك، ۋەسىقىلەر، يۇڭ يىپ ۋە يىپەك، پاختا توقۇلمىلار، لاي، ياغاچتىن ياسالغان ھەيكەل، قورچاقلار، سىزما رەسىملەر، ساپال قاچىلار، مېتال ۋە ياغاچتىن ياسالغان قورال، سايمان ــ ئەسۋابلار، مېۋە ــ چېۋە، يەل ــ يېمىش قالدۇقلىرى، زىرائەت دانلىرى، تەييار يېمەكلىكلەر، ئۆسۈملۈك دورىلار، دورا كومىلاچلىرى، رېتسېپلار، كىيىم ــ كېچەك تىزىملىكى ۋە قەبرە تەزكىرىلىرى قاتارلىقلار تېپىلىپ، ئارخېئولوگلارنى ھەيران قالدۇردى. 1960 ــ يىللاردىن باشلاپ قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ھەققىدە ئازدۇر ــ كۆپتۇر ئىلمىي ماقالە ۋە تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى (ئاساسەن خەنزۇچە) ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. 1981 ــ يىلدىن باشلاپ ھازىرغىچە جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى تۇرپاندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلارنى قايتا رەتلەپ، «تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر» (吐鲁番出土文书) دېگەن نام بىلەن ئون ئىككى قىسىم كىتاب نەشر قىلىندى①. بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى مول، چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە، ساقلىق ساقلاش، دورىگەرلىك تارىخىغا دائىر مەزمۇنلار بار. شۈبھىسىزكى، بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى زامانلاردىكى داۋالاش، دورىگەرلىك ساھەسىدىكى ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

## 1. سەھىيە ۋە ساقلىقنى ساقلاشقا دائىر مەلۇماتلار

تۇرپاندىكى ئاستانە ۋە قاراغوجىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قەبرىستانلىقتىن ئاخىرەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە قويۇلغان نەرسە ــ كېرەكلەر قاتارىدا يەنە زور مىقداردىكى يازما يادىكارلىقلارمۇ تېپىلغان. مانا شۇ قولىيازمىلاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش، توپ ئويناش، ئېغىز چايقاش، چىش يۇيۇش، ئاياللار ھېيز (ئادەت) كۆرگەندە سالامەتلىكىنى قانداق ئاسراش ئۈچۈن ھېيز خالتىسىنى (月经带) ئىشلىتىش قاتارلىقلارمۇ خاتىرىلەنگەن. ھەتتا بەزى قەبرىلەردىن ئەجدادلىرىمىز ئۆز دەۋرىدە بەدەن چېنىقتۇرۇپ ئوينىغان توپلارمۇ تېپىلغاندىن باشقا، ئاخىرەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە ئۆلگۈچى بىلەن بىللە قويۇلغان كىيىم ــ كېچەك تىزىملىكىدە «پالانى بېگىم... ياكى پوكونى خېنىمنىڭ مۇنچە قۇر كىيىم ــ كېچىكى بىلەن بىللە بىر دانە توپ قويۇلدى...» دېگەندەك سۆزلەرمۇ خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، (1) 59TAM 305 : 8 ــ (تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقى 1959 ــ يىل 8 ــ رايون 305 ــ نومۇرلۇق قەبرە) نومۇرلۇق قەبرىدىن: «ئالدىنقى چىن سۇلالىسى جەنيۈەن 20 ــ يىلى (مىلادىيە 384 ــ يىلى)... قاتارلىق كىيىم ــ كېچەكلەر بىلەن بىللە بىر توپ قويۇلدى».

(2) 75TAM 99 : 7 ــ نومۇرلۇق قەبرىدىن: «جيەنپىڭ 6 ــ يىلى (مىلادىيە 391 ــ يىلى) جاڭ شېرۇڭنىڭ كىيىم ــ كېچىكى بىلەن بىللە بىر توپ قويۇلدى».

(3) «ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسى جيەنچۇ 14 ــ يىلى (مىلادىيە 418 ــ يىلى) خەنچۇڭنىڭ خوتۇنىنىڭ كىيىم ــ كېچىكى بىلەن بىللە بىر توپ قويۇلدى».

(4) «شىمالىي لياڭ سۇلالىسى جىن شىڭ 7 ــ يىلى (مىلادىيە 425 ــ يىلى) سۈڭياڭنىڭ خوتۇنى گۈي يېرۇڭنىڭ كىيىم ــ كېچىكى بىلەن

بىللە بىر توپ قويۇلدى » .

( 5 ) 63 TAM 2 : 1 – نومۇرلۇق قەبرىدىن: «شىمالىي لياڭ يەنخې 6 – يىلى ( مىلادىيە 437 – يىلى) دىڭاڭنىڭ كىيىم – كېچەكلىرى بىلەن بىللە بىر توپ قويۇلدى » .

( 6 ) 75 TKM 90 : 19 – نومۇرلۇق قەبرىدىن: «يۇڭكاڭ 17 – يىلى ( مىلادىيە 482 – يىلى ) قوچولۇق ئاشۇنتيەننىڭ كىيىم – كېچەكلىرى بىلەن بىللە بىر توپ قويۇلدى » .

( 7 ) «قوچو چاڭخې 18 – يىلى ( مىلادىيە 548 – يىلى ) . . . نىڭ كىيىم – كېچەكلىرى بىلەن بىللە بىر توپ قويۇلدى » . . . دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۆلگۈچى بىلەن بىللە ئاخىرەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە قويۇلغان مال – مۈلۈك ھەم كىيىم – كېچەكلەر تىزىملانغان يۇقىرىقىدەك ۋەسىقىلەردە «توپ » دېگەن سۆز 踏鞠 ، 踏臼 ، 踏后 دېگەن خەتلەر بىلەن خاتىرىلەنگەن ھەم ئۇ خەتنىڭ ئالدىغا ئۇنىڭ ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان « 故 » ( ۋەقە، مەرھۇم، ۋاپات بولدى دېگەن مەنىلەردىكى ) خېتى قوشۇپ يېزىلغان. بۇ مەلۇماتتىن قارىغاندا ئۆلگۈچىلەر توپ ھەۋەسكارى يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى بولۇپ، توپ ئويناش ، بەدەن چېنىقتۇرۇش ، سالامەتلىكنى ئاسراش جەھەتتە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىدە گەپ يوق. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ چەۋگەن توپ ئويۇنى تۇرپان ئويمانلىقىدا قەدىمكى دەۋرلەردىلا خېلى كەڭرى تارقالغان ھەم ئاقسۆڭەك، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىدىن تاشقىرى پۇقرالار ئىچىدىمۇ ئومۇملاشقان ② .

1970 – يىللاردىن كېيىن تۇرپان رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە چەۋگەن توپقا دائىر ۋەسىقىلەر، توپ، توپ خالتىسى تېپىلىپلا قالماي، بەلكى ئاتلىق چەۋگەن توپ ئويناۋاتقان تەنھەرىكەتچى قىياپىتىدىكى لاي ھەيكەللەرمۇ تېپىلغان ③ . تارىخىي خاتىرىلەردىمۇ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ چەۋگەن توپقا ماھىرلىقى، ئەر – ئاياللار ئوخشاشلا مەيدانغا چۈشۈپ مۇسابىقىلىشىدىغانلىقى، ئوتتۇرغان تەرەپ ئۇتقان تەرەپنىڭ تەلىپىنى ئىجرا قىلىدىغانلىقى زىكرى قىلىنغان.

ئاستانە، قاراغوجا قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر جۈملىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تىزىملىكىدىن قارىغاندا، مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال ئېنىق بولىدۇ: بىرىنچىدىن، قەدىمكى قوچولۇقلار (ئۇيغۇرلار ) ئىچىدە ئۆلۈم – يېتىم بولغاندا مېيىتنى پاكىز يۇيۇپ (يەنى ئۆلگۈچىنىڭ روھى قايتا تىرىلگەندە كېسەل بولمايدۇ ، ساق – سالامەت بولىدۇ دەپ قاراپ ) ، كېپەنلەپ ئاندىن يەرلىكىگە قويغان. بولۇپمۇ تازىلىققا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. ئاندىن ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا كىيگەن كىيىم – كېچەكلىرى، ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرى، مەسىلەن، توپ، توپ كالتىكى قاتارلىقلارنى ئاخىرەتلىك بۇيۇم دەپ ئۆلگۈچىنىڭ يېنىغا بىللە قويغان؛ ئىككىنچىدىن، قەدىمكى قوچولۇقلار ئىچىدە ئەر – ئاياللار چەۋگەن توپ ئويناش، يۈگرەش، بەدەن چېنىقتۇرۇش، كېسەللىككە قارشى ئىممۇنىتېتلىق كۈچىنى ئاشۇرۇش، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش، كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش قاتارلىق سەھىيە ساقلىقنى ساقلاشقا دائىر تېبىبىي بىلىملەر خېلى چوڭقۇر ئومۇملاشقان. يەنى ھايات — ھەرىكەتتە، ھەرىكەت تەن ساغلاملىقنىڭ ئاساسى دېگەن ئىپتىدائىي تېبىبىي چۈشەنچە شۇ زامانلاردىكى قوچولۇقلار ئىچىدە بىخ سۈرۈپ چىققان. مىلادىيە 3 –، 4 – ئەسىرلەردىكى قەبرىلەردىن تېپىلغان چەۋگەن توپ ئويناش، بەدەن چېنىقتۇرۇش، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىقلارغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار ئۇيغۇرلارنىڭ تېبىبىي ئىلىمگە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىدىغان مەدەنىيەتلىك خەلق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ماددىي پاكىتتۇر.



رەسىم: چەۋگەن توپ يەنى ئات توپى ئويناۋاتقان تەنھەرىكەتچى

تازىلىقتا رەھبەرلىك قىلىش — كېسەلدىن مۇدا-
پىئەلىنىش ۋە سالامەتلىككە كاپالەتلىك قىلىش-
نىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى، شۇنداقلا قەدىمكى مەدە-
نىيەتنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى. تۇرپاندىن تېپىل-
غان ۋەسىقىلەر ئىچىدە «هارام گۆش» (ئۆزى ئۆل-
گەن مال- چارۋا) ۋە هالال گۆش (كىشىلەر بو-
غۇزلىغان يېڭى گۆش) كە ئائىت خاتىرىلەرمۇ پۈ-
تۈلگەن. يەنى قەدىمكى تۇرپان ئاھالىلىرى هارام
گۆش بىلەن هالال گۆشنىڭ ئىنسان بەدىنىگە بول-
غان تەسىرى ۋە پەرقىدىن ئىبارەت مۇھىم بىر سە-
ھىيە ساۋادىنىمۇ بىلىپ يەتكەن. خۇددى خەن دەۋ-
رىدىكى قەدىمكى مەشھۇر تېبىبىي ئەسەر «زىرقۇتا
رېتسىپلىرى بايانى» (金匮要略) دا: «پاكىز
بولمىغان تاماق، يۇراپ قالغان گۆش، سېسىق
بېلىق قاتارلىقلارنى يېگۈچىلەر كېسەلگە گىرىپتار
بولىدۇ، ئۆزى ئۆلگەن هايۋان چوقۇم كېسەل بىلەن
ئۆلگەن بولىدۇ، بۇنداق گۆشتە زەھەر بولىدۇ. شۇڭا
بۇنداق گۆشلەرنى يېيىشكە هەرگىز بولمايدۇ» دەپ
پۈتۈلگەندەك، قوچو ئۇيغۇر هۆكۈمرانلار تەبىقە-
سىدىكىلەرمۇ مەخسۇس قاسساپلار سويغان يېڭى
گۆشلەرنى ئۆزلىرى ئىستېمال قىلىپ، كونا،
يۇراپ قالغان ناچار گۆشلەرنى نامرات- يوقسۇللارۋە
گۆشخورلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا بەرگەن.
بەلكى كېسەل يۇقۇشتىن، ئاغرىپ قېلىشتىن
قورقۇپ ئۆزلىرى هەرگىز ئىستېمال قىلمىغان.
مەسىلەن، 9 : TAM 50 66 - نومۇرلۇق قەبرىدىن
تېپىلغان ۋەسىقە ئىچىدىكى «قوچو چوڭگۇاڭ 3 -
يىلى (مىلادىيە 622 - يىلى) ماددىسى خۇيازمۇ
قاتارلىقلارنى مەخسۇس يېمەكلىكلەر بىلەن تە-
مىنلەش ھېساباتى. ئىككىنچى» دە: «10 - ئاينىڭ
30 - كۈنى، خۇيازمۇ ئۈچ جىڭ يېڭى گۆش بىلەن
مەخسۇس تەمىنلەندى. مەلىكە ئۈچ قاچا ئۆگرە ئاش
ئىستېمال قىلدى. ئىككىنچى قەسىردىكىلەرگە
سەككىز جىڭ يېڭى گۆش بېرىلدى. ئۇنى خان
جەمەتىدىن بولغان بېگىم- خېنىملار ئىستېمال
قىلدى. كاڭغا ئۈچ جىڭ يېڭى گۆش، 13 جىڭ
هارام گۆش، 19 كۈرە ئۇن بېرىلدى، جەمئىي 15
نەپەر ياقا يۇرتلۇق تەمىنلەندى. . . » دەپ پۈتۈلگەن
. ئارخېئولوگلارنىڭ قارىشىچە بۇ ۋەسىقىدە تىلغا
ئېلىنغان يېڭى گۆش دېيىلگىنى قاسساپلار بو-
غۇزلاپ سويغان (هالال) گۆشنى، هارام گۆش دې-
يىلگىنى ئۆزى ئۆلگەن (هارام) گۆشنى كۆرسە-
تىدىكەن. بۇ ۋەسىقىدە تىلغا ئېلىنغان يۇقىرىدى-

كى ئىككى خىل گۆشنىڭ پەرقى روشەن كۆرسە-
تىلگەنلىكىدىن شۇنداق بىر ئۇقۇم ناھايىتى ئې-
نىقكى، ئوردا- قەسىردە باياشات ياشايدىغان ئەر-
كە- ناياناق مەلىكە خېنىملار بىلەن باي- ۋەچچە،
پۇلدار بەگلەر ئىستېمال قىلغىنى يېڭى (هالال)
گۆش، يوقسۇل پۇقرالار ئىستېمال قىلىدىغىنى
ئۆزى ئۆلگەن (هارام) گۆش بولغان. يۇقىرى تە-
بىقىدىكى ئاقسۆڭەك هۆكۈمرانلار سىنىپى كېسەل
يۇقۇشتىن قورقۇپ، ئۆزى ئۆلگەن (هارام) گۆشنى
هەرگىزمۇ ئىستېمال قىلمىغان. بەلكى تازىلىقتا،
يېمەك- ئىچمەككە دىققەت قىلىپ، كېسەلدىن
مۇداپىئەلىنىش، ساقلىنىشنى ساقلاشتا ئەھمىيەت
بېرىپ، سەھىيە تەلىپىگە ماس كېلىدىغان يېڭى
گۆش بىلەن ئۆگرە، تۈگرە، پۈرە، تۈگمە، تۇرمەل
، ئاقئاش (لەغمەن) يېگەن. ئوردا خوجىدارلىرى ۋە
ئامبارچىلار سىرتتىن كەلگەن ياقا يۇرتلۇقلار ۋە
يوقسۇل پۇقرالارنى ئۆزى ئۆلگەن (هارام) گۆش
بىلەن تەمىنلىگەن. نامرات، يوقسۇللار بۇنداق
سالامەتلىككە زىيانلىق بولغان، تازىلىق ئۆلچىمە-
گە يەتمىگەن ناچار گۆشلەرنى ئىستېمال قىلىشتا
مەجبۇر بولغان، بەلكى بۇنداق كېسەل بىلەن ئۆل-
گەن (هارام) گۆشلەرنىڭ سالامەتلىككە زىيانلىق
بولۇپلا قالماي، بەلكى تۈرلۈك كېسەللەرنى تارقى-
تىش، يۇقتۇرۇش، بەدەننى زەھەرلەش، يېڭى ھەم
يۇقۇملۇق كېسەللەرنى پەيدا قىلىشتەك يامان ئا-
قىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ،
لېكىن كۈن ئۆتكۈزۈپ هاياتنى ساقلاپ قېلىش
ئۈچۈنلا ئىستېمال قىلىشتا مەجبۇر بولغان. بۇ
ئەينى ۋاقىتتىكى قوچو خان ئوردىسىدىكى هۆ-
كۈمران تەبىقىلەرنىڭ پۇقرالار ئۈستىدىن يۈر-
گۈزگەن سىنىپىي زۇلۇمىنىڭ روشەن ئىپادىلە-
رىدىن بىرى، خالاس.

تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر ئىچىدىكى
بەزى پۈتۈكلەردە، ماخاۋ كېسىلى قاتارلىق يامان،
يۇقۇملۇق كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ، ئۆزۈن-
غىچە ساقايمىغانلارغا قانۇنىي جەھەتتىن چارە كۆ-
رۈش، جازالاش ھەققىدىمۇ خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.
شۇ دەۋردىكى هۆكۈمرانلار سىنىپى بۇنداق جاھىل
خاراكتېرلىك كېسەللەرنىڭ يامراپ كېتىش،
ئۆزلىرىگە يۇقۇشىدىن قورقۇپ، بۇ خىل كېسەل-
لەرگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ ئېغىرلىرىغا ئۆ-
لۈم جازاسى، يېنىكلىرىگە ئىقتىسادىي جازا بېرىش
ھەققىدە مەخسۇس قانۇن تۈزۈپ، ئۇنى قاتتىق

ئىجرا قىلغان. ھەتتا يۇقۇملۇق كېسەلى بارلارنى توي - تۆكۈن، مۇراسىم، ھېيت - بايرام ۋە شۇ خىلدىكى ئاممىۋىي سورۇنلارغا قاتنىشىشقا قەتئىي رۇخسەت قىلمىغان. ناۋادا يوشۇرۇن قاتناشقانلار بايقالسا، ئۇلارغا قوي، كالا ۋە ئاقچا تۆلەش جەرىمانىسى قويۇپ ئىجرا قىلغان.

تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر ئىچىدىكى يەنە بەزى پۈتۈكلەردە يۇقۇملۇق كېسەللەرنى قاتتىق چەكلەش چارىسىنى قوللانغانلىقى ھەققىدىمۇ خاتىرىلەر پۈتۈلگەن. ئۇنىڭدا يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ مەنبەسىگە قارىتا چەك قويۇش، كېسەللەرنىڭ قالايمىقان ھەرىكەت قىلىشىغا، ئاممىۋى سورۇنلارغا بېرىشىغا يول قويماسلىق، ئۇلارنى ساغلام كىشىلەردىن ئايرىپ تۇرغۇزۇش، كىشىلەرگە ئارىلاشتۇرماسلىق، يۇقۇملۇق كېسەللەردىن مۇداپىئەلىنىش ھەم يۇقۇملىنىش، تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە بىر قاتار پەرمانلارنى چىقارغان ھەم قاتتىق ئىجرا قىلغان. بۇ ۋەسىقىلەردىكى سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاشقا دائىر مۇنداق مەزمۇنلاردىن بۇنىڭدىن 1500 يىللار ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانچىلىك دەرىجىدىكى تېببىي بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، سەھىيە، داۋالاش ئىشلىرىغا قانداق ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنلىكىنى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر ئىچىدىكى بەزى پۈتۈكلەردە كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش، يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇنداق بەلگىلىمىلەرمۇ چىقىرىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. يەنى شەھەر ئىچى ۋە ئاھالىلەر بىر قەدەر زىچ ئولتۇراقلاشقان جايلارغا سىرتتىن كەلگەنلەر بولسا، ئۇلار ئىچىدىكى كېسەلى بارلارنى ياتاق، تاماق بىلەن تەمىنلىمىگەن. بەلكى كېسەلى باشقىلارغا يۇقۇشتىن ئەنسىرەپ ئۇلارنى يىراق جايلارغا ھەيدىۋەتكەن. بولۇپمۇ ياقا يۇرتلاردىن كەلگەن سودىگەر ھەم تىجارەتچىلەرگە قاتتىق چەك قويۇپ، كېسەلى بار ياكى سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلارنى شەھەر، بازارلاردا تۇرۇشقا يول قويمىغان. ياقا يۇرتلۇقلار كېسەل بولۇپ قالسا، شۇ كۈنىلا يىراققا قوغلانغان. قوچو ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرى بۇ خىل چارىنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئۆز ئۇرۇق - تۇغقان ھەم ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ بالا - قازاغا يولۇقۇشىدىن ساقلىنىپلا قالماي، بەلكى شەھەر، بازار ئاھالىلىرىنىڭ كېسەل بولۇش نىسبىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئازايتقان.

تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر ئىچىدىكى چوڭگۇاڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 621 - يىلى) «قوچودا گۇناھىغا توۋا قىلىپ ئادەم بولغان شەنجاۋ قاتارلىقلارنىڭ رويخېتى»دە، بەن خۇەنچۇ قاتارلىق يەتتە ئادەمنىڭ تىزىملىكى يېزىلغان. ئۇلارنىڭ ئىسمى، يۇرتى، كەسپى قاتارلىقلار تەپسىلىي يېزىلغاندىن تاشقىرى، ئۇلار ئىچىدىكى كېسەلى بارلارغا «كېسەل» دېگەن خەت ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويۇلغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كېسەل دەپ ئىزاھات بېرىلمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى سالامەتلىكى ياخشى، يۇقۇملۇق كېسەلى يوقلارنى كۆرسىتىدۇ. مېدىتسىنا ۋە سەھىيە تارىخىي نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ رويخەت ئەمەلىيەتتە ئېلىمىز بويىچە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن پۇقرالارنىڭ ئەڭ قەدىمكى سالامەتلىكىنى خاتىرىلەش جەدۋىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاستانىدىكى 170 - نومۇرلۇق قەبرىگە قوچولۇق جاڭ خۇڭ، ئۇنىڭ خوتۇنى شياۋزى ۋە تۇغقىنى جىڭفېي ئۈچ كىشى بىرلىكتە دەپنە قىلىنغان. بۇ قەبرىدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر ئىچىدىكى جاڭخې 13 - يىلىدىكى شياۋزىنىڭ كىيىم - كېچەك تىزىملىكىگە «مەرھۇمنىڭ ئۆسۈملۈك تالاسىدىن ئىشلەنگەن ھېيز (ئادەت) خالتىسى (月经带) ئىككى تال، ئۇلۇغ تەرەپنىڭ يۇقىرىسىغا قويۇلدى. بىلىشىمىزچە مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا بۇ ئىككى ھېيز خالتىسىنى ئىشلىتىپتىكەن». جاڭخې 18 - يىلى (مىلادىيە 548 - يىلى) جىڭفېينىڭ كىيىم - كېچەك تىزىملىكىدە «ھېيز خالتىسىدىن ئىككى جۈپ بار» دېگەن سۆزلەر پۈتۈلگەن ھەم ئەينى ۋاقىتتىكى ھېيز خالتىسى دېگەن خەت «丑衣» يېزىلغان. ئارخېئولوگلار بۇ خەتنى بۈگۈنكى كۈندىكى «月经带» دېگەن خەتكە توغرا كېلىدۇ دەپ يەكۈنلىگەن. ھازىرغىچە ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرى قېزىپ تاپقان ئەڭ بۇرۇنقى ھېيز خالتىسى قوچو شەھىرى ئەتراپىدىكى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى كېنىزىكى (ئوردا خېنىمى) خۇاڭ شىڭ (مىلادىيە 1243 - يىلى ئۆلگەن) نىڭ قەبرىسىدىن تېپىلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 69 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 11 سانتىمېتىر كېلىدىغان يۇمشاق رەختتىن تىكىلگەن ھەم ئۇ خۇن (قان) غا مىلەنگەن ھالەتتە تېپىلغان. ئەمما تۇرپاندىن تېپىلغان ھېيز

2005.2

خالتىسى مىلادىيە 548 ـ يىلىغا تەئەللۇق بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تېپىلغىنىدىن كام دېگەندىمۇ 700 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تارىخىي پاكىت قوچو ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ تازىلىققا رىئايە قىلىدىغان، ئاياللار كېسەللىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان، قەدىمدىنلا مەدەنىيەتلىك ھەم پاكىز كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئاستانە ۋە قاراغوجا قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان بۇنداق ھېيز خالتىلىرىنىڭ ھەممىسى خوتۇن ـ قىزلار دەپنە قىلىنغان قەبرىلەردىن تېپىلغان. بۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئاددىي بىر نەرسە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى شۇ مىللەتنىڭ تېبىبىي ساۋاتقا، كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىشكە، ساقلىق ساقلىشىغا بولغان تونۇشىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان بىر ماددىي پاكىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر ئىچىدىكى بەزى يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلەش ھېساب ـ كىتاب دەپتەرلىرىدە ئاشلىقنىڭ تۈرى، سانى، ئىستېمال قىلىنغان كىشىلەر سانى، كۈن سانى، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ئىسمى خېلى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. ئارخېئولوگلار تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بۇلارنى ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىستېمال مىقدارى ھەم ئوزۇقلۇق ماددىسى خاتىرىلەنگەن كونكرېت ماتېرىيال دەپ قارىغان. بۇمۇ ئەمەلىيەتتە سەھىيە ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بىر مەزمۇن بولۇپ، بۇلارنى قەدىمكى تۇرپان ئاھالىسىنىڭ كىيىم ـ كېچىكى، يېمەك ـ ئىچمىكى ۋە تۇرالغۇ ئۆي شارائىتى قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغاندا، ئەلۋەتتە كىشىلەرنىڭ ساقلىق ساقلاش، سالامەتلىك ئەھۋالى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 2. دورا ـ دەرمەك سودىسىغا دائىر مەلۇماتلار

تۇرپان ئويمانلىقى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب، شىمالدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سودا يولىنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرق، غەرب قاتنىشى ئۆزئارا كېسىشىدىغان ھەم غەرب ئەللىرى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ سودا كارۋانلىرى چوقۇم بېسىپ ئۆتىدىغان ئۆتەڭ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ جاينىڭ سودا ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان، خەلق ئېھتىياجلىق مال مەنبەلىرى مول بولۇپلا قالماي، بەلكى دورا ماتېرىياللىرى سودىسىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلىپ، كۆلىمى خېلى زور بولغان. قوڭغۇراق ئاۋازىنى ياڭرىتىپ قويرۇقى ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇرىدىغان تۈركۈم ـ تۈركۈم سودا كارۋانلىرى غەربىي رايوننىڭ يەرلىك دورا ماتېرىياللىرىنى شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا، كىچىك ئاسىيا، ھىندىستان ۋە ئەرەب ئەللىرىدىن ئىمپورت قىلىنغان دورا ماتېرىياللىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ، قىممەت باھادا سېتىپ زور پايدىغا ئېرىشكەن. مەسىلەن، تۇرپان ئاستانىدىكى 514 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر ئىچىدىكى دورا ماتېرىياللىرى سودىسىغا دائىر ھۆججەتتە (ھۆججەت نومۇرى $TAM_{514}$، 73، 1/2، 2/2، 2/3، 2/4، 2/5، 2/6، 2/9، $M_{514}$، 2/11، $M_{514}$، 2/8)، بىر قېتىملىق دورا سودىسى ئەھۋالى مۇنداق پۈتۈلگەن:

«شۆبەن ساتقان پۇراقلىق دورا ماتېرىياللىرى 572 جىڭ، شۆ بەن ساتقان توش 鍮石 300 جىڭ، ئەن (؟) ساتقان نۇشۇدۇر 172 جىڭ، قائبۇل (؟) ساتقان پۇراقلىق دورا ماتېرىيالى 252 جىڭ، ساۋ پويەن ساتقان نۇشۇدۇر 50 جىڭ، كاڭ ۋۇتى ساتقان كۇركۇم يىلتىزى 87 جىڭ، شى مەنبەن ساتقان پۇراقلىق دورا ماتېرىيالى 362 جىڭ، شى مەنبەن ساتقان نۇشۇدۇر 241 جىڭ، ؟ ساتقان پۇراقلىق دورا ماتېرىيالى 800 جىڭ، ؟ ساتقان تاش ھەسىلى 石蜜 30 جىڭ، كائمۇ ساتقان نۇشۇدۇر 250 جىڭ، ؟ ساتقان پۇراقلىق دورا ماتېرىيالى 172 جىڭ، ؟ ساتقان پۇراقلىق دورا ماتېرىيالى 92 جىڭ، كائنيۇخېبەن ساتقان پۇراقلىق دورا ماتېرىيالى 650 جىڭ، كاڭ نيۇخېبەن ساتقان نۇشۇدۇر 201 جىڭ، نىچۇلياڭشاڭ ساتقان پۇراقلىق دورا ماتېرىيالى 50 جىڭ، ئەنپويىمىنيەن ساتقان پۇراقلىق دورا ماتېرىيالى 33 جىڭ» بولغان ④

يۇقىرىدىكى تارىخىي ھۆججەتكە پۈتۈلگەن بىر قېتىملىق دورا ھېساباتى ۋە مىقدارىنىڭ مۇنداق زور بولغىنىغا قاراپ، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ بىر يىللىق دورا سودىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە زور بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش ھەقىقەتەن قىيىن. يۇقىرىدىكى ھۆججەتتىكى دورىلار ئىچىدە پۇراقلىق دورا ماتېرىياللىرى ئەڭ كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، جەمئىي 2983 جىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. نۇشۇدۇر ئىككىنچى

ئورۇندا بولۇپ، 925 جىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. پۇراقلىق دورا ماتېرىياللىرى دېيىلگەندە، مەستەكى رومى، ئەن شىشيالڭ (安息香)، لوڭناۋشيالڭ (龙脑香)، 苏合香، 没药 ۋە 降真香 قاتارلىق پۇراقلىق دورا ماتېرىياللىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، ئۇ ھەر خىل پۇراقلىق دورىلار بىلەن دەرەخ يىلتىزى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدۇ ھەم جۇڭگوچە دورىلار ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تارىخىي خاتىرىلەردىن بىلىشىمىزچە، بۇ خىلدىكى دورىلار ئاساسەن ئوتتۇرا يەر دېڭىز ساھىلى ۋە جەنۇبىي ئوكيان ئاراللىرىدىن چىققان بولۇپ، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ھىندىستان، پاكىستان ۋە ئەرەبلەر ئارقىلىق غەربىي يۇرتقا ئېلىپ كىرگەن. بۇنىڭ بىر قىسمىنى غەربىي يۇرتتا سېتىپ، يەنە بىر قىسىملىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاپىرىپ سېتىپ، ناھايىتى زور پايدىغا ئېرىشكەن.

نۇشۇدۇر (قەبرىدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردە [illegible] دېگەن خەت بىلەن يېزىلغان) يەنى ئاممونىي خلورىد تەبىئىي كاندا بولۇپ، ئۇ تەڭرىتېغىدىن چىقىدۇ. تاڭ دەۋرىدە تۈزۈلگەن «يېڭىدىن تۈزۈلگەن دورا ئۆسۈملۈكلىرى» (مىلادىيە 659 ـ يىلى تۈزۈلگەن) دە: «نۇشۇدۇر غەربىي يۇرتتىن چىقىدۇ، تۈزلۇق، ئاچچىق ھەم زەھەرلىك (كۈچلۈك) بولۇپ، جاراھەت، غەلۋىرەك ۋە ئۆششۈقلارنى ساقايتىدىغان مۇھىم دورا» دەپ تۇنجى قېتىم كىتابقا كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما تاڭ دەۋرىدىن بۇرۇنلا ئۇيغۇر تېۋىپلىرى تەرىپىدىن داۋالاش ئەمەلىيىتىدە قوللىنىلغان ھەم ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تولۇق ئىگىلىۋېلىنغان، بەلكى تۇرپاندىلا نەچچە يۈز جىڭلاپ سېتىلغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ پۈتۈن غەربىي يۇرت دائىرىسىدە داۋالاش ئىشلىرىدا خېلى كەڭرى قوللىنىلغانلىقىدا گەپ يوق.

توشى (鍮石) داۋالاشتىكى مۇھىم دورىلارنىڭ بىرى بولۇپ، تېببىي ئالىم لى شىجېن، سۇي قاڭ يازغان «تاشقى تىلما دورا ئۆسۈملۈكلىرى» («外丹本草» 崔昉) دېگەن تېببىي ئەسەردىن نەقىل ئېلىپ: «بىر جىڭ مىس بىلەن بىر جىڭ كالامىن تېشىنى بىرلەشتۈرۈپ ئوتتا تاۋلىغاندىن كېيىن، بىر يېرىم جىڭ توشى ئالغىلى بولىدۇ، ھەقىقىي توشىنىڭ ئۆزى پارسلار زېمىنىدىن چىقىدۇ، سېرىق ئالتۇنغىلا ئوخشايدۇ. ئوتقا سېلىپ تاۋلىسىمۇ ھەرگىز قارىدىمايدۇ» دەپ يازغان. مەزكۇر دورىنىڭ ئۆششۈقنى ياندۇرۇپ، قىزىتمىنى قايتۇرۇش ئىقتىدارى ئۈنۈملۈك بولۇپ، تاڭ، سۇڭ دەۋرلىرىدىكى ئىچكى ئۆلكە تېۋىپلىرىنىڭ رېتسېپلىرىدا كۆزگە چېلىقمايدۇ. لېكىن بۇ دورىنىڭ مىلادىيە 548 ـ يىللىرىلا تۇرپاندا خېلى كەڭرى سېتىلغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تېۋىپلار تەرىپىدىن خېلى بۇرۇنلا داۋالاشتا ئىشلىتىلگەنلىكىدە شەك يوق.

كۇركۇم (郁金) مىللىيچە داۋالاشتا مۇھىم خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزىنى دورا ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مىلادىيە 659 ـ يىلى تۈزۈلگەن «يېڭىدىن تۈزۈلگەن دورا ئۆسۈملۈكلىرى» دېگەن كىتابتا تۇنجى قېتىم قەلەمگە ئېلىنغان ھەم ئىچكى ئۆلكە تېۋىپلىرى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن داۋالاشتا قوللىنىشقا باشلىغان. مەزكۇر دورا قاننى راۋانلاشتۇرۇپ، ئۆششۈقنى ياندۇرۇشتا ئۈنۈملۈك داۋالاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. لى شىجېن بۇ دورىنى ئۇدۇن ئېلىدىن چىقىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. بۇ دورىنىڭ قەدىمكى زامانلاردا غەربىي رايوندا كۆپلەپ سېتىلغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تېۋىپلار تەرىپىدىن خېلى بۇرۇنلا ئەمەلىي داۋالاشتا قوللىنىلغانلىقىدا ھېچقانداق گۇمانى قاراشلار يوق.

تاش ھەسىلى (石蜜) قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە قوللىنىلىدىغان مۇھىم دورا ماتېرىيالى بولسىمۇ، ئەمما ئىچكى ئۆلكە تېۋىپلىرى ئۇنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا بىلىپ يەتكەن ھەمدە تۇنجى قېتىم مىلادىيىنىڭ 659 ـ يىلى تۈزۈلگەن «يېڭىدىن تۈزۈلگەن دورا ئۆسۈملۈكلىرى» (新修本草) دېگەن كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ كىتابتا «تاش ھەسىلى سۇ كالىسىنىڭ سۈتى بىلەن گۈرۈچ ئۇنىنى بىرلەشتۈرۈپ قايناتقاندا قېتىشىپ، پۈتۈن بولىدۇ، ئۇنى قازان نېنىدەك چوڭلۇقتا پارچىلاپ ساقلايدۇ. ھاجەتمەنلەرنىڭ ئېسىل دورىسى بولىدۇ» دەپ يېزىلغان. لى شىجېن ۋەن جېن يازغان «چاڭجۇدىكى غەيرىي مەۋجۇداتلار تەزكىرىسى» (常州异物志) دېگەن كىتابتىن نەقىل كەلتۈرۈپ «تاش ھەسىلى ناۋات پارچىسىغا ئوخشايدۇ، تاشتەك قاتتىق، تەمىنىڭ تاتلىقلىقى خۇددى ھەسەلدەك بولغاچقا، قەدىمدىلا ئۇنىڭغا تاش ھەسىلى دەپ نام قويۇلغان» دەپ يازغان.

تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر ئىچىدە تىلغا ئېلىنغان يۇقىرىدىكى بەش خىل دورىنىڭ ئۈچ خىلى «يېڭىدىن تۈزۈلگەن دورا ئۆسۈملۈكلىرى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، بۇنىڭدىن قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر تېۋىپلىرى بايقىغان خېلى كۆپ دورا ماتېرىياللىرى ھەم بىر قىسىم رېتسېپلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە خېلى كەڭرى تارقالغانلىقى ھەم ئۇلارنىڭ جۇڭگو تېبابەتچىلىك ئىشلىرىغا

خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.
شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ داۋالاش، دورىگەرلىك بىلىملى-
رىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرگەنلىكىمۇ خېلى رو-
شەن تارىخىي پاكىت بولۇپ قالىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان (قەبرىدىن تېپىلغان،
تارىخىي ۋەسىقىلەرگە ئىسمى پۈتۈلگەن) دورا ساتقۇچى
كىشىلەرنىڭ ئىسمىدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ قەدىمكى
قوچو ئۇيغۇرلىرى ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق. مەسىلەن
، شەمى پەنجى، نىچۇلياڭشالىڭ دېگەن ئىسىملار خەنزۇلار
ئىسمىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. يەنە كالىڭ، ساۋ، ئەن
دېگەن فامىلىنى قوللانغانلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى توققۇز
جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىن قوچوغا كېلىپ يەرلەش-
كەنلەر ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چاڭئەن، لو-
ياڭ قاتارلىق جايلاردىكى تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ قەبرى-
لەردىن تۆگە يېتىلەپ ماڭغان hur 胡 ئۇيغۇرلار سىيا-
قىدىكى كىچىك ھەيكەللەر خېلى كۆپ تېپىلدى.
ھەتتا بەزى قەبرىلەردىكى كۆزى چوڭقۇر، بۇرنى ئېگىز
، ساقال - بۇرۇتلۇق، بەستلىك، قايرىما ياقىلىق جۇۋا
كىيىۋالغان ساپ ئۇيغۇر ئوبرازىدىكى جەسەتلەر يېنى-
دىن غەربىي يۇرتتا ئىشلەنگەن دورا - دەرمەكلەرمۇ تې-
پىلدى. مانا بۇ دورا - دەرمەكلەر بىلەن ئاستانىدىن
تېپىلغان ۋەسىقىلەردىكى مەزمۇنلارنى بىرلەشتۈرۈپ
تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئەمگەكچان، ئەقىل - پارا-
سەتلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭگو داۋالاش - دورىگەر-
لىك ئىلىمىنى بېيىتىش ھەم راۋاجلاندۇرۇشقا مۇھىم
تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلگەنلىكىنى ئېنىق
چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

### 3. رېتسېپ ۋە دورا ھەققىدىكى مەلۇماتلار

تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر ئىچىدە قىسمەن
قەدىمكى رېتسېپلار تېپىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن
ئەسىرلەرگىچە يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ ياتقان بولغاچقا،
رېتسېپ قەغەزلىرى چىرىپ، سېسىپ، يىرتىلىپ،
ئەسلى ھالىتىنى زادىلا ساقلاپ قالالمىغان، بەلكى
رەڭگى سارغىيىپ، سىيا ئىزلىرى ئۆڭۈپ ئۆچۈپ
ۋەيران بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەبرىلەردىن قېزىۋې-
لىنغان خەت - چەكلەر ئومۇمىيۈزلۈك رەتلەنمىگەچكە،
ئۇنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدۇق.

ئاستانىدىن تېپىلغان بىر رېتسېپنىڭ ئارانلا ئۈچ
قۇر خېتى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، باش قىسمى
چىرىپ، يىرتىلىپ كەتكەن، ساقلىنىپ قالغىنى
مۇنداق:

(1) «... ئۈزۈۋېچا مېغىزى ئىككى سەر، شۇ-
پىكى ئېلىنىۋېتىلىدۇ.

چوڭ چىلان 15 تال، ئۈزۈقچىسى ئېلىۋېتىلىدۇ.

بۇنى ئالتە ئوچۇم سۇغا سېلىپ قاينىتىدۇ....
ئىككى ئوچۇم قالغاندا سۈزۈپ، سىقىپ جەۋھىرى ئې-
لىنىدۇ.

بۇنى ئىسسىق، سوغۇققا ماسلاشتۇرۇپ ئىككى
قېتىمدىن ئىچىلىدۇ...»

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بەزى كىشىلەرنىڭ كۆز
ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقى، يەنە بەزىلەر-
نىڭ «ئېغىر كېسەل» ئىكەنلىكى (كېسەلنىڭ داۋامى
يېزىلغان جايلار يىرتىلىپ كەتكەن)، دورا ماتېرىيال-
لىرى ئۈچۈن ھۆكۈمەت جايلارغا بۇغا مۈڭگۈزى قاتار-
لىقلارنى ئالۋان سالغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللار خاتىرى-
لەنگەن.

(2) 9 : 30 TAM 24 - نومۇرلۇق قەبرىدىن
菱蕤丸 كومىلىچىدىن بىرسى تېپىلغان بولۇپ، ئۇ-
نىڭ ئېغىرلىقى 3.46 گرام، بېغىررەڭ، بۇ كومىلاچ
مەھكەم بىرىككەن بولۇپ، ئۈستىگە بارماق ئىزى
چىققان ھەم سىرتى ئاق كەندىر قەغىزىگە ئورالغان.

(3) 10 : 30 TAM 64 - نومۇرلۇق قەبرىدىن
菱蕤丸 كومىلىچىنى ئىچىش رېتسېپى چىققان بو-
لۇپ، ئارانلا قارا سىيادا يېزىلغان ئۈچ قۇر خەت ساق-
لىنىپ قالغان.

يەنى: «菱蕤丸 كومىلىچى ئاچ قورساققا ئىچى-
لىدۇ...

15 دانە كومىلاچ، تاماقتىن كېيىن ئىچىلىدۇ...

5 دانە كومىلاچ... پەرھىز تۇتۇلىدۇ».

1500 يىلدىن كۆپرەك يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان
بۇ تولۇقسىز (كەمتۈك) رېتسېپنىڭ مەزمۇنىنى
بىلىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما مىڭ سۇلالىسى
(1368 - 1644) دەۋرىدە ئۆتكەن لى مىڭيۈەن بىلەن لى
جۇڭشىن بىرلىشىپ يازغان «珍珠囊补遗药性遗
赋» ناملىق كىتاب بىلەن «雷公炮制药性解»
ناملىق كىتابتا يۇقىرىدىكى كومۇلاچنىڭ ئىسسىق يەل
، يۆتەل، كەم ماغدۇرلۇق، ئاشقازان ئاجىزلىق قاتارلىق
كېسەللەرنى ئاساسلىق داۋالايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان
. ئارخېئولوگلارنىڭ قارىشىچە، بۇ 菱蕤丸 كومىلى-
چىنىڭ تۇنجى قېتىم يەر ئاستىدىن تېپىلىشى
ئىكەن.

(4) 48 : 42 TAM 65 - نومۇرلۇق قەبرىدىن
تېپىلغان «يىڭنە سانجىش» ھەققىدىكى رېتسېپ
يۈڭخۇي 2 - يىلى (مىلادىينىڭ 651 - يىلى) دەپىن
قىلىنغان دۇ شاڭنىڭ قەبرىسىدىن تېپىلغان. بۇ

2005·2

رېتسېپىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغىنى قارا سىيادا يېزىلغان 10 قۇر خەتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئارخېئولوگلار ئۇنى سۈي، تاڭ دەۋرىدىن ئىلگىرى (يەنى 581 ـ يىلىدىن بۇرۇن) يېزىلغان رېتسېپ دەپ قارىغان. رېتسېپتا «丈夫失精中极» ۋە «呕皿上气神门» دېگەندەك سۆزلەر يېزىلغان. بۇنىڭدىكى «中极» ۋە «神门» دېيىلگەنلىرى ئادەم بەدىنىدىكى مۇھىم پەللە بولۇپ، ئۇمۇ يىڭنە سانجىپ داۋالاش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

64 TAM 19 : 44 ( 5 ) ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان «كالىنى داۋالاش ئۇسۇلى» دېگەن رېتسېپ بولۇپ، ئۇ ئاق قەغەزدە ياسالغان بىر پاي ئاياغنىڭ ئىچىگە سېلىنغان ھەم شاڭيۈەننىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 676 ـ يىلى) دىكى يازما يادىكارلىقلار بىلەن بىللە تېپىلغان. بۇ كالا داۋالاش ھەققىدىكى رېتسېپنىڭ قارا سىيا بىلەن يازغان چالا ـ پۇچۇق يەتتە قۇرلا خېتى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا:

«... ئۈچ سەر، ... تېخنىكا... ئۈچ سەر، ئاسارۇن بىر سەر...

دىسلەپتە قۇتا توشقىچە دورا قاچىلىنىدۇ..... قۇتىغا قايناتقان دورا... ئىسلانغان... كالىنىڭ بۇرنىغا... كالا بېقىشقا بولمايدۇ... سەپسېلىپ قاراش لازىم.» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر ئىچىدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە ۋە مال ـ چارۋىلارنى داۋالاشقا ئائىت مەزمۇنلاردىن تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا بولىدۇ. بىرىنچىدىن، بۈگۈنكى كۈندىن 1500 ـ يىللار ئىلگىرىكى قوچو ئۇيغۇرلىرى ھەر خىل كېسەللەردىن مۇداپىئەلىنىش، ساقلىقىنى ساقلاشقا دائىر تېببىي بىلىمگە ئىگە بولغان. بەدەن چېنىقتۇرۇش، شاھمات، توپ ئويناشتەك تەنھەرىكەت ئىشلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، تەن ساغلاملىقنى ئاشۇرۇشقا دىققەت قىلىپ كەلگەن. ئىككىنچىدىن، قىز ـ چوكانلار ھېيز (ئادەت) كۆرگەندە ھېيز خالتىسى ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن. بۇ تازىلىققا رىئايە قىلىش، كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى دەۋردىكى ئەڭ ئىلغار بولغان مەدەنىي تۇرمۇش ئۆر ـ ئادىتى ئىدى. بەلكى جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر مۆجىزە دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر تېۋىپلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش، قايتا ـ قايتا سىناق قىلىش ئاساسىدا يېزىپ چىققان رېتسېپلىرى ۋە دورا ماتېرىياللىرىنى تونۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش، دورا تەركىبلىرىنى تەڭشەش جەھەتتىكى بەزى ئارتۇقچىلىقلىرى ئىچكى ئۆلكىلەر مىللىي تېبابەتچىلىكىگە خېلى چوڭقۇر ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. چۈنكى ئۇيغۇر تېۋىپلار ئىشلىتىپ كەلگەن خېلى كۆپ دورىلار ھەم رېتسېپلار تاڭ دەۋرى (618 ـ 907) گە كەلگەندە خەنزۇ تېۋىپلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن كىتابلارغا كۆپلەپ كىرگۈزۈلۈشكە باشلىغان. ۋەھالەنكى، سۈي ـ تاڭ دەۋرلىرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئىچكى ئۆلكىلەردە تۈزۈلگەن تېببىي كىتابلارغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ بىرمۇنچە دورا (دورا تەييارلاش ئۇسۇللىرى) ۋە رېتسېپلىرىنىڭ شۇ كىتابلارغا ئەينەن كىرگۈزۈلگەنلىكىنى بايقىيالايمىز.

تۇرپان ۋادىسىدا قەدىمدىن ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيىنىڭ 5 ـ ئەسىرگە كەلگەندە سوغدى ھەرپلىرىدىن پايدىلىنىپ، تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلىنى يازىدىغان يېزىق ئىجاد قىلغانلىقى ۋە قوللانغانلىقى ئېنىق ⑤ ئالىملار شۇ قاتاردا يەنە قەبرىلەردىن چىققان «خەنزۇچە يېزىق»نى ھەقىقىي خەنزۇ يېزىقى ئەمەس، بەلكى «قوچو يېزىقى» (高昌文) دەپ ئېنىق يەكۈنلىدى ھەم تۈرگە ئايرىدى ⑥. ئالىملار يەنە «جۇ پادىشاھلىقى تارىخى» (周书)، «شىمالىي سۇلالە تارىخى» (北史) قاتارلىق جۇڭگونىڭ داڭلىق تارىخنامىلىرىدىكى «قوچو (تۇرپان) لىقلارنىڭ يېزىقى خۇاشىيا (خەنزۇ) چىغا ئوخشايدۇ. خور (胡) ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلىدۇ» دەپ ھېچقانداق ئىزاھات تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدىكى تارىخىي پاكىتلار ھەم ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى: «قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقى بار، رەسمىي ھۆججەت، خەت ـ چەكلىرىنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ. ئۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ» دەپ يازغان گۇۋاھلىق تارىخىي خاتىرىلىرى ئارقىلىق تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ خەنزۇ يېزىقى بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىكەنلىكىنى، ئەينى ۋاقىتتا تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار خەت ـ چەكلىرىنى شۇ خىلدىكى «قوچو يېزىقى»دا يېزىپ، ئۇنى ئۆز ئانا تىلىدا يەنى ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى ⑦.

شۇڭلاشقا، تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە دائىر دورا ماتېرىياللىرى،

دورا ـ دەرمەكلەرنىڭ نامى (ئىسمى) ، رېتسىپلار ۋە باشقىلارنىڭ شۇ (قوچو يېزىقى) يېزىقتا يېزىلغانلىقىغا قاراپ، ئۇنى «خەنزۇچە يېزىلغان» . . . دەپ ئالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىش تارىخىي رېئاللىققا ئانچە ئۇيغۇن كەلمەسلىكى مۇمكىن.

### 3 . گېرمانىيىگە ئېلىپ كېتىلگەن رېتسىپلار

1904 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1905 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ۋە 1905 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1907 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، گېرمانىيىنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىملىق «تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى» تۇرپاندا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ـ تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان. بۇ ئىشقا شۇ چاغدىكى گېرمانىيە ئارخېئولوگى گرۈنۋېدېل بىلەن لېكوك ئىككىسى قوماندانلىق قىلغان. ئۇلار تۇرپاندىكى قەدىمكى قەبرىلەر، شەھەر ـ قەلئە خارابىلىرى، مىڭئۆيلەر ۋە باشقا قەدىمگاھلارنى توسالغۇسىز قېزىش، كولاش جەريانىدا نەچچە يۈز باغلام خەت ـ چەك ۋەسىقىلەر، مەتبەئە بۇيۇملىرى، ھەر خىل توقۇلما بۇيۇملار، ھەيكەل ـ قورچاقلار، سىزما رەسىملەر، ساپال قاچىلار، ياغاچ ھەم مېتالدىن ياسالغان قورال ـ سايمانلار، ئاخىرەتلىك بىنا مودېللىرى، مېۋە ـ چېۋە، يەل ـ يېمىش قالدۇقلىرى، زىرائەت دانلىرى . . . قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى قولغا چۈشۈرۈپ، بۇلارنى 446 ساندۇققا قاچىلاپ كارۋان بىلەن گېرمانىيىگە ئېلىپ كەتكەن ھەم بۇلارنى بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيى قاتارلىق خەلقئارالىق داڭلىق مۇزېيلارغا قويغان. بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە ئائىت دورا ـ دەرمەكلەر، رېتسىپلار، كومۇلاچلار ۋە تېببىي ئەسەرلەرمۇ خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بولۇپمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تېۋىپلار يازغان تېببىي ئەسەرلەر بىلەن «بالا چۈشۈرۈش ئۇسۇلى» ، «كۆز داۋالاش ئۇسۇلى» ، «قوساق ئاغرىقىنى داۋالاش ئۇسۇلى» ، «بۇرۇن قېنىنى توختىتىش ئۇسۇلى» ، «جاراھەتلەرنى داۋالاش ئۇسۇلى» ۋە «باش ئاغرىقىنى داۋالاش ئۇسۇلى» قاتارلىق يۈزلەرچە قەدىمكى رېتسىپلار يۇقىرى ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە نادىر ۋەسىقىلەر ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە دائىر ۋەسىقىلىرىمىزنى نېمىسلارنىڭ تەتقىق قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىغا دائىر خەۋەرلەرنى ھازىرغىچە ئاڭلىيالمىغان بولساقمۇ، لېكىن 1930 ـ يىللىرى تۈركىيىلىك ئالىم رەشىد رەھمەتى ئارات بۇنى تەتقىق قىلغان ھەم تەتقىقات نەتىجىسىنى SBAW (بېرلىن پروسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ كونفېرېنسىيىسىدە قىلىنغان دوكلاتىنىڭ پەلسەپە ـ تارىخ قىسمى) نىڭ 1 ـ توم 451 ـ ، 473 ـ بەتلىرىدە ۋە 1932 ـ يىلى 2 ـ توم 401 ـ ، 448 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلغان. بۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسلى تېكىستى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان قىسمەن پارچىلىرى «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ⑧ غا تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

**ئىزاھلار :**

①بۇ ماقالىدىكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى «تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر» (吐鲁番出土文书) نىڭ 1 ـ 8 ـ قىسىملىرىدىن ئېلىندى، بۇنى جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلغان.

② ③ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «ئۇيغۇرلارنىڭ چەۋگەن توپ ئويۇنىغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇمات» ، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1990 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى سانىغا قارالىڭ.

④⑤⑥⑦⑧ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى، 332 ـ، 350 ـ بەتلەر.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورگان مۇلازىمەت مەركىزىدىن)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈتېشى»نىڭ خەنزۇچە تېكستى ئۈستىدە چۈشەندۈرۈش ۋە تەتقىقات

چيەن بوچۈەن

تالڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا قوچو ئۇيغۇرلىرى تۇرپان ئويمانلىقى ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ئېتىكىدە دۆلەت قۇردى. مىلادىيە 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن غەربىي لياۋ سۇلالىسىدىن قۇتۇلۇپ، چىڭگىزخانغا بېقىنىپ، موڭغۇل مەلىكىسىنى خوتۇنلۇققا ئالدى، شۇنىڭ بىلەن قوچو موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن «ئۇيغۇرىيە» دەپ ئاتىلىپ، بۈيۈك موڭغۇل دۆلىتى ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ بېقىندى ئەللىرى ئىچىدە ئالاھىدە يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولدى. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قايدۇ ۋە توبا ئىسيانچى قوشۇنلىرى قوچو ئۇيغۇر ئېلىنى بىر مەزگىل بېسىۋالدى، ئىدىقۇت نۇرىن تېكىن ئۇيغۇرلارنى باشلاپ شەرقتىكى گەنسۇغا كۆچتى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ شىزۇ خانى قۇبلاي ئۇلارنى يۇڭچاڭ شەھىرىگە (ھازىرقى ۋۇۋېي شەھىرى ئەتراپىغا) ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى ئانا يۇرتى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىدىقۇت نۇرىن تېكىن تۆمەن كىشىلىك تامغاچ قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، توسما توپىلىڭىنى تىنجىتتى، كۆكنۇردىكى تۇبۇت ئايغاقچى مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاينى ئۇزۇن مۇددەت ساقلىدى. 14 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قايدۇ ۋە توبانىڭ ئىسيانى تىنجىغاندىن كېيىن، ئىدىقۇت نۇرىن تېكىن لەشكىرىنى باشلاپ قوچوغا قايتىپ، ۋەيران بولغان شەھەرنى قايتا قۇردى. لېكىن، ئۇ يۇڭچاڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەچكە كېيىن يەنە بۇ ئىككىنچى ئانا يۇرتىغا قايتىپ يۈەن سۇلالىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. خۇاڭچىڭنىڭ تۇنجى يىلى (1313 ـ يىلى) ① يۈەن رېنزۇڭ ئىدىقۇت نۇرىن تېكىنگە قوچو خانى نامىنى بېرىپ، ئىچكى ۋىلايەتلەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئالتۇن تامغا ھەدىيە قىلدى. يەنيۇنىڭ 5 ـ يىلى (1318 ـ يىلى) ئىدىقۇت قوچو خانى نۇرىن تېكىن كېسەل بىلەن ئۆلۈپ، گەنسۇدىكى يۇڭچاڭ شەھىرىنىڭ سىرتىغا دەپنە قىلىندى. يۈەنتۇڭنىڭ 2 ـ يىلى (1334 ـ يىلى) ئۇنىڭ ئوغلى تايپىنۇ «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈتېشى»نى ئويدۇرۇپ، نۇرىن تېكىننىڭ قەۋرىسى ئالدىغا قويدى.

ئارىدىن يەتتە يۈز يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ئىدىقۇت خانىنىڭ قەبرىستانلىقىنى بۇلۇق ئوت ـ چۆپلەر قاپلىدى، مەڭگۈتاشمۇ يىقىلىپ چۈشۈپ، توپا ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالدى. 1933 ـ يىلى مەڭگۈتاشنى كەنتتىكىلەر تەساددىبىي بايقاپ قالدى، ئۇلار تاشنىڭ قاتتىقلىقىنى كۆرۈپ، بىلەي قىلىمىز دەپ يېرىمىنى چېقىۋەتتى، ئۇنىڭ پەقەت يېرىمىلا قالدى. كېيىنكى يىلى ۋۇۋېيلىق مۆتىۋەر جيا تەن، ياڭ فاكېلار بۇ تاشنى ۋۇۋېيغا ئەكىلىپ، ئەينى يىللىرى تەلىم ـ تەربىيە سارىيى قىلىنغان بۇتخانىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن مەڭگۈتاشنىڭ يېرىمى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالدى.

مەڭگۈتاشنىڭ ئۇدۇل ئالدى تەرىپىگە خەنزۇچە تېكىست ئويۇلغان، ئۇنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەدىب يۇ جى يازغان؛ ئارقىسىغا ئۇيغۇرچە تېكىست ئويۇلغان، ئۇنى كى كى قۇرسا ئىچقۇ يازغان، «يۈەننامە»دە خاتىرىلىنىشىچە كى كى مەشھۇر خەتتات ئىكەن. مەڭگۈتاشنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە تېكىستلىرىنىڭ ئىككىلىسىنى شۇ يازغان. بۇ ئابىدىنىڭ خەنزۇچە تېكىستى ھەققىدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا بەزى خاتىرىلەر بولغان. يۇجى

① باشقا مەنبەلەردە نۇرىن تېكىن يەنيۇنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 1316 ـ يىلى) قوچو خانلىقىغا تەيىنلەندى دېيىلگەن.
—تەرجىمان ئىزاھى

«داۋيۈەن يادنامىلىرى» دا «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈتېشى» دەپ ئاتىغان. «يۈەن دەۋرىدىكى ئەسەرلەر»دە بولسا «قوچو خانلىرى تۆھپە مەڭگۈتېشى» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان. ئايرىم ئابزاس ۋە خەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يادنامە «داۋيۈەن يادنامىلىرى» دىكىسى بىلەن «يۈەن دەۋرىدىكى ئەسەرلەر»دە خاتىرىلەنگىنى ئاساسەن ئوخشاش.

يۇ جى بۇ يادنامىنىڭ خەنزۇچە تېكىستىنى يېزىشتا، شۈبھىسىزكى، قوچو خان جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىغا ئاساسلانغان. مەڭگۈتاش تېكىستىدىن بىلىش مۇمكىنكى، قوچو خان جەمەتى نەسەبنامىسىنىڭ قوچو ئۇيغۇرلىرى قوچو دىيارىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى «بىر يۈز يەتمىش نەچچە يىل»لىق يېقىنقى زامان تارىخىلا توغرا ۋە تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى قەدىمكى زامان تارىخىدا كىشى ئىسىملىرى قالايمىقان، تارىخىي پاكىتلار ئويدۇرۇلغان ۋە بۇرمىلانغان، يىل دەۋرى توغرا ئەمەس، بۇنىڭ سەۋەبى، ئەجدادى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى كەچۈرگەن مىللەتلەرنىڭ ئىشەنچلىك يازما تارىخى بولمىغان، تارىخى چوڭلارنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئاغزاكى بايانىغا تايىنىپ ساقلىنىپ كەلگەن، بۇ جەرياندىكى خاتالىقلار يىغىلىۋېرىپ مۇشۇنداق ئاقىۋەت كېلىپ چىققان. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇيغۇر خانلىقى تاڭ سۇلالىسى بىلەن خېلى يېقىن ئۆتكەچكە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر پاكىتلار خاتىرىلەنگەن، بۇلاردىن پايدىلىنىپ بۇ مەڭگۈتاشنىڭ «قەدىمكى دەۋر»دىكى خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشكە بولىدۇ، قوچو ئۇيغۇرلىرى يۈەن سۇلالىسى بىلەنمۇ ناھايىتى ئىناق ئۆتكەن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىمۇ قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىغا ئائىت يازمىلار بار. بۇلاردىن پايدىلىنىپ مەزكۇر مەڭگۈ تاشنىڭ «يېقىنقى زامان تارىخى»غا دائىر يېتەرسىزلىكلىرىنى تولدۇرغىلى بولىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ بۇ مەڭگۈ تاشتىكى خەنزۇچە يادنامىلارنى تېخىمۇ ياخشى ئوقۇشى، ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىنى تېخىمۇ كۆپرەك چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش مەقسىتىدە، بۇ ماقالىدا تاڭ، يۈەن سۇلالىلىرىنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىگە ئاساسلىنىپ، «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈتېشى»دىكى خەنزۇچە تېكىست ئۈستىدە بەزى چۈشەندۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى.

### *ئىدىقۇت قوچو ۋاڭلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈتېشى*

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدىب يۇ جىنىڭ «داۋيۈەن يادنامىلىرى»دا «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دېيىلگىنى «يۈەن دەۋرىدىكى ئەسەرلەر»دىكىسى بىلەن ئوخشاش. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب جاڭ جىجۇن «ۋۇ ۋېي ناھىيە تەزكىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە بۇ مەڭگۈ تاشتىن نەقىل ئالغاندا، ماۋزۇسىنى «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دەپ قويغان. بۇ يەردە «ئىدىقۇت دېگەن سۆز (خەنزۇچە ئۈچ خەت) قوشۇلغان. بۈگۈنكى كۈندە بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ «قوچو خانى» دېگەن سۆزىنىڭ يۇقىرىسى بەك بۇزۇلۇپ كەتكەن. ئەمما، يېزىقنىڭ ئورنىدىن «ئىدىقۇت» دېگەن سۆزنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. مەڭگۈ تاش تېكىستىدە ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىندىن تايپىنۇغىچە ئالتە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن. لېكىن، بۇلاردىن پەقەت كېيىنكى ئىككى دەۋر كىشىلىرىگىلا قوچو خانى نامى بېرىلگەن. ئەگەر مەڭگۈتاشنىڭ ماۋزۇسى «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دەپلا قويۇلسا، تېكىستكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئېھتىمال يۇ جى مەڭگۈ تاشنىڭ ماۋزۇسىغا «ئىدىقۇت» دېگەن سۆزنى يازمىغان بولۇشى، تايپىنۇ مەڭگۈ تاشقا خەت ئويدۇرغان چاغدا، ئۇنى «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈتېشى» دەپ تولۇقلىغان بولۇشى مۇمكىن.

*... كى بويىچە پۈتتى، خەن لىن پۈتۈكچى دورغابى، كۈمۈش جەركىلىك كېڭەش بېگى، يارلىقچى قوشۇمچە سۇلالە تارىخى پۈتۈكچىسى، يارلىق پۈتۈكچى ئۆلىما، لياڭ ئىنانچى خانلىقىنىڭ بېگى جاۋ شىيەن سەرلەۋھەسىنى يازدى.*

«كى» خېتىنىڭ باش تەرىپى پۇچۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ يەردە كامىدا يەنە بىر «كى» خېتى بولۇشى كېرەك. كى كى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر خەتتات، جىشۈن يىللىرىدا ئۇ ئەدەپ-مۇراسىم ۋەزارىتىنىڭ دىۋان بېگى بولغان، كېيىن خەن لىن پۈتۈكچى دورغابى، يارلىقچى قوشۇمچە سۇلالە تارىخى پۈتۈكچىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن

پەرمان بەگ، خان مەرىپەتچىسى مەنسەپلىرىگە ئۆستۈرۈلگەن. «كى كى»نىڭ ئالدىدا يەنە ئۇنىڭ مەنسەپ ناملىرى بولۇشى كېرەك، تېكىستنىڭ كەينىدە «چېن جى تازىم بىلەن يارلىقنى قوبۇل قىلدى» دېگەن سۆزلەر بار. بۇنىڭدىن مەڭگۈتاشنىڭ خەنزۇچە تېكىستىنى يۈ جى تۈزگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. جىشۈن يىللىرىدا ئۇ خەنلىن پۈتۈكچى دورغابى، يارلىقچى قوشۇمچە سۇلالە تارىخى پۈتۈكچى ئەمەلدارى بولغان. دېمەك، بۇ بىر قۇر تېكىستنىڭ تېخىمۇ ئالدىدا يۈ جىنىڭ ئىسمى ۋە مەنسەپ ناملىرى بولۇشى كېرەك. ئەمدى بىز بۇ بىر قۇر تېكىستتىن «ئىدىقۇت قوچو خانلىرى تۆھپە مەڭگۈتېشى» يۈەن سۇلالىسىنىڭ ۋېنزۇڭ خانىنىڭ بىۋاستە يارلىقى بىلەن تىكلەنگەنلىكىنى، تېكىستنى يۈ جى تەييارلىغانلىقى، خېتىنى كى كى يازغانلىقى، سەرلەۋھەسىنى جاۋ شىيەن ئويغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئۈچىلىسى خەن لىن مەھكىمىسى ۋە تارىخ پۈتۈش مەھكىمىسىنىڭ ئۆلىمالىرى ۋە پۈتۈكچىلىرى بولۇپ، ئوردىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغان مەنسەپدارلار، بۇنىڭدىن بۇ مەڭگۈتاشنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئورنىنىڭ نەقەدەر يۇقىرىلىقى چىقىپ تۇرىدۇ!

*جىشۈننىڭ 2 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ كۈنى، پادشاھ دېدى: تەمۇر بۇقا تۆرە ئۆز ئېلىنى باشلاپ ماڭا ئەل بولغان . . . بۇرۇن ئاتىسىنى يۇڭچاڭغا دەپنە قىلغان. تەپتىش بېگى قەبرىستانلىقىغا بېرىپ تاش ئابىدە تىكلىگەن، خېتىنى پەرمانغا بىنائەن سۇلالە تارىخىنى پۈتۈش مەھكىمىسى يېزىپ ئويغان.*

جىشۈننىڭ 2 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1331 ـ يىلىنى كۆرسىتىدۇ. تەمۇر بۇقا «يۈەننامە»دە 铁木儿补化 دەپمۇ يېزىلغان. ئۇ ئىدىقۇت قوچو خانى نۆرىن تېكىننىڭ چوڭ ئوغلى، ئۇنىڭ ئاپىسى يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەيزۇڭ خانى ئوگۇدايىنىڭ نەۋرە قىزى مەلىكە باباچا. تيەنلىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 1329 ـ يىلى) سول قول باش ۋەزىر، باش تەپتىش بېگى بولغان. «تەپتىش بېگى قەبرىستانلىقىغا باردى» دېگەن سۆز تەمۇر بۇقا كەڭسۇ يۇڭچاڭغا قايتىپ، ئاتىسى نۆرىن تېكىننىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئىككى جۈملىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، تاش ئابىدە تىكلەش پەرمانى جىشۈننىڭ 2 ـ يىلى 9 ـ ئايدا چۈشۈرۈلگەن، ئابىدە تېكىستىنى يۈەن ۋېنزۇڭنىڭ پەرمانى بويىچە سۇلالە تارىخىنى پۈتۈش مەھكىمىسى يېزىپ ئويغان.

*چېنجى تازىم بىلەن يارلىقنى قوبۇل قىلدى، خانىنىڭ ھوزۇرىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن قوچو خانلىرىنىڭ نەسەبىنى تەكشۈردى.*

چېنجى ( 臣集 ) ئەينى چاغلاردا خەنلىن سۇلالە تارىخىنى پۈتۈش مەھكىمىسىنى باشقۇرۇپ تۇرغان مەشھۇر ئەدىب يۈ جى ( 虞集 )نى كۆرسىتىدۇ. يۈەن ۋېنزۇڭ ئۇنىڭغا ئىشەنگەچكە، «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»نىڭ خەنزۇچە تېكىستىنى يېزىپ چىقىشىنى بۇيرۇغان. يۈ جى تۈزگەن «يۈەن دەۋرىدىكى ئەسەرلەر»نىڭ مەزمۇنى مۇشۇ تاش ئابىدىگە كىرگۈزۈلگەن، بۇنىڭدىن بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ خەنزۇچە تېكىستى ھەقىقەتەن ئۇنىڭ قولىدىن چىققانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «تەكشۈرۈش» تەكشۈرۈپ دەلىللەش دېگەن سۆز. «قوچو خانلىرىنىڭ نەسەبى» ئەسلى «قوچو خانلىرىنىڭ تەرجىمىھالى» دېيىلىشى كېرەك ئىدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھەممىسى جەمەت تارىخى شەكلىدە تەرجىمىھال يازاتتى، بەزىلىرى «نەسەبنامە» دېسە، بەزىلىرى «تەرجىمىھال» دەيتتى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قوچو ئۇيغۇرلىرىدىن چىققان شيې جەمەتلىك ئاقسۆڭەكمۇ «قوچولۇق شيې جەمەتىنىڭ تەرجىمىھالى»نى يازغان. ئۇمۇ «تەرجىمىھال» دېگەن. مەزكۇر مەڭگۈتاشنىڭ خەنزۇچە تېكىستىگە دائىر بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى مۇشۇ تارىخىي پاكىتلارغا قارىغاندا، يۈ جى ئۇنى پۈتۈنلەي «قوچو خانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى»گە ئاساسەن يېزىپ چىققان.

*ئۇيغۇرىيىدە قارا قۇرۇم تېغى بار ئىكەن، ئۇنىڭدىن ئىككى دەريا ئېقىپ چىقىدىكەن، بىرىنى تۇغلا دەرياسى، يەنە بىرىنى سېلىنگا دەرياسى دېيىشىدىكەن. بىر كۈنى كەچتە ئاسماندىن دەرەخكە شولا چۈشۈپتۇ، ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى خەلقلەر ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. بۇ دەرەخ خۇددى ئادەم قورساق كۆتۈرگەندەك قورساق سېلىپتۇ. بۇ شولا دەرەخكە ئۇدا توققۇز ئاي 10 كۈن چۈشكەندىن كېيىن، ھېلىقى دەرەخنىڭ قورسىقى يېرىلىپتۇ، ئۇنىڭدىن بەش بالا چىقىپتۇ. كىشىلەر ئۇلارنى بېقىپتۇ. كىچىكىنىڭ ئىسمى ئۇسەن بوكۇ قاغان ئىكەن. ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆز ئېلىگە پا-*

*دىشاھ بولۇپتۇ، پۇخرالىرى يەر-زېمىنلىك بولۇپتۇ.*

بۇ تېكىستتە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەت سۆزلەنگەن. بۇ رىۋايەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەنلىكى ئېنىق، قوچو ئۇيغۇر دۆلىتى ۋاقتىغىچە قانچە زامانلار ئۆتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ سىرلىق رىۋايەت بىرىنچى بولۇپ قوچو خانلىرىنىڭ نەسەبنامىسىدە خاتىرىلەنگەن. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت باشقا بىر قوچو ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكنىڭ قەبرە تېشىدىمۇ ئۇچرايدۇ. «لياۋياڭ قاتارلىق جايلارنىڭ قارا دىۋان سول قول ۋەزىرى ئىنانچى تۆرىنىڭ قەبرە تېشى»غا مۇنداق يېزىلغان:

*مەرھۇم ئىنانچى، ئۇيغۇر، ھاياتلىقىدا ئۆز ئېلىنىڭ ئاقساقىلى بولغان. بۇ ئەلدە ئىككى تۈپ دەرەخ بار ئىكەن، بۇ دەرەخلەر قوشۇلۇپ، قورساق سېلىپ، بەش بالا تۇغۇپتۇ، ئۇلاردىن تۆتىنسى ئۆلۈپ، بەشىنچىسى ساق قاپتۇ. كىشىلەر بۇ مۆجىزىگە ھەيرانۇ ھەس بولۇپتۇ ۋە چوڭقۇر ئىززەت-ئىكرام بىلدۈرۈپتۇ. قىزىنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بېرىپ، بۇ ئەلگە پادىشاھ قىلىپتۇ. ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قۇدا بولۇشۇش ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەمەللىشىپتۇ. ئەلبېشى يەنى قوچو خانلىرى ئاشۇلاردىن چىقاتتى.*

بۇ رىۋايەتنى يادنامە تېكىستىنىڭ ئاپتورى— يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەدىب خۇاڭ جىن ئىنانچىنىڭ ئائىلە نەسەبنامىسىدىن كۆچۈرگەنلىكى ئېنىق، بىراق، ئۇ «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»دىن ئاز-تولا پەرقلىنىدۇ.

ئىدىقۇت جەمەتىنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ئالاقىسى ئىنتايىن يېقىن بولغانلىقتىن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخ مەھكىمىسىدە قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللىرى ساقلانغان. بۇ تارىخىي ئارخىپلار كېيىن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»نى يازغۇچى ئەدىب-ئۆلىمالار تەرىپىدىن پايدىلىنىپلا قالماي، يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنلا، قوشۇمچە نۇسخا شەكلىدە يىراقتىكى ئىل خانلىقىنىڭ ئوردىسىدىمۇ ساقلانغان، كېيىن ئىران تارىخچىلىرى ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر يۇقىرىدىكى رىۋايەت 13-ئەسىردە ئۆتكەن ئىران تارىخچىسى جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھانكۇشاي» (جاھاننى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى) دېگەن ئەسىرىنىڭ «ئىدىقۇت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى—ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى» ② دېگەن بابىدىمۇ سۆزلەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنرەك ئۆتكەن ئىران تارىخچىسى راشىددىننىڭ «جامىئۇت تاۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدىمۇ «ئۇيغۇر قەبىلىسى» ③ دېگەن بىر باب بار. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەت تېخىمۇ تەپسىلىي سۆزلەنگەن.

[قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان تۇغلا، سېلىنگا دەريالىرىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىدا قۇملانجۇ دېگەن جاي بار ئىكەن. شۇ يەردە بىر-بىرىگە يانداشىپ ئۆسكەن ئىككى تۈپ دەرەخ بار ئىكەن. بۇ دەرەخلەرنىڭ بىرىنىڭ نامى فىستۇق بولۇپ، تۇرقى قارىغايغا ئوخشايدىكەن، ھەمىشە ئارچىدەك ياشىرىپ تۇرىدىكەن، قارىغايدەك مەزمۇت ئىكەن. دەرەخنىڭ يەنە بىرى قارىغاي ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مانا شۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئارىسىدا ئۇشتۇمتۇت بىر دۆڭ پەيدا بوپتۇ، كۈن ئۆتكەنسېرى دۆڭ ئېگىزلەشكە باشلاپتۇ، ئاسماندىن يورۇق چۈشۈپ دۆڭنى يورۇتۇپ تۇرىدىكەن. ئۇيغۇرلار كېلىپ نۇرلىنىپ تۇرغان دۆڭگە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ تۇرىدىكەن، دۆڭنىڭ ئىچىدىن ناخشا ئېيتقاندەك ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن، ھەر كېچىسى ئەھۋال شۇنداق ئىكەن. دۆڭدىن چېچىلغان نۇر ئوتتۇز قەدەمچە جاينى يورۇتۇپ تۇرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۆڭدىن ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ. ئىشىكتىن خۇددى ئوتاۋغا (كىگىز ئۆيگە) ئوخشايدىغان بەش ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ھەر ئۆيگە بىردىن كۈمۈش سەگۈنچەك (بۆشۈك) ئېسىلغان، ھەر سەگۈنچەكتە بىردىن ئوغۇل بوۋاق ياتقان. بوۋاقلارنىڭ ئاغزىدا ئىمىزگە بار ئىكەن. ئۇيغۇر قەبىلىرىنىڭ بەگلىرى بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ، بوۋاقلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ. بوۋاقلار ھاۋادىن نەپەس ئېلىش بىلەنلا ھەرىكەتلىنىپ ئۆيدىن چىقىپتۇ. ئۇيغۇرلار ئىنىكئانا تەيىنلەپ بوۋاقلارنى ئېمىتىپتۇ. ئۇلار تىلى چىققاندا ئاتا-ئانىسىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ، كىشىلەر ھېلىقى ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپتۇ. ئوغۇللار دەرەخكە چوقۇنۇپتۇ. دەرەخ ئادەمدەك تىلغا كىرىپ، بالىلارنىڭ ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك ئۆسۈشى ھەققىدە ۋەسىيەت

قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەڭگۈ ياشىشىنى قۇتلاپتۇ. شۇ
جايدىكى كىشىلەر بۇ ئوغۇللارغا خۇددى خاقانلارغا
ئىتائەت قىلغاندەك بويسۇنۇشۇپتۇ. ئۇيغۇرلار تەڭ-
رى مۇشۇنداق ئوغۇللارنى ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن،
ئۇلاردىن بىرىنى خان قىلىپ تىكلەشنى قارار
قىپتۇ. ئوغۇللارنىڭ ئىچىدە بوكۇ تېگىن چىراي-
لىق، ئەقىللىق، تالانتلىق بولۇپ، نۇرغۇن ئەل-
لەرنىڭ تىلىنى مۇكەممەل بىلىدىكەن. شۇنىڭ
ئۈچۈن بوكۇ تېگىننى خان قىلىپ سايلاپ ئۇنىڭغا
بويسۇنۇپتۇ. بوكۇ تېگىن خانلىق تەختكە ئولتۇر-
غاندىن كېيىن دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلىپتۇ.
ئاھالىسىمۇ ئاۋۇپ كۆپىيىپتۇ. تەڭرى بوكۇ خانغا
ئۈچ قۇش ئاتا قىپتۇ، بۇ قۇشلار نۇرغۇن ئەللەرنىڭ
تىلىنى بىلىدىكەن. بوكۇ خان بۇ قۇشلارنى تە-
رەپ ـ تەرەپكە ئەۋەتىپ، دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن
خەۋەردار بولىدىكەن.

بىر كېچىسى، بوكۇ خان چېدىر ئىچىدە يات-
قاندا بىر ئىلاھىي جانىنى كۆرۈپتۇ، ئىلاھىي جان
گۈزەل قىز قىياپىتىدە كۆرۈنۈپتۇ. بوكۇ خان
قورقۇپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋېلىپ، پەرىزاتقا
گەپ قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. ئىككىنچى كېچىسى
يەنە شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ. ئۈچىنچى كې-
چىسى بۇ ئەھۋالنى باش ۋەزىرگە دەپ قويۇپ، ئۆزى
پەرىزاتقا ئەگىشىپ «قۇتتاغ» (ئىدىقۇت تېغى)قا
بېرىپتۇ. تاڭ ئاتقۇچە ئۇ قىز بىلەن مۇڭدىشىپتۇ.
شۇندىن كېيىن ھەر كېچىسى شۇنداق قىلىپتۇ.
بۇ ئەھۋال يەتتە يىل ئالتە ئاي يىگىرمە ئىككى كۈن
داۋاملىشىپتۇ. ئاخىرقى كېچىسى قىز بوكۇ خان
بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا: «كۈنچىقىشتىن
كۈنپېتىشقىچە پۈتۈن دۇنيا ساڭا بويسۇنىدۇ، سەن
بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ ئەلنى ياخشى باشقۇر» دەپتۇ،
دەپ بولۇپ غايىپ بوپتۇ. بوكۇ خان قوشۇن توپلاپ
چوڭ ئاكىسى شۇڭقار تېكىننى 30 تۈمەن قوشۇن
بىلەن موڭغۇل ۋە قىرغىزلار ئېلىگە ماڭدۇرۇپتۇ،
ئىككىنچى ئاكىسى قوتچۇر تېكىننى 10 تۈمەن
قوشۇن بىلەن تاڭغۇتلار ئېلىگە ماڭدۇرۇپتۇ، ئۈ-
چىنچى ئاكىسى بۇقا تېكىننى 10 تۈمەن قوشۇن
بىلەن ئوتتۇرا ئىقلىمغا— جۇڭگوغا ماڭدۇرۇپتۇ،
تۆتىنچى ئاكىسى ئور تېكىننى ئۆز ئېلىنى ساق-
لاشقا قالدۇرۇپتۇ، ئۇرۇشقا ماڭغان قوشۇنلار نۇر-
غۇن ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ، كۆپلىگەن ئەسىر ۋە
غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ ئورقۇن دەرياسى بويىغا قاي-
تىپ كەپتۇ. شۇ يەردە «ئوردۇ بالىق» دېگەن بىر
بالىق بىنا قىلىپتۇ، بۇ چاغقا كەلگەندە كۈنچىقىش
تەرەپتىكى دۆلەتلەر پۈتۈنلەي بويسۇنۇپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بوكۇ خان كېچىسى ئا-
جايىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاق چاپانلىق،
ئاق ھاسا تۇتقان بىر بوۋاي بىر پارچە قاشتېشىنى
بوكۇ خانغا بېرىپ: «سەن مۇشۇ تاشنى مەڭگۈ
ساقلىساڭ، پۈتۈن دۇنيا ساڭا باش ئېگىدۇ» دەپتۇ.
بوكۇ خاننىڭ ۋەزىرىمۇ شۇنداق چۈش كۆرۈپتۇ.
ئەتىسى بوكۇ خان لەشكىرىي ھازىرلىققا كىرىشىپ
، كۈنپېتىشقا قوشۇن تارتىپتۇ. بۇ قوشۇن تۈر-
كىستانغا يېتىپ كەلگەندە، سۇپسۈزۈك بۇلاق سۇ-
لىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، سېمىز ماللار
سەكرىشىپ ئويناپ تۇرغان تۇپتۈز بىر يايلاقنى
كۆرۈپتۇ. قوشۇن شۇ يەردە توختاپتۇ. ئۇلار شۇ
يەردە بالا ساغۇن دېگەن شەھەرنى بىنا قىلىپتۇ.
قوشۇن بۆلۈنۈپ تەرەپ ـ تەرەپكە يۈرۈش قىلىپتۇ.
12 يىل ئىچىدە كۆپ ئەللەرنى ئېلىپ، ياۋايى ئا-
دەملەر ياشايدىغان جايغىچە بېرىپتۇ. نۇرغۇن ئەل-
لەرنىڭ خانلىرى بوكۇ خان بىلەن كۆرۈشۈپتۇ،
ئۇلار بوكۇ خانغا سوۋغىلار تارتۇق قىلىپ ھۆرمەت
بىلدۈرۈشۈپتۇ. پەقەت ھىندىستاننىڭ خانىنى قو-
بۇل قىلماپتۇ. باشقا خانلارنى ئىتائەتكە كەلتۈرۈپ،
ئۆز ئېلىگە قايتۇرۇۋېتىپتۇ. زور مۇۋەپپەقىيەت-
لەرنى قولغا كەلتۈرگەن بوكۇ خان بالا ساغۇندىن
ئۆزى تۇغۇلغان ئېلىگە قايتىپ كەپتۇ].

ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى
يۇقىرىقى رىۋايەتلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى
ئەلبېشى —بوكۇ قاغان( 卜古可汗 ) ھەققىدىكى
رىۋايەتكە چېتىلمايدىغىنى يوق. قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلىدا «بوكۇ» سۆزى «مۇقەددەس»، «ھۆر» (-
دەرەختىن قايناپ چىققان ھۆررەك)، «غۇنچە»
دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۆز ئەجدادىنى «-
دەرەختىن تۇغۇلغان» دېگەن مەنىدە «بوكۇ قاغان»
دەپ ئاتىغان.

*قىرىق نەچچە ئەۋلاد جەمئىي 520 يىل ھۆكۈم سۈرۈپتۇ، ئالىپ بىلگە ئىدىقۇت قاغان دۇنياغا كەپتۇ، ئىدىقۇت «ئەلبېشى» (خان) دېمەكتۇر.*

نېمىگە ئاساسلىنىپ «قىرىق نەچچە ئەۋلاد
جەمئىي 520 يىل» دېيىلگەنلىكىنى بىلگىلى
بولمايدۇ، تېكىستنىڭ ئايىقىدىكى قالايمىقانچى-
لىق ۋە خاتالىقلارغا قاراپ، بۇنى پەقەت سوب-
يېكتىپ پەرەز دېيىشكىلا بولىدۇ. «阿力秘»
ئۇيغۇرچە «ئالىپ» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ،

2005・2

«قەھرىمان» ، «گەزىمەت» مەنىسىدە؛ «毕立哥» ئۇيغۇرچە «بىلگە»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، «ئەقىللىق» ، «پاراسەتلىك» ، «دانىشمەن» مەنىسىدە، هازىر كۆپرەك «毗伽» يېزىلىدۇ. تۈرك خانلىقى دەۋرىدە «ئىدىقۇت» قاغاندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇراتتى. بەش دەۋر مەزگىلىدە، گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانلىرىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مەركىزىي سۇلالىنىڭ ئۇتۇغات نامىنى قوبۇل قىلىپ، جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق قاغانى بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قوچو ئۇيغۇر قاغانى ئۆزىنى «ئىدىقۇت» ئاتىغان. لېكىن مەملىكەت ئىچى ۋە تاشقى ئالاقە ئىشلىرىدا ئىدىقۇت «قاغان» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ يەردە ئېيتىلغان ئالپ، بىلگەئىدىقۇت قاغان ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغۇچى بىلگە قاغان قۇتلۇق بويلا بولۇشى كېرەك. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى بولغان، قارلۇق ۋە باسمىللار بىلەن بىرلىشىپ، ئازغىنە كۈچ بىلەنلا شەرقىي تۈرك خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ۋە باسمىل خانلىقىدا سول قول كۈلۈگۈ يابغۇ بولغان؛ مىلادىيە 742 ـ يىلى ئۇ يەنە باسمىل خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، قارلۇقلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان، ئۆز نامىنى «بىلگە قاغان» دەپ ئاتىغان؛ ئۇ ئۇرۇشتا باتۇر، يېڭىلمەس بولغاچقا «ئالپ» دېگەن ئاتاقنا ئېرىشكەن. ئۇ مىلادىيە 747 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خانلىق ئورنىغا ئوغلى موييەنچۇر ئولتۇرۇپ، ئۆز نامىنى «قارا قاغان» دەپ ئاتىدى.

*تاڭ سۇلالىسى بىلەن كۆپ ئۇرۇشتى، زامانلار ئۆتۈپ ئاخىرى قۇدىلىشىشقا پۈتۈشۈپ ئۇرۇشنى توختاتتى، يۇقىرىلار ئەمىن تاپتى. شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى مەلىكە جىنلىيەنىنى (金莲) قاغاننىڭ ئوغلى قارا تېكىنگە ياتلىق قىلدى.*

بىلگە قاغان قۇتلۇق بويلا ئۆز مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن شەرقىي تۈرك هۆكۈمرانلىرىغا قارشى بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلدى؛ موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلەش ئۈچۈن باسمىل، قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلدى، يالغۇز تاڭ سۇلالىسى بىلەنلا ئۇرۇشمىدى، ئەكسىچە قۇتلۇق بويلا بىلگە قاغان ئەجدادى تۇمىد ۋە بۇساتلارنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن باشتىن ـ ئاخىر يېقىن مۇناسىۋەتتە بولدى. «يېڭى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»گە ئاساسلانغاندا، قۇتلۇق بويلا ھەر قېتىم دۈشمەننى يەڭگەندە، «ئەلچى ئەۋەتىپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ، پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ بەرگەن «ساداقەتمەن بەگ» ۋە «قۇتلۇق بىلگە دىيانەتلىك قاغان» دېگەن ناملارغا ئېرىشكەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دە خاتىرىلىنىشىچە، تيەنباۋنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 742 ـ يىلى) «ئۇيغۇر يابغۇ قۇتلۇق بويلا ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ساداقەتمەن بەگ دېگەن نامنى قوبۇل قىلدى، تيەنباۋنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە744 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا «ئۇيغۇر، قارلۇقلار بىرلىشىپ باسمىللارغا هۇجۇم قىلىپ، ئىلتەرىش قاغاننى ئۆلتۈردى. ئۇيغۇر قۇتلۇق بويلا ئۆزىنى قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان دەپ جاكارلىدى ۋە ئەلچى ئەۋەتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئۇنىڭغا دىيانەتلىك قاغان دېگەن نام بېرىلدى» ⑤. قەبرە تېشىدىكى «قارا تېكىن» تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىكى «گۇرلىگ موييەنچۇر» دۇر. خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن «قارا قاغان» دەپ ئاتالغان. تاڭ سۇلالىسى مەلىكىنى قارا قاغانغا ئۇنىڭ ئاتىسى تاڭ سۇلالىسىنى كۆپ قېتىم يەڭگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تاڭ سۇلالىسىدا ئۆڭلۈك ـ سۇيگۇن توپىلىڭى يۈز بېرىپ، شەرقىي ئاستانە لوياڭ ۋە غەربىي ئاستانە چاڭئەنلەر قولدىن كەتكەندە، تەختكە يېڭى ئولتۇرغان تاڭ سۇزۇڭنىڭ ئۆتۈنۈشى بويىچە قارا قاغان ئۆزى ئۇيغۇر قوشۇنىنى باشلاپ شىمالدا ئاسىي قوشۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ توپىلاڭنى تىنجىتقانلىقى؛ كېيىن يەنە ئىككى قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ، تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ جەڭ قىلىپ، چاڭئەن ۋە لوياڭلارنى قايتۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ياتلىق قىلغان. «يېڭى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «چيەنيۈەننىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 758 ـ يىلى) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچىسى دويەن ئابا بىلەن ئابباسلار خەلىپىلىكىدىن لۈجى قاتارلىقلار ئوردىغا كېلىپ بىر ـ بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالاشتى، مەنسەپدار بەگلەرمۇ بىللە كىردى. ئەلچى يەنە قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى، تىلىكى قوبۇل بولۇپ، پادىشاھ قىزى نىڭگو مەلىكىنى ياتلىق قىلىشقا قوشۇلدى ۋە موييەنچۇر قاغانغا تەڭرىدە بولمىش ئېل تۇتمىش بىلگە قاغان ئۇتۇغات نامى بەردى» ⑥. تاڭ سۇزۇڭنىڭ ئۆز قىزى بولغان نىڭگو مەلىكىنى قارا قاغانغا قوشۇپ قويغانلىقى تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ توپىلاڭنى تىنجىتىپ بەرگەن

2005.2

لىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن ئەڭ يېقىنچىلىقى ۋە ئەڭ ئالىي مۇكاپاتىدۇر. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن، كېيىنكى نەچچە يۈز يىللار داۋامىدا جاي ـ جايلاردىكى ئۇيغۇر قاغانلىرى مەركىزىي ھاكىمىيەت پادىشاھلىقىنى «ئاغا»، ئۆزلىرىنى «جىيەن» دەپ ئاتاپ كەلدى. قوچو ئۇيغۇر خانلىرى بۇ مەلىكىنىڭ ئىسمىنى بىلمىگەچكە، ئۇ بارگاھىنى ئورقۇن دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان چىلىيەن دەرياسىنىڭ بويىغا تىككەنلىكى، بۇ دەريا خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا بەزىدە «جىنلىيەن بۇلاق» دەپ تەرجىمە قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى «جىنلىيەن مەلىكە» دەپ ئاتىغان.

*قاراقۇرۇمدىكى پىلپىل تاغدا تۇرىدىكەن، بۇ ماكانتاغ دېگەنلىك بولىدىكەن. تەڭرىخان تېغى دېگەن يەنە بىر تاغ بار ئىكەن، ئۇ تەڭرىتاغ دېگەنلىك بولىدىكەن، بۇ تاغنىڭ جەنۇبىدا قۇتتاغ دېيىلىدىغان يەنە بىر تاغ بار ئىكەن، ئۇ بەخت تېغى دېگەنلىك بولىدىكەن.*

تېكىستتىكى «别力坡力答» نىڭ ئاخىرىدا «哈» خېتى چۈشۈپ قالغان «答哈» ئۇيغۇرچە «تاغ» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. بۇ تاغ ئىران تارىخچىسى راشىددىن «جامىئۇت تاۋارىخ» تا تىلغا ئېلىنغان «بۇغراتۇ ـ بوزلۇق تاغ» نىڭ ئۆزى. تۆگىنىڭ ئەركىكىنى ئۇيغۇرلار «بۇغرا» دەيدۇ. ئېھتىمال بۇ تاغنىڭ شەكلى بۇغرىغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار شۇنداق ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن. «天哥里于答哈» «تەڭرىخان تېغى) ئۇيغۇرچە تەڭرىتاغنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخ كىتابلىرىدا «天山» دېگەن مەنەن تەرجىمىسى ئۇچرايدۇ، ئۇ ھانگاي تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، مەڭگۇ تاش تېكىستىدىكى «天灵山» دېگەن مەنەن تەرجىمىسىگە ئوخشايدۇ. «胡的答哈» ئۇيغۇرچە قۇتتاغ» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، ئۇنىڭ تەرجىمىسى خەنزۇچىدە «福山» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. مەڭگۇ تاشتا خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان تاغ تىزمىلىرى «جامىئۇت تاۋارىخ» تېكىستى بىلەن ئوخشاش.

*تاڭ سۇلالىسى ئەلچىسى موللا تاپقاق بىلەن بۇ ئەلگە بېرىپتۇ، ئېيتىپتۇركى قاراقۇرۇمنىڭ قۇدرەت تېپىشى مۇشۇ تاغنىڭ بولغانلىقىدىن، مۇشۇ تاغ بۇزۇلسىلا بۇ ئەل ئاجىزلايدۇ، تاڭ سۇلالىسى ئەلچىسى بۇنى ئاڭلاپ، قاغانغا: «ئۆزلىرى قۇدرىتىنى لىشىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدىلا، ئەمىسە بىزنىڭ بىر ئۆتۈنۈشىمىز بار، قۇتتاغدا بىر تاش بارىكەن، ئۇنىڭ ئېلىڭىزلەرگە قىلچىمۇ كېرىكى يوق ئىكەن، لېكىن ئۇ تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر ئىدى، بۇنىڭغا قانداق قارايدىلىكىن؟» دەپتۇ. قاغان تاشنى ئېپكېتىشكە رازىلىق بېرىپتۇ، بىراق ئۇنى ئورنىدىن قوزغاش مۇمكىن بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تاشنى قاتتىق قىزدۇرۇپ، ئاندىن كۈچلۈك سىركە چاچقان ئىكەن، تاش پارچىلىنىپتۇ. تاش پارچىلىرىنى ھارۋىغا بېسىپ ئەپكېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەلدىكى قۇشلار نالە قىلىپ، ھايۋانلار پەريات چېكىپتۇ. يەتتە كۈندىن كېيىن قاغان ئۆلۈپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەلدە ئاپەت كۆپىيىپ، يۇرتتىن ئەمىنلىك كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۆلگەنلەر كۆپەيگىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئامالسىز يارغوتنىڭ شەرقىدىكى بەشبالىققا كۆچۈپ كېتىپتۇ. يارغوت باشبالىققا قارايدۇ، يارخوت ھازىرقى قوچو دۆلىتىدۇر.*

«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» قاتارلىق تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىغا ئائىت كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيغۇر خانلىقى گۇمران بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىگە موڭغۇل دالاسىدا ئۇدا تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مال ـ چارۋىلىرى قىرىلىپ كەتكەنلىكى؛ دۆلەت ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكتىن، كونا دۈشمىنى بولغان قىرغىزلار ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، خانلىقنىڭ پايتەختى ئوردۇ بالىقنى بېسىۋالغانلىقى سەۋەب بولغان، بۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز؛ ««ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ قوشۇمچىسى»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. پەتئەللەر VI. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» قاتارلىق سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىغا ئائىت كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ دۆلىتى مۇنقەرز بولۇپ، غەربكە كۆچۈشىگە تاڭغۇت خانى لى يۈەنخاۋنىڭ غەربكە ھۇجۇم قىلىپ، پايتەخت ساندىبىل (گەنجۇ) شەھىرىنى بېسىۋالغانلىقى سەۋەب بولغان. بۇمۇ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. مەڭگۇ تاش تېكىستىدە ئىدىقۇت جەمەتىنىڭ غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغانلىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يوقىلاڭ خۇراپىي ھەرىكىتىگە دۆڭگەپ قويۇلغان، بۇ تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن ئەمەس. تېكىستتىكى «يارخۇت» (يارغول)، تاڭ سۇلالىسى تەسىس قىلغان غەربىي ئايماقنى كۆر-

ستىدۇ. تالڭ شۇەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ يىللىرى غەربىي ئايماقنى يارخوت ئايمىقىغا ئۆزگەرتكەن. شۇڭا، مەڭگۇ تاش تېكستىدە «يارخوت» دېيىلگەن. «بەشبالىق» جىمسارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ شەھەردە چوڭ ـ كىچىك بەش شەھەر بار. «别失» ئۇيغۇرچە «بەش»نىڭ، «八里» ئۇيغۇرچە «بالىق»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ۋە تۈركلەر جىمسارنى "بەشبالىق» دەيدۇ. قوچو ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يازلىق پايتەختى بەشبالىق، قىشلىق پايتەختى قوچو ئىدى. قوچو شەھىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، كۆلىمىمۇ چوڭ بولغاچقا، ئۇيغۇر دۆلىتى قوچو دۆلىتى دەپ ئاتالغان، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «غەربىي ئۇيغۇرىيە» دەپمۇ ئاتالغان. قوچونىڭ يازلىق ھاۋاسى ئوتتەك قىزىپ كېتىدۇ. شۇڭا «ئوت يۇرتى» (火州) دەپ نامى بار. لياۋ خانلىقى بىلەن ئالتۇن خانلىقى «火» نى «和»غا ئۆزگەرتكەنلىكى ئۈچۈن، يەنە «قارا غوجا ئۇيغۇر دۆلىتى» (哈喇火州) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەشبالىق قوچونىڭ شىمالىدا ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەپ قارىشى خەنزۇلارنىڭكىدىن سائەت ستىرېلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە 90 گرادۇس پەرقلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، مەڭگۇ تاش تېكستىدە «يارغولنىڭ شەرقىدىكى بەشبالىق» دېيىلگەن.

*شىمالى ئامۇ دەرياغا يېتىپ بارىدۇ، جەنۇبى جيۇچۇەن بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شەرقى ئۇدۇن — قەشقەر بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى تۇبۇت زېمىنىگە يېقىنلىشىدۇ.*

بۇ تېكستتە قوچو ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ چېگرىسى خاتىرىلەنگەن، ئۇ سۇڭ ـ يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى قوچو ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ماس كېلىدۇ. تۇرپاندا بىر بۇددا ساڭرامىنىڭ ھۇلىدىن ئۇيغۇرچە تارشا پۈتۈك تېپىلغان، ئۇنىڭدا قوچو ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ شەرق چېگرىسى «شاجۇ» غا (ھازىرقى گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ شەھىرىگە)، غەرب چېگرىسى «ئۈچ بارسخان» غا («ئۈچ» ھازىر شىنجاڭدىكى ئۈچتۇرپاننى كۆرسىتىدۇ، «بارسخان» قازاقىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئىسسىقكۆل بويىدىكى توقماق شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر خانلىقى ئۇنى باسبارخان، يەنى بارسخان دەپ ئاتايتتى) * يېتىدۇ، دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ مەڭگۇ تاشقا خاتىرىلەنگىنىگە يېقىنلىشىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەپ قارىشى خەنزۇلارنىڭكىدىن سائەت ستىرېلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە 90 گرادۇس پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەڭگۇ تاشتا «شىمال» دېيىلگىنى «غەرب»نى كۆرسىتىدۇ، ئۇيغۇر خانلىقى قۇدرەت تاپقان چاغلاردا (مىلادىيە 808 — 840 ـ يىللىرى) غەربىي رايوننى بىرلىككە كەلتۈرگەن، ئۇنىڭ غەرب چېگرىسى ئامۇ دەريانىڭ يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا ئېقىنلىرىدىكى رايونلارغا يەتكەن. لېكىن، قوچو ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ غەربىي چېگرىسى تالڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تەڭرىتاغ ناھىيىسى(شىنجاڭدىكى ھازىرقى توقسۇن ناھىيىسى) گىچە يەتكەن. بەش دەۋر زامانىدا نوم ئەكىلىش ئۈچۈن غەربكە بارغان راھىب يېزىپ قالدۇرغان «غەربىي رايوندىكى يوللار»دا غەرب «تۇخرىلار دۆلىتى» (قاراشەھەردىكى جۇڭيۈنلەر قۇرغان دۆلەت)، «كۆسەن دۆلىتى» (تۇرپانغا قوشنا بولغان كۇسەن ئۇيغۇر دۆلىتى» ئۇنىڭ ئاھالىسى سېرىق باش ئۇيغۇرلار، يەنى سېرىق ئۇيغۇرلار ئىدى)، «قارلۇقلار دۆلىتى» (قارلۇق قەبىلىسى قۇرغان دۆلەت)، «سۇلى دۆلىتى» (ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەتراپى) غا بۆلۈنگەن. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا غەربكە نوم ئەكىلىش ئۈچۈن بارغان راھىب جىيې سەنزاڭنىڭ «سەپەر خاتىرىسى» دە پۈتۈلگىنىمۇ «غەربىي رايوندىكى يوللار» دىكىگە ئوخشاش، پەقەت «تۇخرىلار دۆلىتى» ئۇنىڭ كونا ئىسمى «كىنگىت دۆلىتى» گە ئۆزگەرتىلگەن. مەڭگۇ تاشتا «جەنۇب» دېيىلگىنى «شەرق»نى كۆرسىتىدۇ. «جيۇچۇەن» ئەينى چاغلاردا «سۇجۇ» دېيىلەتتى، مەڭگۇ تاشتا پۈتۈلگىنى تارشا پۈتۈكتىكىگە ئوخشاش بولۇپ، جيۇچۇەننىڭ غەربىدىكى شاجۇ ۋە قۇمۇللار قوچو ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ زېمىنى دېيىلگەن، بۇمۇ خاتا. تالڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغىچە، گۇاجۇ بىلەن شاجۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر جاڭ جەمەتى بىلەن ساۋ جەمەتى ئىگىلەپ تۇرغان «خېشى بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى» ئىدى. بەش دەۋر زامانىدىكى «غەربىي رايوندىكى يوللار» ۋە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى «جىيې سەنزاڭنىڭ سەپەر خاتىرىسى»گە ئاساسلانغاندا، قۇمۇلمۇ مۇستەقىل دۆلەت ئىدى. سۇڭ سۇلالىسى تەيپىڭ شىڭگونىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 981 ـ يىلى) ۋاڭ يەندې قوچو ئۇيغۇر دۆلىتىگە ئەلچىلىككە بارغان، ئۇ كېيىن يازغان «قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»دە: «قۇمۇلدىن غەربكە قاراپ «سەككىز كۈن يۈرۈپ

زىتىيەن ئىبادەتخانىسىغا يېتىپ كەلگەندە، قوچو-
لۇقلار ئەلچى كېلىۋاتقىنىدىن خەۋەر تېپىپ، قار-
شى ئېلىشقا ئادەم ئەۋەتتى » ⑦ دەپ يازغان. «زىتى-
يەن ئىبادەتخانىسى » مىڭ ـ چىڭ سۇلالىلىرى
دەۋرىدە چىقتىم دېيىلەتتى، هازىر يەتتە قۇدۇق دې-
يىلىدۇ. بۇ قوچو ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ شەرق
چېگرىسى هازىرقى قۇمۇلنىڭ غەربى، پىچاننىڭ
شەرقىي شىمالىدىكى «زىتىيەن ئىبادەتخانىسى »غا
يەتكەنلىكىنى بىلدۇرىدۇ. مەڭگۈ تاشتا «شەرق »
دېيىلگىنى «جەنۇب » نى كۆرسىتىدۇ. ئۇدۇن «
兀敦 » سۆزى « 于阗 » (خوتەن ) نىڭ باشقىچە
تەرجىمە قىلىنىشى؛ « 石哈儿 » بولسا «قەشقەر
» نىڭ باشقىچە تەرجىمە قىلىنىشى. مىلادىيە
1006 ـ يىلى قاراخانىلار سۇلالىسىدىن يۈسۈپ قا-
دىرخان خوتەننى ئىشغال قىلغاندا، خوتەن خەلقى-
نىڭ كۆپ قىسمى لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي جە-
نۇبىغا قېچىپ بېرىپ، بۇددا دىنىدىكى جەنۇبتا
كۆچكەن كۇسەن ئۇيغۇرلىرى (سېرىق باش ئۇي-
غۇرلار، يەنى سېرىق ئۇيغۇرلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ )
بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشتى، ئۇلار يۈەن،
مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە سېرىق ئۇيغۇر-
لارغا سىڭىشىپ كەتتى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە
كونا ئۇدۇن « 于阗 » دىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن،
ئۇلار « 兀敦 » دېيىلگەن؛ قاراخانىلار سۇلالىسى
پايتەختىنى قەشقەرگە يۆتكەپ كەلگەندىن كېيىن،
بۇ دۆلەتنىڭ نامى كاشغەر « 哈石哈儿» دېيىلگەن
، مەڭگۈ تاش تېكىستىدە باشتىكى « 哈 » خېتى
چۈشۈپ قالغان. قوچو ئۇيغۇر دۆلىتى قۇمتاغ ئار-
قىلىق جەنۇبتا ئۇدۇن « 兀敦 » (شەرققە كۆچكەن
خوتەنلىكلەر ئولتۇراقلاشقان رايون ) بىلەن، شەر-
قىي جەنۇبتا قاراخانىلار سۇلالىسى بىلەن چېگرى-
لانغان. مەڭگۈ تاشتا «غەرب » دېيىلگىنى «شىمال
»نى كۆرسىتىدۇ. قوچو ئۇيغۇرلىرى جۇڭغار ئوي-
مانلىقىنىڭ شەرقىدىكى قۇملۇق ئارقىلىق لياۋ
سۇلالىسى بىلەن چېگرىلانغان. بەش دەۋردىن سۇڭ
سۇلالىسىغىچە قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنى مۇ-
شۇنىڭدىن ئىبارەت. مەڭگۈ تاش ۋە تارشا پۈتۈك-
لەردە قوچو ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ شەرقى جيۇچۇەنگە،
غەربى ئامۇ دەرياغا يېتىپ بارىدۇ دېيىلگىنى ئۇيغۇر
خانلىقى قۇدرەت تاپقان چاغلاردا قوچودا ئولتۇراق-
لاشقان غەربىي ئۇيغۇرلار باشقۇرغان زېمىننى
كۆرسىتىدۇ.

*بىر يۈز يەتمىش ئەچچە يىل هۆكۈم سۈرگەن-
دىن كېيىن، تەيزۇخان (يەنى چىڭگىزخان) چوڭ
قۇملۇقنىڭ شىمالىدا تەختكە چىقتى. بۇ چاغ
بارچۇق ئارت تېكىن ئىدىقۇتلۇقتا ئولتۇرغان ۋاقىت
بولۇپ، ئۇ زېرەك كىشى بولغاچقا، ئۆز ئېلىنى
باشلاپ ئوردىغا بەيئەت قىلدى.*

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى. تەيزۇ تەزكىرىسى »دە:
«چىڭگىزخاننىڭ 4 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۇيغۇر دۆلىتى
بەيئەت قىلدى » ⑧ دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قوچو ئۇيغۇر
ئىدىقۇتى چىڭگىزخاننىڭ 4 ـ يىلى، يەنى مىلادىيە
1209 ـ يىلى موڭغۇل خانلىقىغا بەيئەت قىلغانلىقىنى
بىلگىلى بولىدۇ. بۇ يىلدىن بىر يۈز يەتمىش نەچچە
يىل ئارقىغا سۈرۈلسە، مىلادىيە 1036 ـ يىللار كېلىپ
چىقىدۇ. دېمەك، ئىدىقۇت جەمەتى قوچوغا 1036 ـ
يىللىرى كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. قوچۇ ئۇيغۇر ئىدى-
قۇت جەمەتى مەرىپەتلىك جەمەت، بىر يۈز يەتمىش
يەتتە يىل ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئەمەس، شۇڭا مەڭگۈ تاش
تېكىستىدىكى بۇ جۈملىنى ئىشەنچلىك دەپ قاراشقا
بولىدۇ. تارىخىي هۆججەتلەردە ئېنىق قەيت قىلىنى-
شىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ يىزۇڭ خانى شيەنتوڭنىڭ
7 ـ يىلى (866 ـ يىلى ) «بەشبالىق ئەمىرى بۆگۈچىن
» ( 仆固俊) قوچو ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرغان، كېيىن
ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى هەممىسى ئۆزىنى «قاغان » دەپ ئا-
تىغان. ئۇلار ئادىز( 阿跌氏 ) ئۇرۇقىدىن ئىدى. مى-
لادىيە 1028 ـ يىلى تاڭغۇت خانى لى يۈەنخاۋ ساندىبىل
(گەنجۇ شەهىرى، هازىرقى جاڭيې شەهىرى )نى بې-
سىۋېلىپ گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنى يوقاتقان. قاغان
قالدۇق يۇقراسىنى باشلاپ غەربكە قېچىپ قوچو ئۇيغۇر
دۆلىتىگە كەلگەن. قوچو ئۇيغۇر قاغانى ياغلاقار ئۇرۇ-
قىدىن ئىدى. قېچىپ كەلگەنلەر بولسا رىۋايەتتىكى
بۆگۈ قاغاننىڭ ئەۋلادى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن «بۇ كا-
رامەتكە هەيران بولۇپ ۋە چوڭقۇر ئىززەت ـ ئېھترام
بىلدۈرۈپ، قىزىنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بېرىپ، ئەۋ-
لادمۇ ئەۋلاد قۇدا بولۇشۇش ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى باش-
قۇرۇش توغرىسىدا ۋەدىلەشكەن، خانلار يەنى قوچو
خانلىرى ئاشۇ ياغلاقارلاردىن چىقاتتى » ⑨ نەتىجىدە
قېچىپ كەلگەن گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ هۆكۈمرانى
ئۆتۈنۈشنى قوبۇل قىلىپ، قوچو ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ

---

★ئاپتور تارشا پۈتۈكتىكى «نۆچ »نى «ئۆچ » دەپ ئوقۇپ، ئۇنى «ئۈچتۇرپان » دەيدۇ، «نۆچ » هازىرقى تاشكەنتنىڭ
يېنىدا ـــتەرجىمان ئىزاهاتى.

خانى بولغان، ئۆزلىرىنى ئەمدى «قاغان» دېمەي «ئىدىقۇت» دەيدىغان بولغان؛ ئەسلىدىكى قوچو ئۇيغۇر قاغانى ئورنىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەچكە، ئۆزىنى ۋەزىر دەپ ئاتاپ، هاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قولىدا تۇتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دا قوچوغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغىچە «بىر يۈز يەتمىش نەچچە يىل هۆكۈم سۈرگەن» دېيىلگەن. ئىدىقۇت جەمەتىنىڭ ئەسلىدە گەنجۇ ئۇيغۇر خاقانلىقىدىن غەربكە كۆچۈپ كەلگەنلىكىنىڭ ئېنىق دەلىلىنى «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دىن كۆرگىلى بولىدۇ. مىلادىيە 1130 ـ يىلى لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاقسۆڭەكى ياللۇغ تاشىن تازىلار (يەنى قاراخانىلار سۇلالىسى) دىن پاناھ تىلەپ غەربكە ماڭغىنىدا، قوچو ئۇيغۇر خانى بىلگىگە مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنىڭ يول بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. خەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: «بۇرۇن تەيزۇ ئالىيلىرى شىمالغا قوشۇن تارتىپ ئوردۇ بالىقنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەجدادىڭلار ئۇماي قۇتلۇقتا: ‹ماكانىڭنى سېغىنىۋاتامسەن؟ مەن ساڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن، سەن قايتىپ كېلەلمەسلىك، مەن ئۇنى ئىلكىمدە تۇتۇپ تۇرىمەن، مېنىڭ ئىلكىمدە تۇرغىنى سېنىڭ ئىلكىڭدە تۇرغانغا ئوخشاش› دېگەن. ئۇماي ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىپ، بۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغىنىمىزغا ئون نەچچە ئەۋلاد بولدى، هەربى ۋە پۇقرالار كۆچۈش، يۆتكىلىشنى ناهايىتى ئېغىر كۆرىدۇ، قايتىپ بارالمايمىز، دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن. دېمەك، سىلەر بىلەن بىز بىر كۈنلۈك قەدىناس ئەمەسمىز، بۈگۈنكى كۈندە مەن غەربكە قاراپ تازىغا سەپەر قىلماقچى بولۇپ، دۆلىتىڭلاردىن ئۆتمەكچىمەن، بۇنىڭدىن گۇمانلانماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» ⑪. خەتتىكى «تەيزۇ ئالىيلىرى» لياۋ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇ خانى ياللۇغ ئاباۋجىنى كۆرسىتىدۇ. تيەنزەننىڭ 3 ـ يىلى (924 ـ يىلى) ئەسكەر باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئوردۇ بالىقنى بېسىۋالغان. «ئۇماي» تاڭغۇت تىلىدا «خاقان»، «پادىشاھ» دېگەن مەنىدە، ئەمەلىيەتتە گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانى رىنمېينى كۆرسىتىدۇ. ياللۇغ تاشىن لياۋ سۇلالىسىنىڭ خانلىق مەھكىمىسىنىڭ ئۆلىماسى، بىلىمى ئىنتايىن مول، ئۇنىڭ خېتىدە قوچو ئۇيغۇر خانى بىلگىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانى رىنمېي ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىشى ئىدىقۇت جەمەتى گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتىدىن يۆتكىلىپ كەلگەنلىكىنى بىزگە ئوچۇق چۈشەندۈرىدۇ.

*ئالىيلىرى خوش بولۇپ، مەلىكە ئىبىل ئالتۇننى خوتۇنلۇققا بەردى ۋە بەشىنچى ئوغۇللۇققا قوبۇل قىلدى.*

« ⊥ » ئالىيلىرى — چىڭگىزخاننى كۆرسىتىدۇ. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دا بۇ ۋەقە مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «ئۇيغۇرلار خانى ئىدىقۇت ئاتكىراقنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ چىڭگىزخانغا": ‹پېقىر ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك نام ـ شەرىپىنى ئاڭلاپ، بۇلۇتلار تاراپ ئىللىق ئاپتاپ چىققاندەك، مۇزلار ئېرىپ سۇلار ئويناقشىپ ئاققاندەك، كۆڭلۈم چەكسىز يايراپ كەتتى، ئەگەر ئالىيلىرى ماقۇل كۆرسىلە، ئالتۇن بەلباغلىرىنىڭ توقىسى، قىزىل تونلىرىنىڭ چۈچىسى بولاي، مېنى بەشىنچى ئوغۇللىرى قاتارىدا كۆرسىلە، خىزمەتلىرىگە جان تەسەددۇق ئېيتاي» دېگەن. چىڭگىزخان: ‹سىز كېلىڭ، قىزنى تارتۇق قىلاي، بەشىنچى ئوغلۇم بولۇڭ› دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىدىقۇت ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، تاۋار ـ دۇردۇنلارنى ئېلىپ چىڭگىزخاننىڭ هوزۇرىغا كەلگەن. چىڭگىزخان ئىبىل ئالتۇن دېگەن قىزىنى خوتۇنلۇققا بەرمەكچى بولغان»⑪. چىڭگىزخاننىڭ جوجى، چاغاتاي، ئوگوداي، تولۇي دەپ تۆت ئوغلى بار ئىدى، بارچۇق ئارت تېكىننى بەشىنچى ئوغۇل قىلغان. بۇ چىڭگىزخاننىڭ ئالاهىدە غەمخورلۇقى هېسابلىنىدۇ.

ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن بىلەن موڭغۇل مەلىكىسى ئالتۇن بېكەنىڭ نىكاھ ئىشى تولىمۇ ئوڭۇشسىز بولغان. ئىران تارىخچىسى جۇۋەينى «تارىخى جاهان كۇشاي» دا يېزىشىچە: «مۇبارەكلەشكە ئەرزىيدىغان بۇ ئىشنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، چىڭگىزخان بىر قىزىنى ئۇنىڭغا بەرمەكچى بولغان. بىراق چىڭگىزخاننىڭ ۋاپاتى بىلەن بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشماي قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئىدىقۇت بەشبالىققا قايتىپ كەتكەن. قائان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئالتۇن بېكەنى ئۇنىڭغا قوشۇپ قويماقچى بولغان. بارچۇق ئارت تېكىن ئوردىغا يېتىپ بارغىچە ئالتۇن بېكە ئۆلگەن». دېمەك، بۇ نىكاھ ئىشقا ئاشمىغان.

*جەبە نويان بىلەن بىللە مالىكخان، سۇلتان مۇھەممەتلەرنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلغاندا، ئۇ تۈمەن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدى، ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ ئىنتىزامى چىڭ بولۇپ، تەگكەن يەرنى ئالماي قويمايتتى. كېيىن تەيزۇ (چىڭگىزخان) نىڭ نىشاپۇر، خېشى رايونلىرىنى ئېلىش يۈرۈشلىـ*

*رىكىمۇ قاتنىشىپ، چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى.*

«جەبە نويان» چىڭگىزخاننىڭ بىر سەركەردىسى. قانمۇل (罕勉力) نى نۇرغۇن ئالىملار «قۇمۇلنىڭ باشقىچە تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ. بۇ خاتا، ئۇ «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»دا «مالىكخان» دەپ ئاتالغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا (ھازىر ئۆزبېكىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر شەھەر) نىڭ ئەمىرى. «销檀» پارسچە «سۇلتان» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. «回回国» «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دا «سارت ئاۋۇل دۆلىتى» دەپ كۆرسىتىلگەن. «销檀回回» سارت ئاۋۇل دۆلىتىنىڭ پادىشاھى مۇھەممەدنى كۆرسىتىدۇ. نىپۇر «你卜儿» «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى» دا «你沙不儿» (نىشاپۇر) دەپ يېزىلغان. مەڭگۇ تاش تېكىستىدە «沙» خېتى چۈشۈپ قالغان. «河西» خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدە قۇرۇلغان تاڭغۇت دۆلىتىنى كۆرسىتىدۇ. چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تۈمەن كىشىلىك قوشۇنى جەبە نويان قوشۇنىدا تۇرشاۋۇل قىسىم بولۇپ جەڭگە قاتناشقان. كېيىن چاغاتاي ۋە ئوگۇدايلارنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەپ خىزمەت كۆرسەتكەن. ئاخىرىدا چىڭگىزخاننىڭ نىشاپۇرنى ئېلىش جېڭىگە قاتناشقان، شەرققە قايتقاندىن كېيىن يەنە چىڭگىزخان قوزغىغان تاڭغۇت خانلىقىنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا ئىشتىراك قىلغان. چىڭگىزخان مەلىكە ئالتۇن بېكەنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بېرىشتە ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇشلاردا كۆرسەتكەن خىزمىتىنى مۇكاپاتلاشنى مەقسەت قىلغان.

*[بارچۇق ئارت تېكىن] ئۆلدى، كىچىك ئوغلى ئۆكرۈنچ تېكىن ئىدىقۇت بولدى. ئۆكرۈنچ ئىدىقۇت ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنىسى مامۇراق تېكىن ئىدىقۇت بولدى، تۈمەن كىشىلىك تامغاچ قوشۇنىنى باشلاپ، شيەنزۇڭ ئالىيلىرى (مۆنكەنى كۆرسىتىدۇ ـ ت)، بىلەن بىللە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خېجۇ ئايمىقىنى قورشاپ ياۋيۈشەننى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، خىزمەت كۆرسەتتى، ئاندىن قوشۇنىنى قوچۇغا قايتۇرۇپ كەتتى.*

بارچۇق ئارت تېكىن ئوگۇداي خاننىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 1230 ـ يىلى) ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ھەققىدە مەڭگۇ تاشتىكى ۋە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى»دىكى خاتىرىلەر تارىخىي پاكىتلارغا ئوخشاش. ئەمما، «تارىخىي جاھان كۇشاي»دا مۇنداق دېيىلگەن: «قائان (ئوگۇداينى كۆرسىتىدۇ) خانلىق تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئالتۇن بېكەنى بارچۇق ئارت تېكىنگە خوتۇنلۇققا بەرمەكچى بولدى؛ ئۇ ئوردىغا يېتىپ كەلگىچە، ئالتۇن بېكە ئۆلدى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن قائان يەنە ئالاجىن بېكەنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلماقچى بولدى، لېكىن مەلىكىنى ئىدىقۇتقا بەرگىچە ئىدىقۇت بۇ ئالەمدىن كەتتى. كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى كەسمەس (kesmes) ئوردىغا بېرىپ، ئىدىقۇت بولدى ۋە ئالاجىن بېكە بىلەن توي قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي كەسمەس ئىدىقۇت ئۇ ئالەمگە كەتتى، ئۇنىڭ ئىنىسى سالىندى (Salindi) تۆرىگىنە خاتۇن (Töregene) نىڭ پەرمانى بويىچە ئورنىغا ئىدىقۇت بولدى. سالىندى تەختتە ناھايىتى پۇختا ئولتۇردى ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى»[12]. ئىران تارىخچىسى راشىددىننىڭ «جامىئۇت تاۋارىخ»تا مۇنداق دەيدۇ: «ئىدىقۇت (بارچۇق ئارت تېكىننى كۆرسىتىدۇ) ئۆلدى، ئوغلى كەسمەيىن (kišmāin) قائاننىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئىدىقۇت بولدى ۋە ئالاجىن بېكەنى نىكاھىغا ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇمۇ ئۆلدى. ئىنىسى سالىندى (Salindi) تۇرىگىنە (Türākineh) خاتۇننىڭ پەرمانى بويىچە ئاكىسىنىڭ ئورنىدا ئىدىقۇت بولدى. ئۇ ناھايىتى قۇدرەتلىك ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى»[10]. بۇ خاتىرىلەردىن بىلىش مۇمكىنكى، بارچۇق ئارت تېكىن ئۆلگەندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى كەسمەس ئىدىقۇتلۇققا ۋارىسلىق قىلغان. كەسمەس ئوگۇداينىڭ خوتۇنى نايمانجىن تۆرىگىنە نايىپلىقىنىڭ 2 ـ يىلى، يەنى مىلادىيە 1243 ـ يىلى ئۆلۈپ، ئۇنىڭ چوڭ ئاكىسى سالىندى ئىدىقۇتلۇققا ۋارىسلىق قىلغان.

«تارىخىي جاھان كۇشاي»دا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: ئىدىقۇت سالىندى يۇرتىدىكى مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلماقچى بولغاندا، يېڭى تەختكە چىققان مۆنكەخان ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالدى، ئۇكىسى ئۆگەنچ (Ogench) ئىدىقۇتلۇققا ۋارىس بولدى»[11]. ئەمەلىيەتتە سالىندى موڭغۇل خانلىق ئوردىسىدا يۈز بەرگەن ئوگۇداي سىستېمىسى بىلەن چاغاتاي، تولۇي سىستېمىسى ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىگە ئارىلىشىپ قېلىپ، ئوگۇداي سىستېمىسى مەغلۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنىڭغا چېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇكىسى ئۆگەنچ ئىدىقۇت بولدى. ئۆگەنچنىڭ ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزىدىكى ئۆگرەنچ Ogrünč بىلەن پارسچە تەلەپپۇزدىكى Ogench ئوتتۇرىسىدا ئازراق پەرق بار.

مەڭگۇ تاش تېكىستىدە «ئۆكرۈنچ ئىدىقۇت ئۆل

گەندىن كېيىن، ئىنىسى مامۇراق تېكىن ئىدىقۇت بولدى» دېيىلگەن. شۇنىڭ بىلەن مامۇراق تېكىن گويا بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تۆتىنچى ئوغلىدەك بولۇپ قالغان. لېكىن مەڭگۈ تاشنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستىدە مامۇراق ئۆگرۈنچنىڭ ئوغلى دېيىلگەن. بۇ ھالدا ئۇ بارچۇق ئارت تېكىننىڭ نەۋرىسى بولىدۇ. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى» دىمۇ ئۆگرۈنچ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى مامۇراق تېكىن ئىدىقۇت بولدى، تۈمەن كىشىلىك تامغاچ قوشۇننى باشلاپ شيەنزۇڭ ئالىيلىرى بىلەن بىللە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خېجۇ ئايمىقىنى قورشاپ، دياۋيۈشەننى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتتى. ئاندىن قوشۇننى قوچوغا قايتۇرۇپ كەتتى» ⑯ دېيىلگەن. بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ خەنزۇچە تېكىستىنىڭ كۆپىيىسىنى يازغان يۈجى مەڭگۈ تاش تېكىستىگە ماتېرىيال توپلاش جەريانىدا يازغان «داۋيۈەن ئابىدىلىرى. قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دىمۇ: «ئۆگرۈنچ تېكىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى مامۇراق تېكىن ئىدىقۇت بولدى.

تۈمەن كىشىلىك تامغاچ قوشۇننى باشلاپ، شيەنزۇڭ ئالىيلىرى بىلەن بىللە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خېجۇ ئايمىقىنى قورشاپ، دياۋيۈشەننى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتتى. ئاندىن قوشۇننى قوچوغا قايتۇرۇپ كەتتى» دېگەن. دېمەك، «子» (ئوغلى) دېگەن خەت مەڭگۈ تاش تېكىستىدە «弟» (ئىنىسى) بولۇپ قالغان. يەنە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە «探马亦军» (تامغاچ قوشۇن) بولغان. مەڭگۈ تاش تېكىستىدە ئوتتۇرىدىكى «亦» خېتى چۈشۈپ قالغان. موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، سىچۈەننىڭ خېجۇ ئايمىقىغا (ھازىرقى خېچۈەن ناھىيىسىگە) ھۇجۇم قىلىشى مىلادىيە 1259 ـ يىلى ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدىكى ئىش. قەمەرىيە كالېندارى بويىچە 7 ـ ئاينىڭ كېيىنكى ئون كۈنى ئىچىدە موڭغۇل خانى مۆڭكەخان دياۋيۈشەندىكى بارگاھىدا كېسەل بىلەن ئۆلدى. قوشۇن چېكىندى، مامۇراق تېكىن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى باشلاپ غەربكە قايتتى، بۇ قىش پەسلى بولغانلىقتىن، قىشلىق پايتەخت قوچودا (ھازىرقى تۇرپاندىكى قوچو قەدىمىي شەھىرىدە) تۇردى.

*«مامۇراق، ئۆلدى. جىيۈەننىڭ 3 ـ يىلى شىزۇخان ئۇنىڭ ئوغلى قوچقار تېكىننى ئىدىقۇتلۇققا تەيىنلىدى. قايدۇ، تېمىر توپىلىڭىدا ئۇيغۇر خەلقى توپىلاڭ سەۋەبىدىن تارقاپ كەتكەن ئىدى. خانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىدىقۇت ئۇلارنى يىغىپ ھال سورىدى. ئۇنىڭ خەلقىدىن قوشنا ئەللەر تەۋەسىگە بېرىپ قالغانلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۆز جايىغا قايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار خاتىرجەم بولدى.*

جىيۈەننىڭ 3 ـ يىلى مىلادىيە 1266 ـ يىلىنى كۆرسىتىدۇ، «شىزۇخان» قۇبلاينى كۆرسىتىدۇ. قايدۇ ئۆگۆداينىڭ نەۋرىسى. مۆڭكەخان تەختكە چىققاندىن كېيىن قايدۇنىڭ مەنسىۋىنى چۈشۈرۈپ، قايالىق (بالقاش كۆلى بىلەن ئىلى دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا) غا خان قىلىپ تەيىنلىدى.

جىيۈەننىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 1269 ـ يىلى) قۇبلاي ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپ، يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغاندا، قايدۇ غەربىي شىمالدىكى توبا نويان قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇرىيىگە كۆپ قېتىم كىرىپ پاراكەندىچىلىك قىلدى، ئۇيغۇر خەلقى شۇ سەۋەبتىن تەرەپ ـ تەرەپكە تاراپ كەتتى. كېيىن قۇبلاينىڭ ھال سوراپ نەپەقە بېرىشى بىلەن تاراپ كەتكەنلەر پەيدىنپەي قايتىپ كەلدى. ئۇيغۇرىيىدە ۋاقىتلىق خاتىرجەملىك بارلىققا كەلدى.

*«جىيۈەننىڭ 12 ـ يىلى توبا، بوسپالار 12 تۈمەن لەشكەر بىلەن قوچونى قورشىدى ۋە: «ئاجىغ، ئولۇجىلار 30 تۈمەن لەشكەر بىلەن ساڭا تاقابىل تۇرالماي تارمار بولدى. سەن يېتىم بىر شەھەرگە بېكىنىۋېلىپ ماڭا تاقابىل تۇرماقچىمۇ سەن» دەپ جار سالدى. ئىدىقۇت ئۇنىڭغا: «سادىق ۋەزىر ئىككى پادىشاھقا خىزمەت قىلمايدۇ. مەن مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلغان، بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، ئۆلسەممۇ قەبرەم مۇشۇ شەھەردە بولىدۇ. مەن ساڭا ھەرگىز باش ئەگمەيمەن» دېدى. ئۇلار مۇھاسىرىنى ئالتە ئاي بوشاتمىدى. توبا خەت يېزىپ، خەتنى ئوقيا ئوقىغا باغلاپ، شەھەرگە ئېتىپ كىرگۈزدى. خەتتە: «مەن تەيزۇ پادىشاھنىڭ نەۋرىسى بولىمەن، نېمىشكە ماڭا بېيئەت قىلمايسەن؟ يەنە كېلىپ بوۋاڭ پادىشاھىمىزنىڭ مەلىكىسىنى ئالغان. ئەگەر قىزىڭنى ماڭا بەرسەڭ، ئەسكەرلىرىمنى قايتۇرۇپ كېتىمەن، بولمىسا، ھۇجۇمنى كۈچەيتىمەن» دېيىلگەن. ۋەزىر ـ ۋۇزرالار: «شەھەردە ئاشلىق تۈگىدى، كۈچىمىز ئاجىزلىدى. توبا ھۇجۇمنى توختاتمىسا قىرىلىپ كېتىمىز» دېيىشتى. ئىدىقۇت: «مەن بىر قىزىمنى دەپ خەلقىمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزمىسام بولامدۇ؟ بىراق مەن ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشەم زادى بولمايدۇ» دېدى. ئاندىن قىزى ئىل يىغمىش بېكەنى كۆرپىگە ئوراپ، ئارغامچىغا باغلاپ، سېپىلدىن چۈشۈرۈپ بەردى. توبا قورشاۋنى بوشاتتى.*

2005・2

توپا چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى، قايدۇ جاھىل توپىلاڭچى، بوسپا توبانىڭ ئۇكىسى، جىيۇەننىڭ 12 - يىلى مىلادىيە 1275 - يىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئاجىج چاغاتاينىڭ ئەۋرىسى، باشتىن - ئاياغ ئوردىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن، قۇبلاي تەختكە چىققاندىن كېيىن، قۇبلاينى قەتئىي قوللىغان. ئۇلۇج موڭغۇل خانلىقىنىڭ سەركەردىسى. جىيۇەننىڭ 10 - يىلى (مىلادىيىنىڭ 1273 - يىلى) توبا بىلەن قايدۇ ئالتاينىڭ شەرقىدىن ئۆتۈپ، موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ غەربىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئاجىج بىلەن ئۇلۇج يۈەن سۇلالىسىنىڭ زور قوشۇنى بىلەن كۈچىنىڭ بارىچە تىركەشتى، ئىككىلا تەرەپتە تالاپەت ئېغىر بولدى. توبانىڭ غەلىبە قىلدىم دېگىنى ئاشۇرۇۋېتىلگەن گەپ، يۈەن سۇلالىسى تارىخچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى توبا قوچوغا جىيۇەننىڭ 12 - يىلى ئەمەس، جىيۇەننىڭ 22 - يىلى ھۇجۇم قىلغان دەپ قارايدۇ، مەسىلەن: «جۇڭگو تارىخى مۇكەممەل لۇغىتى»نىڭ يۈەن سۇلالىسى تارىخىغا دائىر قىسمىنىڭ «توبا» بۆلىكىدە: «جىيۇەننىڭ 22 - يىلى (1285 - يىلى) ئۇيغۇرىيىگە تاجاۋۇز قىلدى» [18] دېيىلگەن. ئەمما، قوچغارنىڭ ئوغلى نورىن تېكىن ۋە چوڭ نەۋرىسى تەمۇر بۇقانىڭ يىلنامىلىرىگە قارىغاندا، قوچو ئۇرۇشى پەقەت جىيۇەننىڭ 12 - يىلى بولۇشىلا مۇمكىن، ئۇنىڭدىن 10 يىل كېيىن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى تۆۋەندە كۆپچىلىككە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىدىقۇت قوچو خانلىرى جەمەتىگە دائىر چوڭ ئىشلار تەپسىلىي تەتقىق قىلىنىدۇ.

*«قوچو قورشاۋدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، «قوچغار، ئوردىغا بېرىپ تۆھپىسىنى مەلۇم قىلدى، پادىشاھ ئۇنىڭغا زور مۇكاپات ئىنئام قىلىپ، مەلىكە باباچارنى خوتۇنلۇققا بەردى، «مەلىكە، دىڭ زۇڭ خانىنىڭ قىزى ئىدى. يەنە پۇقرالارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن 12 تۈمەن ياستۇق پۇل ئىلتىپات قىلدى. قوچوغا قايتقاندىن كېيىن، قوچونىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇلغا بېرىپ تۇردى، ئەسكىرىي كۈچى تېخى ئاجىز ئىدى، شىمالدىكى قوشۇن تۇيۇقسىز بېسىپ كەلدى، قاتتىق جەڭدە كۈچى تۈگەپ، ئۆزى ئۆلدى.*

«دىڭ زۇڭ خان» موڭغۇل خانى كۇيۇكنى كۆرسىتىدۇ. «باباچار» موڭغۇلچە ئىسىم، بەزىلەر ئۇنى «باباقار» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ، ئۇ كۇيۇكخاننىڭ قىزى. «قوچونىڭ جەنۇبى» قوچونىڭ شەرقىنى كۆرسىتىدۇ، قۇمۇل قوچو (ھازىرقى تۇرپان)نىڭ دەل شەرقىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەپ قارىشى خەنزۇلارنىڭكىدىن سائەت ستىرىلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە 90° پەرق قىلغاچقا، «قوچونىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇل» دېيىلگەن. جىيۇەننىڭ 17 - يىلى (1280 - يىلى) قوچغار قۇمۇلدا تۇردى، توبا قوشۇنىغا قارشى جەڭدە ئۆلدى.

*ئوغلى نورىن تېكىن كىچىك بولسىمۇ، ئەسكەر باشلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ئاتىسىنىڭ ئۆچىنى ئالماقچى بولدى. خان ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى كۆرۈپ، بىر تۈمەن ياستۇق پۇل ئىنئام قىلدى، مەلىكە بۇلۇقاننى خوتۇنلۇققا بەردى. «مەلىكە، تەيزۇڭ خانىنىڭ نەۋرىسى ئىدى. بۇلۇقان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىڭلىسى باباچانى ئىنئام قىلدى.*

تەيزۇڭ خان موڭغۇل خانى ئۆگۆداينى كۆرسىتىدۇ. «شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ئاتىسىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش» دېيىلگىنى غەربكە يۈرۈش قىلىپ چاغاتاي خانى توبادىن ئاتىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ چاغدا «نورىن تېكىن كىچىك» بولۇپ 12 ياشلاردا ئىدى. قۇبلاينىڭ موڭغۇل مەلىكىلىرى بۇلۇقان، باباچالارنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشى ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىنكى ئىشلار. نورىن تېكىننىڭ كىنچاتاي ئاتلىق بىر ئۇكىسى بولۇپ، كېيىن يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن، مەڭگۈتاش تېكىستىدە ئۇنىڭ ئېتى تىلغا ئېلىنىدۇ.

*پەرمانى بويىچە خېشى رايونىدىن ئاتلىنىپ، چوڭ قوشۇن بىلەن بىللە شىمالغا يۈرۈش قىلىشنى كۈتۈپ، يۇڭچاڭدا تۇرۇپ قالدى. تۇبۇتلاردىن توسىمالار ئىسيان كۆتۈرگەندە ئىناۋەتلىك تۆرە، باش مىرزا، تۇبۇت ئايغاقچى ئامبىلى ۋەزىپىسى بىلەن تامغاچ قوشۇنىنى باشلاپ كىرىپ، تۇبۇتلارنى تىنجىتتى. ئۇ «نورىن تېكىننى كۆرسىتىدۇ»، قەھرىلىك، ئەخلاقلىق، ئوچۇق كۆڭۈل، لەۋزىدە تۇرىدىغان ئادەم بولغانلىقتىن، قاراقچىلار تۈگەپ، پۇقرالار ئەمىن بولدى.*

توبانىڭ قوچوغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغىنىدىن كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا، مەڭگۈتاشنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇزۇن بولدى چىقىپ كەتكەن بەش تېكىندىن بىرسى ئويغا (ئىچكىرىگە) كىرىپ كېتىپ يانمىدى دەپ خەۋەر كەلدى». دېمەك، قوچغار تېكىننىڭ بەش ئوغۇل ئۇكىسى ئۇيغۇرىيىدىن ئىچكىرىگە بېرىپ يۈەن سۇلالىسىنى قوغداش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى شىمزۇ تەزكىرىسى»دە: «جىيۇەننىڭ 22 - يىلى. . . 10 - ئايدا. . . سۆكسۆك تېكىن ئۇيغۇرلاردىن مىڭ تۇتۇننى باشلاپ بېرىپ، خېلاجاڭ (ھازىر يۈننەن تەۋەسىدە)نى قوغدىدى» دېيىلگەن. سۆكسۆك تېكىن بەش تېكىن-

نىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى مىڭ تۈتۈن ئۆي چۆرىسىدە ئۇيغۇرلارنى ئېلىپ ئىچكى ئۆلكىلەردە خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ئوغلى نۇرىن تېكىنمۇ شۇنداق، قوچغار تېكىن ئۇرۇشتا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ كىچىك بولسىمۇ پۇقرالىرىنى باشلاپ بېرىپ، خېشى رايونىنى قوغدىغان. شۇڭا، ئاتىسى بىلەن بىللە ئۆلمەي قالغان ۋە پۇقرالىرىنى ئېلىپ، خېشى رايونىدىكى يوڭچاڭغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ يەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان جاي ئىدى. شۇڭا، نۇرىن تېكىنىنىڭ بۇ يەرنى ئىككىنچى يۇرت قىلىپ تاللىشى تاسادىپىي ئەمەس. تۇبۇت (ھازىرقى زاڭزۇلارنىڭ ئەجدادى) تىلىدا «كۆكنۇر» (چىڭخەي) «دو» (تۆپە، دۆڭ مەنىسىدە) 朵 دەپ، ئۇنىڭ تۆۋەن تەرەپلىرى «سىما» (麻思) دېيىلىدۇ، «麻思朵» نىڭ مەنىسى «كۆكنۇرنىڭ تۆۋەن تەرەپلىرى» دېگەنلىك بولىدۇ. مەڭگۈ تاشتا «麻思朵» سۆزى «麻思脱» (توسىما) دەپ يېزىلغان، يۈەن سۇلالىسى چىڭگىزخاننىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، نۇرىن تېكىن تۇبۇت ئايغاقچى ئامبىلى بولۇپ، كۆكنۇرنىڭ شەرق تەرەپلىرىنى ساقلىغان.

*ۋۇزۇڭ خان چاقىرتىپ كېلىپ، ئىدىقۇت قىلىپ تەيىنلىدى، ئالتۇن تامغا ئىنئام قىلدى، نازارەتچىلىك مەھكىمىسىنىڭ بېگى مەنسىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.*

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇزۇڭ خانى ھەسەن دادىنىڭ 12 - يىلى (مىلادىيىنىڭ 1308 - يىلى) 5 - ئايدا تەختكە ئولتۇردى، شۇ يىلى يىلنامىنى «جىدا»غا ئۆزگەرتتى. نۇرىن تېكىننى كۆكنۇردىن خانبالىققا (ھازىرقى بېيجىڭگە) چاقىرتىپ، ئۇنى ئىدىقۇتلۇققا تەيىنلىشى شۇ يىلى كۈزدىن كېيىنكى ئىش. ئەمەلىيەتتە، قوچغار تېكىن ئۇرۇشتا ئۆلگەندىن كېيىنلا، ئۇيغۇرلار نۇرىن تېكىننى ئىدىقۇت دەپ تونۇغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ۋە تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان شۇ دەۋرگە تەئەللۇق ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە «ئىدىقۇت» دېگەن نام ھەمىشە ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 19 - جىلد «چىڭگىزخان (2)» دە: «يۈەنجېننىڭ 2 - يىلى 6 - ئايدا كوراگان ئىدىقۇت چېچىلىپ كەتكەن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى يىغىشقا بۇيرۇلدى» دېيىلىدۇ. «يۈەنجېننىڭ 2 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1296 - يىلىنى كۆرسىتىدۇ. «كوراگان» پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى دېگەن مەنىدە. نۇرىن تېكىن موڭغۇل مەلىكىسى بۇلۇغاننى يېڭى نىكاھىغا ئالغاندا «كوراگان ئىدىقۇت» دەپ ئاتالغان، بىراق بۇ «ئىدىقۇت» يۈەن سۇلالىسى بەرگەن نام ئەمەس. مەڭگۈتاشنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستىدىمۇ: «كۆركلۈگ قا... ئان سۇيۇرقاپ... قۇتلۇغ بىچىن يىلىن ئىدۇق - قۇت ئاتانىپ» (كۆركەم قا... ئان ئىنئام قىلىپ... قۇتلۇق مايمۇن يىلى ئىدىقۇت ئاتالدى) دېيىلىدۇ. «مايمۇن يىلى» مىلادىيىنىڭ 1308 - يىلىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، نۇرىن تېكىنگە ئىدىقۇت نامى بېرىلىشى، ئۇنىڭغا «ئىدىقۇت» ئالتۇن تامغىسى ئىنئام قىلىنىشى ۋۇزۇڭ خان ھەسەن تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى ئىش.

قايدۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى چەبەر تەختكە چىقىپ، چاغاتاي خانى توۋا بىلەن كېلىشەلمىدى، ھە دېسە ئۇرۇشۇپ، كۆپ قېتىم يېڭىلدى. جىدانىڭ 3 - يىلى (مىلادىيىنىڭ 1310 - يىلى) توۋا ئۆلۈپ، ئوغلى كۆبەك ئەمدىلا تەختكە چىققان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چەبەر چاغاتاي خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىگە قوشۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالى، ئالمالىق (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى) نىڭ شەرقى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى، قەشقەرنىڭ شەرقى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتتى. چاغاتاي خانلىقىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، يۈەن سۇلالىسى ئاۋۋال ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يازلىق پايتەختى بەشبالىقتا «نازارەتچىلىك مەھكىمىسى» قۇرۇپ، ئالتۇن تاغ (ئالتاي تېغى) نىڭ غەربىدىكى رايونلاردا كۆپلەپ ئەسكەر تۇرغۇزدى. نۇرىن تېكىن ئىدىقۇت «نازارەتچىلىك مەھكىمىسى» نىڭ ئەمەلدارلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەڭگۈتاش تېكىستىدە «نازارەتچىلىك مەھكىمىسىنىڭ بېگى مەنسىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى» دېيىلگەن. شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي، «نازارەتچىلىك مەھكىمىسى» نىڭ نامى «بەشبالىق باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» گە ئۆزگەرتىلدى.

*رېنزۇڭ خان يەنە قوچو خانى قىلىپ تەيىنلەپ، ئايرىم ئالتۇن تامغا ئىنئام قىلدى. خانغا ياردەمچى ئەمەلدار قويدى، ئۇنىڭ خانلىق تامغىسى ئىچكى رايونلارغا ئىشلىتىلىدۇ، ئىدىقۇت تامغىسى ئۇيغۇرىكە ئىشلىتىلىدۇ.*

يۈەن سۇلالىسىنىڭ رېنزۇڭ خانى ئايۇلى بارىباتا مىلادىيىنىڭ 1311 - يىلى ئەتىيازدا تەختكە ئولتۇردى. كېيىنكى يىلى يىلنامىنى «خۇاڭچىڭ»غا ئۆزگەرتىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئىزىغا سالدى. شۇڭا نۇرىن تېكىننى قوچو خانلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا ئالتۇن

تامغا ئىنئام قىلىش خۇاڭچىڭنىڭ تۈنجى يىلى يەنى مىلادىيىنىڭ 1313 ـ يىلىدىكى ئىش.

*باباچا مەلىكە ئۆلدى، ئۆلانجىن مەلىكىنى ئەمرىگە ئالدى. ئۇ ئەنشى خانى ئانەندانىڭ قىزى ئىدى. قوشۇننى باشلاپ قوچوغا قايتىپ كېلىپ ئۇيغۇرىيە شەھەرلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.*

توبا ۋە چەبەرلەر يۈەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرىيە قايتىدىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى ھەم چاغاتاي خانلىقى ۋە ئوگۇداي خانلىقىنى نازارەت قىلىدىغان ئالدىنقى بازىغا ئايلاندى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار بەشبالىق قاتارلىق شەھەرلەرنى قايتا قۇردى، يۈەن سۇلالىسى قايتا ئەسكەر تۇرغۇزدى، بەشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قوچو (هازىرقى قوچو قەدىمىي شەھىرى) قاتارلىق شەھەرلەرنى رېنزۇڭ خانىنىڭ خۇاڭچىڭ يىللىرىغا كەلگەندە، ئاندىن نۇرىن تېكىن قوشۇننى باشلاپ يۇرتىغا قايتىپ قايتا قۇرۇپ چىقتى ۋە ئەسكەر توختىتىپ مۇھاپىزەت قىلدى.

兀剌真 (ئۆلانجىن) نى بەزىلەر موڭغۇلچە Ulajen«ئۇلاجېن» دېگەن سۆز دەيدۇ، مېنىڭچە، Ulajen«ئۇلانجېن» دەپ ئوقۇش كېرەك. «ئۇلان» موڭغۇلچە «قىزىل» دېگەنلىك بولىدۇ. موڭغۇل قىزلىرى كۆپۈنچە بۇ سۆزنى ئىسىم قىلىپ قوللىنىدۇ. ئانەندا قۇبلاينىڭ نەۋرىسى، ماڭگىلانىڭ ئوغلى، ئۇ ئەنشى خانى قىلىپ تەيىنلەنگەن، ئوردىسىنى چاڭئەن (هازىرقى شىئەن) دە تەسىس قىلغان.

*نۇرىن تېكىن، يەنىۋۇنىڭ 5 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئۆلدى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى، چوڭىنىڭ ئىسمى تەمۈر بۇقا، كىچىكىنىڭ ساڭكى ئىدى. مەڭگۈتاشنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستىدە تەمۈربۇقا «Tämür Buqa»، ساڭكى «Sang ki» دېيىلگەن. تايپىنۇ بولسا Taypinu دېيىلگەن.*

*تەمۈر بۇقا دادى يىللىرىدا مەلىكە تۇرچىسمانىنى ئەمرىگە ئالغان، ئۇ كۆدەن شاھزادىنىڭ نەۋرىسى ئىدى. جىدا يىللىرىدا ئاتىسىغا ئەگىشىپ ئوردىغا كىرىپ مەھرەم بېگى بولۇشقا تەييارلانغان. كېيىن خان سانىيىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن ئىشىكئاغا، باش قورۇقچىبەگ بولغان، ئاندىن ئارخىپخانا بېگىگە ئۆستۈرۈلگەن. ئاندىن يەنە كۆڭچاڭ قاتارلىق جايلاردا ئەمىر لەشكەر، دارۇغاچ بولغان. ئاتىسىنىڭ دېپنە ئىشلىرى ئۈچۈن يۇڭچاڭغا كەلگەندە قوچو خانلىق ئورنىنى كىچىك ئاتىسى كىنچاتايغا ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى بولغاندا، كىنچاتاي تېكىن قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمىغانلىقتىن، ئىدىقۇت ۋە قوچو خانلىقىنى قولىغا ئالدى. جىجى يىللىرىدا ناناداش خان بىلەن بىللە گەنسۇنىڭ لەشكىرىي ئىشلىرىنى باشقۇردى ھەم ئۆز قەۋمىنىمۇ باشقۇرۇپ تۇردى. تەيدىڭ يىللىرىدا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، سۇر ـ ھەيۋەتلىك خان كەنجى بۇقا، تىنچلاندۇرغۇچى خان مايىنۇ، ئاسايىشلىق ئورناتقۇچى خان كۆل بۇقا قاتارلىقلار بىلەن بىللە شىياڭگىيادا ئەمەلدار بولدى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇچ ۋەزىرگە ئوخشاش مەھكىمە قۇرۇپ، خونەن ـ گۇاڭدۇڭ مەمۇرىي ئىشلار مۇپەتتىشلىكىنى ئىشلىدى.*

*هازىرقى پادىشاھ بۈيۈك بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن چاقىرتىپ، سول قول ۋەزىر مەنسىپى بىلەن بېيەنلياڭغا ئەۋەتتى. تەمۈربۇقا ئاستانىگە قۇيۇندەك تېز يېتىپ بېرىپ، يەكدىللىك بىلەن چوڭ ئاپەتنى تىنجىتتى، ئاندىن خونەن ـ گۇاڭدۇڭنى ساقلىدى.*

كۆدەن شاھزادە يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەيزۇڭ خانى ئوگۇداينىڭ ئوغلى. شۇڭا، تۇرچىسمان مەلىكە ئوگۇداينىڭ نەسەبىدىن كېلىپ چىققان. مەڭگۈتاشتىن بىلىش مۇمكىنكى، ئاتىسى نۇرىن تېكىن ۋاپات بولۇش ئالدىدا تەمۈر بۇقا بەشبالىقنىڭ قورۇقچىبېگى بولۇپ، قەدىمىي شەھەر بەشبالىقتا تۇرغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. خانلارنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، كەنجى بۇقاغا سۇر ـ ھەيۋەتلىك خان نامى تەيدىڭنىڭ 3 ـ يىلى بېرىلگەن. مايىنۇغا تىنچلاندۇرغۇچى خان نامى تەيدىڭنىڭ 3 ـ يىلى بېرىلگەن. كۆل بۇقاغا ئاسايىشلىق ئورناتقۇچى خان نامى تەيدىڭنىڭ 4 ـ يىلى بېرىلگەن. دېمەك، تەمۈر بۇقانىڭ خونەن ـ گۇاڭدۇڭنى بۇ ئۇچ خان بىلەن ئورتاق باشقۇرۇشى تەيدىڭنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 1327 ـ يىلى) دىكى ئىش بولۇشى كېرەك. [18] «هازىرقى پادىشاھ» يۈەن سۇلالىسىنىڭ ۋېنزۇڭ خانى تۇغتەمۈرنى كۆرسىتىدۇ، تەيدىڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۇنىڭ مەنسىپى چۈشۈرۈلۈپ، جياڭلىڭدا تۇرغان، بۇ يەر تەمۈر بۇقا باشقۇرۋاتقان خونەن ـ گۇاڭدۇڭ مەمۇرىي ئىشلار ۋازارىتىنىڭ دائىرىسىدا بولغاچقا، جىخېنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىنىڭ 1328 ـ يىلى) خانلىقنى قوغداۋاتقان يانزى تەمۈر سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، تۇغتەمۈر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن جياڭلىڭغا كەلگەندە، خونەن ـ گۇاڭدۇڭ مەمۇرىي ئىشلار ۋازارىتىدىكى تەمۈر بۇقا ۋە ئۇنىڭ ئىشداشلىرى بولغان ئۈچ خان قارشى ئالغان ئىدى. تۇغتەمۈر تەختكە چىققاندىن كېيىن

2005·2

قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يۇقىرى ئاستانە كۆرۈزھى لەشكەر باشلاپ ئاسىيلىق قىلدى. تۇغتەمۇر ۋە ئۇچ خان شىمالغا بېرىپ جەڭگە قاتنىشىشقا چاقىرىلدى. شۇڭا، مەڭگۈتاشتا «ئاستانىگە قويۇندەك تېز بېرىپ، يەكدىللىك بىلەن چوڭ ئاپەتنى تىنجىتتى» دېيىلگەن. مەڭگۈتاش تېكىستىنى يازغۇچى يۇ جى بۇ قېتىمقى ئىچكى ئۇرۇشقا باشقىچە قاراشتا بولغاچقىمىكىن، جىشۈننىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 1331 ـ يىلى) پەرمان بويىچە بۇ يادنامىنى يازغان، «ئاستانىگە قويۇندەك تېز يېتىپ بېرىپ يەكدىللىك بىلەن چوڭ ئاپەتنى تىنجىتتى» دېگەن سۆزلەرنى تىلغا ئالمىغان، بۇلارنى تايپىنۇ تاشقا خەت ئويدۇرۇپ ئابىدە تىكلەش ۋاقتىدا قوشۇپ قويغان.

*سول قول ياردەمچى ۋەزىر نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا زىيان سالدى، يۇقىرىلارمۇ چىدىغۇسىز كۈنلەرگە قالدى، شۇنىڭ بىلەن . . . نىڭ يارلىقى بويىچە ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى. شۇ چاغدا (تەمۇر بۇقانىڭ) شەپقەت تىلەپ پادىشاھقا: «گۇناھى بار دېگەندىمۇ ئۆلتۈرمىگىنىمىز تۈزۈك» دەپ قايتا ـ قايتا ئۆتۈنۈشى بىلەن ئۆلۈمدىن خالاس تاپتى. گۇناھى سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاقى ئېغىز ـ ئېغىزلاردا ماختالدى.*

مەڭگۈ تاشتا دېيىلگەن «سول قول ياردەمچى ۋەزىر»نىڭ ئىسمى يېزىلمىغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ۋىنزۇڭ خاننىڭ نەسەبنامىسى»دىمۇ سول قول ياردەمچى ۋەزىر نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا زىيان سالغانلىقى، ۋىنزۇڭ خان ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرىغانلىقى، تەمۇر بۇقا قايتا ـ قايتا شەپقەت تىلىگەنلىكىگە دائىر پاكىت ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا بۇ گۇمانلىق مەسىلە ئۈستىدە توختالمايمىز.

*تيەنلىنىڭ ئۈنجى يىلى 10 ـ ئايدا مەھكىمىدار ۋەزىرلىك مەرتىۋىسى بېرىلىپ، ئالىي دۆلەت ئەركانى، لەشكىرىي ۋازارەتنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى، زۇراغالىق مەھكىمىسىنىڭ ئامبىلى بولۇشقا تەيىنلەندى. كېيىنكى يىلى 2 ـ ئايدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىدە كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۈچۈن قارا دىۋان سول قول ۋەزىرلىكىگە قويىدى. 3 ـ ئايدا ۋەلىئەھدىنىڭ غوجىدار بېگى قىلىپ بەلگىلەندى. 10 ـ ئايدا ئوردا باش تەپتىش بېگى مەنسىپىنى بەردى. ئوردا باش تەپتىش بېگى سول قول باش ۋەزىر دېمەكتۇر. ئىدىقۇت ۋە قوچۇ خانلىقى مەنسەپلىرىنى ئۈكىسى ساڭگىغا ئۆتۈنۈپ بەردى.*

ئىلاۋە: يۈجىنىڭ «قوچۇ خانلىرى تۆھپە مەڭگۈ تېشى»دا «ئوردا باش تەپتىش بېگى سول قول باش ۋەزىر دېمەكتۇر» دېن كېيىن، «ئىدىقۇت ۋە قوچۇ خانلىقى مەنسەپلىرىنى ئۈكىسى ساڭگىغا ئۆتۈنۈپ بەردى»نىڭ ئالدىدا «ئالدىنقى خاننىڭ ۋەسىيىتىنى ئەسلەپ ئۆتۈنۈپ» دېگەن سۆزلەر بار ئىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا نۇرىن تېكىن كۆز يۇمۇش ئالدىدا ئورنىنى چوڭ ئوغلى تەمۇر بۇقاغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىللە، تەمۇر بۇقاغا كېيىن ئورنىنى ئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەي، ئاكىسىدىن ئۈكىسىغا قېلىش شەكلىدە ئاپا بىر ئۈكىسى ساڭگىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تاپىلىغان. شۇڭا تەمۇر بۇقا ئوردىدا سول قول باش ۋەزىر بولغاندىن كېيىن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىششىنى كۈتۈپ تۇرمايلا، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئىدىقۇت ۋە قوچۇ خانلىقى ئورنىنى ئۈكىسىغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن.

*ساڭگى ئالغان خوتۇنىنىڭ ئېتى بەنجىن، كۇدېن شاھزادىنىڭ نەۋرىسى، بەنجىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىڭلىسى بۇيانقۇلنى ئالغان. ساڭگى ئۆلگەندىن كېيىن، ئىدىقۇت، قوچۇ خانلىقى مەنسىۋىگە ئۈكىسى تايپىنۇ ۋارىسلىق قىلغان.*

مەڭگۈ تاشنىڭ تېكىستىنى يازغان يۈجى «داۋيۈەن يادنامىلىرى. قوچۇ خانلىرى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دە ساڭگى ھەققىدىكى يۇقىرىدىكى جۈملىنى تىلغا ئالمىغان. تېكىستنىڭ كىرىش سۆزىدىن بىلىش مۇمكىنكى، يۈجى بۇ تېكىستنى جىشۈننىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 1331 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا يازغان. كېيىنكى يىلى كېسەل سەۋەبىدىن دەم ئېلىشقا چىقىپ يۇرتىغا كەتكەن. ساڭگىنىڭ ئىككى مەلىكىنى ئەمرىگە ئالغانلىقى ھەم تايپىنۇنىڭ ئىدىقۇت ۋە قوچۇ خانلىقىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى جىشۈننىڭ 3 ـ يىلىدىن كېيىنكى ئىشلار بولۇپ، تايپىنۇ ئابىدە تىكلەش ۋاقتىدا قوشقان، شۇڭا بۇ ئىشلار يۈجى مەڭگۈ تاش ئۈچۈن يازغان تېكىستتە يوق.

ساڭگى قاچان ئۆلگەنلىكى، تايپىنۇ قاچان ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغانلىقى ھەققىدە مەڭگۈ تاشتا ئېنىق بىر نېمە دېيىلمىگەن. تاۋ زۇڭيى «تىرىكچىلىك خاتىرىلىرى» دە دېيىشىچە: «خەلپەت بەگ بايان ھوقۇق تۇتقان كۈنلەردە تەنچىڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى چېچىدۇ، قوچۇ خانى تەمۇر بۇقالار گۇناھسىز ئۆلتۈرۈلگەن. شەندۇڭنىڭ ئامبىلى ساۋمىڭشەن ئەينى ۋاقىتتا ئاستانىدا بۇ ئىش ھەققىدە ئۆز قارىشىنى بايان قىلىپ، «مىنجياڭلۇ» كۈيىگە ئىككى تېكىست يېزىپ، بەش قۇۋۇق ئۈستىگە ئاشكارە چاپلىغان. بايان غەزەپلىنىپ، قول ئاستىدىكىلەرنى ئاستىرىتتىن تەكشۈرۈشكە بۇيرىغان. راستلىقى ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ئادەم ئەۋە-

تىپ تۆتماقچى بولغان، ساۋمىڭشەن قېچىپ، بىر راھىبنىڭ تۇرالغۇسىغا كىرىپ مۆكۈۋالغان، ئۇ يەردە نەچچە يىللار تۇرۇپ، باياننىڭ ئىشلىرى يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاستانىگە بارغان» ⑲.
بايان يۈەنتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىنىڭ 1333 ـ يىلى) 6 ـ ئايدا خەلىپەت بەگ ئۇلۇغ قول ۋەزىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. جىيۈەننىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 1340 ـ يىلى) ئەتىياز 2 ـ ئايدا گۇناھ ئارتىلىپ، ئېنجۇ ئايمىقىنىڭ جەنۇبىغا قوغلاندى قىلىنغاندا، يولدا ئۆلگەن. دېمەك، تەمۇر بۇقا بايان ھاكىمۇتلەقلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۆلتۈرۈلگەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ليۇ جى «سەممىيەت ساھىبى يىبو ماقالىلىرى» دېگەن ئەسىرىدىمۇ: «ۋەزىر قوچو خان گۇناھ ئارتىلىپ ئۆلتۈرۈلدى، ئىشلىرى ئۇكىسىغا قالدى» ⑳ دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردىكى «ۋەزىر قوچوخان» تەمۇر بۇقانى، «ئۇكىسى» ئاپا بىر ئىنىسى ساڭگىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلار ئىككىلىسى ئۆلتۈرۈلگەن. بىراق ئاپا باشقا ئۇكىسى تايپىنۇ ئىدىقۇت قوچو خانلىقى ئورنىدا خاتىرجەم ئولتۇرۇۋەرگەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن يەنە يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار قەبىلىسىنىڭ ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىنىڭ قايىنىمىغا كىرىپ قېلىپ، بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندەك قىلىدۇ. بۇ چوقۇم تايپىنۇ تەختتە ئولتۇرۇپ ئابىدە تىكلەشتىن بۇرۇن بولغان ئىش. مەڭگۈ تاشنىڭ خەنزۇچە تېكىستىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق بىر قۇر بار: «يۈەنتۇڭنىڭ 2 ـ يىلى ئىت يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئالدىنقى ئون كۈننىڭ ئىچىدىكى قۇتلۇق بىر كۈندە بۇ ئابىدە تىكلەندى. خانبالىغ باقاۋۇل مەھكىمىسى (لىيۇشۇسى) نىڭ ياساۋۇل بېگى ياڭ شيۇ (ياڭ تىلىك) نىڭ بۇيرۇتمىسى بويىچە ياسالدى». يۈەن سۇلالىسىنىڭ شۇندى خانى يۈەنتۇڭنىڭ 2 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1334 ـ يىلىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە مەڭگۈ تاشنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستىنىڭ 61 ـ بۆلىكىدە: «ئىت يىلى ئونونچ ئاي قۇتلۇق ئەدگۈ كۈن ئۈزە تولپ تۆكەل بۈتۈرۈ تۇرغۇزۇلدى» (ئىت يىلى 10 ـ ئاي قۇتلۇق خاسىيەتلىك كۈندە تولۇق ـ تۆگەل پۈتۈپ تىكلەندى) دېيىلگەن. بۇ يەردىكى ئىت يىلىمۇ مىلادىيىنىڭ 1334 ـ يىلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خاتىرىلەردىن بىلىش مۇمكىنكى، تۆمۈر بۇقا بىلەن ساڭگى يۈەنتۇڭنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 1334 ـ يىلى) نىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ شۇندى خانى تۇغان تەمۇر تەختكە چىققان يۈەنتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى 6 ـ ئايدا بايان خەلىپەت بەگ ئۇلۇغ قول ۋەزىر بولغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن.

*قوچولۇقلار ئەجدادىنىڭ كېلىپ چىقىشى تولىمۇ سىرلىق، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى نەچچە ئون ئەۋلاد ئۆتۈپ، ئۆز يۇرتىنى ھازىرغىچە باشقۇرۇپ كەپتۇ. بۇ ھەقىقەتەن قالتىس ئىش! قوچغار تېكىن خانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلىپ، ئىسسىق قېنى بىلەن پۇقرالىرىنى قۇتقۇزدى، ئاقىۋەت بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. ئۇ ھەققانىيەت يولىدا ئەنە شۇنداق پىداكارلىق كۆرسەتتى! كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن تەختكە ۋارىسلىق قىلغان ئۈچ خان ئىززەت ـ ئابروي ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت بىلەن ئەجدادلىرىنىڭ ئۈممىدىنى ئاقلىدى، تەسىرى چوڭ، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان بۇ خانلار بەكمۇ ئېھتىياتچان ۋە سالاپەتلىك بولۇپ، يول يورۇقش ۋە مېڭىش ـ تۇرۇشتا ئىنتايىن قائىدە ـ يوسۇنلۇق ئىدى، چىقىشقاق ۋە پۇقراپەرۋەر بولغاچقا، ھەقىقەتەن ھەممە جان ـ جانىۋارلار سالام بېرىدۇ دېگۈچىلىكى بار ئىدى. ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغاندا، چوڭ ـ چوڭ ئىشلار ئۈستىدە قارار چىقارغاندا يىراقنى نەزەردە تۇتۇپ، چوڭقۇر ئويلىناتتى. تەگرى تېغىدەك تەمكىن ۋە سالاپەتلىك دېيىشكە بولاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مول بىلىمى ۋە ئاجايىپ تالانتى بىلەن خاندانلىقىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ۋە روناق تېپىشى ئۈچۈن ھەمدەمدە بولغان، ئۇ ھەقىقەتەن سۇلالىمىزنىڭ بۈيۈك ۋەزىرى دېيىشكە مۇناسىپ.*

بۇ مەدھىيىدە قوچغار تېكىن، بولۇپمۇ تەمۇر بۇقا قالتىس ماختالغان. ئۇنى تەمۇر بۇقانىڭ گۈللەنگەن دەۋرىگە ئوقۇلغان مەدھىيە ناخشىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ مەدھىيىدىكى «تەختكە ۋارىسلىق قىلغان ئۈچ خان» نۇرىن تېكىن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى تەمۇر بۇقا، ساڭگىلارنى كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تايپىنۇ يوق. دېمەك، بۇ مەدھىيە يۇجى تايپىنۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشتىن بۇرۇن يازغان ئەسلى تېكىست بولۇپ، بۇ مەڭگۈ تاش تايپىنۇ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئويۇپ تىكلەنگەن.

مەڭگۈ تاشتا خەنزۇچە رەسمىي تېكىستتىن كېيىن بېرىلگەن بۇ ئۇزۇن مەدھىيىدە يېڭى تارىخىي پاكىت ۋە مەزمۇن بولمىغاچقا، بۇ ھەقتە كۆپ توختالمايمىز.

«ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» نىڭ تارىخىي قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى، مول تارىخىي پاكىتلارنى ئىچىگە ئالغان. قوچو ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىلى يۈەن سۇلالىسى

دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيىتى ناھايىتى زور.

بىرىنچىدىن، بىز كېسىپ ئېيتالايمىزكى، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» نىڭ 122 ـ جىلدىدا «بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى» تامامەن مۇشۇ مەڭگۈ تاشنىڭ خەنزۇچە تېكىستىدىن كۆچۈرۈپ ئېلىنغان. ئۇنىڭدا بارچۇق ئارت تېكىندىن تەمۇر بۇقاغىچە ئۈچ ئەۋلاد ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ مۇھىم كەچۈرمىشلىرى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. ئۇلارنىڭ قۇدرەتلىك موڭغۇل خانلىقى ۋە يۈەن سۇلالىسىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇل، خەنزۇ، مۇسۇلمان قەۋملەر، تۇبۇت ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش يولىدىكى ئۇلۇغ تۆھپىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، جۇڭگو مىللەتلىرى تارىخىدىكى پارلاق بىر سەھىپە ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بۇ ئابىدىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ، بىز يۈەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئالدىدىكى ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ نەسەبنامىسىنى تولۇق ۋە ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرەلەيمىز:




شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەڭگۈ تاشتىن بىلىش مۇمكىنكى، قوچو ئۇيغۇرلىرى غەربىي رايوندا چىڭگىزخانغا ئەڭ بۇرۇن بەيئەت قىلغان. شۇڭا، بارچۇق ئارت تېكىن چىڭگىزخاننىڭ بەشىنچى ئوغلى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئالتۇن جەمەت (چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى) نىڭ توققۇز مەلىكىسىگە ئۆيلىنىپ، مۇستەھكەم قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئىدىقۇت جەمەتى چىڭگىزخان جەمەتىدىنلا كېيىن تۇرىدىغان جەمەتكە، ئۇيغۇرلار موڭغۇللاردىنلا كېيىن تۇرىدىغان مىللەتكە ئايلانغان. مەڭگۈ تاشتا ئۈچ ئەۋلاد ئىدىقۇتنىڭ موڭغۇل مەلىكىلىرىگە ئۆيلىنىش تارىخى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن، بۇ ئەھۋالنى تۆۋەندىكىچە جەدۋەللەشتۈرۈش مۇمكىن:

بارچۇق ئارت تېكىن ——|—— ئىبىل ئالتۇن

كەسمەس ——|—— ئالانجىن («تارىخىي جاھانكۇشاي» غا قاراڭ)

مامۇراق (يوق)

قوچغار ——|—— باباچار

نۇرىن تېكىن ——|—— بۇلۇقان، باباچا، ئۇلانجىن

تەمۇر بۇقا ——|—— تورچىسمان

ساڭكى ——|—— بەنجىن، بۇيانقۇل

نۇرىن تېكىن ئۆز قەۋمىنىڭ تامغاچ قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ، كۆكنۇر رايونىنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ، تۇبۇت ئايغاقچى ئامبىلى ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. «توسىما» تۇبۇت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىسيانىنى تىنجىتىپلا قالماي، سانسىز تۇبۇت مۇساپىرلىرىنى يۇرتىغا قايتۇرۇپ كېلىپ هال سورىدى ۋە ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى. كۆكنۇرنىڭ غەربى ۋە تارىم لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبى سېرىق ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلار بولۇپ، ئۇلار ئەسلى ئۇيغۇرلار بىلەن بىر مىللەت ئىدى. نۇرىن تېكىن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار سېرىق ئۇيغۇرلارنى خاتىرجەم قىلىش ۋە قوغداش جەھەتتىمۇ تۆھپە قوشتى. تۆھپە مەڭگۇ تېشىنى «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ۋە «يېڭى يۈەن سۇلالىسى تارىخى» بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، بۇ جەھەتتىكى تارىخ تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. مىڭ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە گەنسۇنىڭ يۇڭچاڭ رايونىدىكى بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار سېرىق ئۇيغۇرلارغا سىڭىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ مەڭگۇ تاشتا خاتىرىلەنگەن نۇرىن تېكىننىڭ بىر قىسىم تارىخى بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋىتى بار.

مەڭگۇ تاشتا تەمۇر بۇقانىڭ ھاياتى بىر قەدەر تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن، مەدھىيەمۇ كۆپرەك ئوقۇلغان. تەمۇر بۇقا قوشۇنىنى باشلاپ شياڭياڭنى ساقلىغانلىقى، كېيىن ئۇزۇن مۇددەت خونەن ـ گۇاڭدۇڭ مەمۇرىي رايونىنى ساقلىغانلىقى، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئۇ يەرلەردە تۇرۇپ قالغانلىقى نەتىجىسىدە، هازىرقى خونەننىڭ چاڭدې شەھىرى ۋە تاۋيۈەن ناھىيىسىدە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار بارلىققا كەلگەن. كېيىن ئۇ يەنە يۈەن سۇلالىسى ۋىنزۇڭ خانىنىڭ چاقىرىقىغا بىنائەن لەشكەر باشلاپ شىمالغا بېرىپ، پادىشاھ ئۈچۈن كۈچ چىقارغان، بېيەنلياڭغا كەلگەندە، خېنەن مەمۇرىي رايونىدىكى ئارمىيە ـ خەلق بىلەن بىرلىكتە، يۇقىرى ئاستانە گورۇھىدىكى خانلارنىڭ جەنۇبتا پاراكەندىچىلىك سالغان قوشۇنىغا قارشى تۇرغان. شۇ چاغدا بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار خېنەننىڭ غەربىدە تۇرۇپ قالغان. شۇڭا، هازىر خېنەننىڭ چىشيەن ناھىيىسىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تۈركۈم ئەۋلادلىرى بار. بۇ ئىككى جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى يەرلىك ئاھالىنىڭ تەسىرىدە دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، «ئۇيغۇر» نامىنى هازىرغىچە ساقلاپ كەلمەكتە. تەمۇر بۇقا يەنە ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ «ئاستانىگە قويۇن-



2005.2

دەك تېز بېرىپ، چوڭ ئاپەتنى تىنجىتىپ»، يۇقىرى ئاستانە گۈزۈمىدىكى خانلارنىڭ توپىلىڭىنى ئۇزۇل-كېسىل باستۇرۇپ، خانبالىق (ھازىرقى بېيجىڭ) دا تۇرۇپ قالدى. ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ ئائىلىلىرى بېيجىڭنىڭ غەربىگە ئورۇنلاشتى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا بېيجىڭنىڭ غەربىي رايونىدىكى ھازىرقى ۋېيگوڭسۈن (ئۇيغۇر مەھەللىسى) دىن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئىدى. بىراق، تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بارا-بارا خەنزۇلىشىپ كەتتى. ھازىر يەر نامىدا «ۋېيۋۇسۈن» (ئۇيغۇر مەھەللىسى) دېگەندەك ئىزلارلا قالدى. قىسقىسى، مەڭگۈ تاشتا خاتىرىلەنگەن تەمۇر بۇقانىڭ مەنسەپ تۇتۇپ باسقان مۇساپىلىرى ھازىرغىچە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان.

«ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» نىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستىنى «جامبالىقلىق كى كى قۇرسا ئىچقۇ» يازغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. كى كى نىڭ تەرجىمىھالى» دا ئۇ «قاڭلىلار» دىن، ئۇيغۇر ئەمەس دېيىلگەن. لېكىن، ئۇ مەڭگۈ تاشنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىدا ئۆزىنى «جامبالىقلىق» دېگەن. جامبالىق قوچو ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بەش شەھىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ خارابە ئورنى ناھايىتى چوڭ، ئۇ يەر ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 20 نەچچە كىلومېتىر غەربىدىكى سانجىدا. شۇڭا، مەن ئۇنى «قاڭلى» ئەمەس، ئۇيغۇر، ھېچبولمىغاندا «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پۇقراسى» دەپ قارايمەن. ئۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر خەتتات، رەسسام، ئەدىب ۋە تارىخشۇناس. «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دىكى خەنزۇچە خەتلەرنىمۇ شۇ يازغان. ئۇنىڭ ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن ھۆسنىخەت ئەسەرلىرى خېلى بار. مەزكۇر مەڭگۈ تاشنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستى ئۇنىڭدىن قالغان ئەدەبىيات ۋە خەتتاتلىق جەھەتلەردىكى «ئىككى ياقلىما» نادىر ئەسەر بولۇپ، ئىنتايىن قىممەتلىك. ئۇيغۇرچە تېكىستىنىڭ مەزمۇنى خەنزۇچىسىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ، ئۇ تۆت مىسرالىق 61 كۇبلېت شېئىردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ھەممىسى قەدىمىي ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە باش قاپىيە شەكلىدە يېزىلغان. بەزى كۇبلېتلاردا ئاياق قاپىيە ماھارىتىمۇ ئىشلىتىلگەن. ھەر كۇبلېتنىڭ ئاخىرىغا چېكىت ئورنىدا گۈل چېكىلگەن. پۈتۈن تېكىستنىڭ سۆزلىرى كۆركەم، ھېسسىياتى تولۇق بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى نادىر ئەسەر، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تىل-يېزىقىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ يۈكسەك قىممىتى بار. ئۇنىڭ خەنزۇچە تېكىست بىلەن ئانچە ئالاقىسى بولمىغاچقا، بۇ يەردە بۇ ھەقتە مۇشۇنچىلىك توختىلىمىز.

«ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى خاتىرىلەنگەن مۇھىم ھۆججەت، مەڭگۈ تاش تېكىستىدە بەزى زور تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئېنىق ۋاقتى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، نۇرغۇنلىرىنىڭ ئادەتتىكى جەريانىلا بېرىلىپ، ۋاقتى بېرىلمىگەن. بۇ تەتقىقات ئۈچۈن مۇئەييەن قىيىنچىلىق ۋە قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مەڭگۈ تاش تېكىستىدە تىلغا ئېلىنغان ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تارىخىغا يىلنامە تۈزۈپ چىقتىم:

يۈەن تەيزۇنىڭ 4-يىلى (1209) ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن چىڭگىزخانغا بېيئەت قىلدى.

يۈەن شىيەنزۇڭنىڭ 3-يىلى (1253) ئىدىقۇت سالىندى ئۆلتۈرۈلدى، ئورنىغا ئۇكىسى ئۆگرۈنچ تەختتە ئولتۇردى.

جىيۈەننىڭ 12-يىلى (1275) توبا قوچونى يېرىم يىل قورشىدى، ئىدىقۇت قوچغار تېكىن قىزى ئېل يىغمىشنى توباغا بېرىپ، قورشاۋنى بوشىتىپ، پۇقرالىرىنى قۇتقۇلدۇردى.

تەخمىنەن جىيۈەننىڭ 17-يىلى (1280) قوچغار تېكىن قومۇلدا ئۆلدى، ئوغلى نۇرىن تېكىن تېخى 12 ياشلاردا بولۇپ، پۇقرالىرىنى باشلاپ گەنسۇدىكى يۇڭچاڭدا ۋاقىتلىق تۇردى.

تەخمىنەن جىيۈەننىڭ 23-يىلى (1286) نۇرىن تېكىن 18 ياشقا كىرگەندە، موڭغۇل مەلىكىسى بولۇقاننى نىكاھىغا ئالدى.

تەخمىنەن جىيۈەننىڭ 25-يىلى (1288) نۇرىن تېكىن 20 ياشقا كىرگەندە بولۇقان مەلىكە ئۆلۈپ، سىڭلىسى باباچا مەلىكىنى ئەمرىگە ئالدى، كېيىنكى يىلى چوڭ ئوغلى تەمۇر بۇقا تۇغۇلدى.

جىدانىڭ تۇنجى يىلى (1308) نۇرىن تېكىن 40 ياشقا كىرگەندە، يۈەن ۋۇزۇڭ ئۇنى ئىدىقۇتلۇققا تەيىنلەپ، ئالتۇن تامغا ئىنئام قىلدى. چوڭ ئوغلى تەمۇر بۇقا تەخمىنەن 19 ياشقا كىرىپ، موڭغۇل مەلىكىسى تورچىمماننى ئالدى.

خۇاڭچىڭنىڭ تۇنجى يىلى (1312) نۇرىن تېكىن 44 ياشقا كىرگەندە، يۈەن رېنزۇڭ ئۇنى قوچو خانلىقىغا ئىدىقۇت قىلىپ تەيىنلەپ، ئالتۇن تامغا ئىنئام قىلدى.

خۇاڭچىڭنىڭ 2-يىلى (1312) باباچا مەلىكە ئۆلدى، ئىدىقۇت قوچو خانى نۇرىن تېكىن موڭغۇل مەلىكىسى

ئۇلانجىبىنى ئەمرىگە ئالدى. قوچوغا قايتىپ قوچو قاتارلىق شەھەرلەرنى قايتىدىن قۇرۇشقا كىرىشتى. كېيىنكى يىلى تايپىنۇ تۇغۇلدى.

يەنيۇنىڭ 5 ـ يىلى (1318) ئىدىقۇت قوچو خانى نۇرىن تېكىن ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ يىلى تەخمىنەن 50 ياشتا ئىدى. چوڭ ئوغلى تەمۇر بۇقا تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. شۇ يىلى ئۇ تەخمىنەن 29 ياشتا ئىدى.

تەيدىڭنىڭ 4 ـ يىلى (1327) ئىدىقۇت قوچو خانى تەمۇر بۇقا ئەسكەر باشلاپ بېرىپ، شياڭياڭنى ساقلىدى. شۇ يىلى ئۇ تەخمىنەن 38 ياشتا ئىدى.

تيەنلىنىڭ 2 ـ يىلى (1329) تەمۇر بۇقا قارا دۆلەن سول قول ۋەزىرلىكىگە ئۆستۈرۈلدى. ئورنىغا ئۇكىسى ساڭگى ئىدىقۇت قوچو خانى بولدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا تەمۇر بۇقا ئوردا باش تەپتىش بېگى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەپتىش ئىشلىرىنى باشقۇردى.

يۈەنتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (1333) 6 ـ ئايدىن يۈەنتۇڭنىڭ 2 ـ يىلى (1334) 10 ـ ئايغىچە ئوردا باش تەپتىش بېگى تەمۇر بۇقا بىلەن ئىدىقۇت قوچو خانى شاڭگى خەلپەت بەگ، ئوڭ قول ۋەزىر بايان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇكىسى تايپىنۇ ئىدىقۇت قوچو خانلىقىغا ۋارىسلىق قىلدى، شۇ يىلى ئۇ تەخمىنەن 22 ياشتا ئىدى.

ئىزاھاتلار :

① خۇاڭ جىن «جىن خۇاخۇاڭ ئۆلىمانىڭ ماقالىلىرى» 24 ـ جىلد «لياۋيالڭ قاتارلىق جايلارنىڭ مەمۇرىي ئىشلار سول قول ۋەزىرى ئىنانچى تۆرىنىڭ قەبرە تېشى».

② «تارىخى جاھانكوشاي» 1 ـ قىسىم «Ⅶ. ئىدىقۇت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ ـ چىقىشى — ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى»، خې گاۋجى تەرجىمە قىلغان، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل، 1 ـ قىسىم، 62 — 64 ـ بەتلەر.

③ راشىددىن «جامىئۇت تاۋارىخ» 1 ـ بۆلۈم 3 ـ باب «ئۇيغۇر قەبىلىسى».

④ «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد 1 ـ قىسىم «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

⑤ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 215 ـ جىلد.

⑥ «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد 1 ـ قىسىم «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

⑦ ۋاڭ مىڭچىڭ «خۇيجۇ خاتىرىلىرى» 4 ـ جىلد «ۋاڭ يەندېنىڭ قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىش سەپىرىدە كۆرگەنلىرى».

⑧ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 1 ـ جىلد «تەيزۇ ھەققىدە خاتىرىلەر».

⑨ خۇاڭ جىن «جىن خۇاخۇاڭ ئۆلىمانىڭ ماقالىلىرى» 24 ـ جىلد «لياۋ ياڭ قاتارلىق جايلارنىڭ مەمۇرىي ئىشلار سول قول ۋەزىرى ئىنانچى تۆرىنىڭ قەبرە تېشى».

⑩ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 30 ـ جىلد «تيەنزۇ (4)».

⑪ «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» 10 ـ جىلد.

⑫ جۇۋەينى «تارىخى جاھانكوشاي» 1 ـ قىسىم «V ـ ئۇيغۇرىيىنىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى ۋە ئىدىقۇتنىڭ بېيئەت قىلىشى».

⑬ راشىددىن: «جامىئۇت تاۋارىخ» 1 ـ بۆلۈم 3 ـ باب «ئۇيغۇر قەبىلىسى».

⑭ جۇۋەينى: «تارىخى جاھانكوشاي» 1 ـ قىسىم «V ـ ئۇيغۇر تارىخىنىڭ داۋامى».

⑮ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 122 ـ جىلد «بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى».

⑯ «جۇڭگو تارىخى مۇكەممەل لۇغىتى» سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن سۇلالىلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر قىسمى «توبا».

⑰ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 13 ـ جىلد «شىزۇ ھەققىدە خاتىرىلەر (10)».

⑱ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 108 ـ جىلد «ۋاڭلارنىڭ تەرجىمىھالى».

⑲ تاۋ زۇڭيى: «تېرىكچىلىك خاتىرىلىرى» 8 ـ جىلد «مىنجياڭلۇ».

⑳ ليۇ جى: «سەممىيەت ساھىبى يىبو ماقالىلىرى» 6 ـ جىلد «سابىق جياڭ ـ خۇەن باش نەقلىيات بېگىنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرى ئابىدىسى».

㉑ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 143 ـ جىلد «كى كى قۇرسا ئىچقۇنىڭ تەرجىمىھالى».

**«شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.**

تەرجىمان: **يولۋاس راشىدىن**
تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

# شەرقىي چاغاتاي خانلىرىنىڭ لۇكچۇندە ئۆتكەن ئەۋلادلىرى توغرىسىدا

ھېلىمنىياز قادىر

شەرقىي چاغاتاي خانلىرى دېگىنىمىز — تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلغان جايلاردىن ئىبارەت.

چاغاتاي چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭغا بۆلۈپ بېرىلگەن زېمىن دائىرىسىدىكى چوڭ ـ كىچىك خانلىقلار چاغاتاي نامى بىلەن ئاتالغان. چاغاتاي ئەۋلادلىرى مۇسۇلمان بولۇپ ئۇيغۇرلاشقان. بۇنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن تۆۋەندىكى نەسەب تىزىملىكىنى كۆرۈپ ئۆتۈشىمىز كېرەك.

. . . چاغاتاي — ئوغلى ماموكەي، ئۇنىڭ ئوغلى يەسۇ قاراخان، ئۇنىڭ ئوغلى بۇراقخان، ئۇنىڭ ئوغلى دۇۋاخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئېسەن بۇقۇخان، ئۇنىڭ ئوغلى تۇغلۇق تۆمۈرخان (مۇشۇنىڭدىن باشلاپ مۇسۇلمان بولغان)، ئۇنىڭ ئوغلى خىزىر خوجىخان، ئۇنىڭ ئوغلى شىر ئەلى خان، ئۇنىڭ ئوغلى ئۇۋەيسخان، ئۇنىڭ ئوغلى يۇنۇسخان، ئۇنىڭ ئوغلى مەھمۇتخان ۋە ئەھمەتخان قاتارلىقلار.

بىز گەپنى ئەھمەتخاندىن باشلايمىز:

يۇنۇسخاننىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭى مەھمۇتخان چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا، كىچىك ئوغلى ئەھمەتخان چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا ھۆكۈمران بولغان.

ئەھمەتخان مىلادىيىنىڭ 1488 ـ يىلى تۇرپان تەۋەسىگە كېلىپ، لۇكچۇنگە ئولتۇراقلاشقان. لۇكچۇننىڭ ئەۋزەل، تەبىئىي ستراتېگىيىلىك ئورنىنى تونۇپ يەتكەن ئەھمەتخان لۇكچۇننى ئاستانە قىلىپ بېكىتكەن. ئۇ چاغدا ئەھمەتخاننىڭ سورىغان دائىرىسى غەربتە ئاقسۇنىڭ شەرقى، ئىسسىق كۆل بويلىرى، يەتتەسۇ، قازاقىستان دالاسى، جۇڭغار ۋادىسى، شەرقتە جىيايۈگۈەننىڭ غەربى، جەنۇبتا تىبەت دالاسىغىچە ئىدى.

ئەھمەتخاننىڭ ئائىلىسى لۇكچۇن گاماپتا تۇرغان. ئەھمەتخان جۇڭغارلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇلارنى مەغلۇب قىلغاندا «ئالاچىخان» دەپ نام ئالغان. مەنىسى — جان ئالغۇچى خان دېگەنلىك. ئەھمەتخان جۇڭغارلار بىلەن ۋە شەرقىي قىسىم بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇشۇپ غەلىبە قىلغان.

لۇكچۇن شەرقىي چاغاتاينىڭ ئاستانىسى بولغان بىلەن، خانلىققا لايىق، ھەيۋەتلىك ئوردىسى يوق ئىدى. قەدىمكى زاماندا ھۇنلار قاراۋۇلخانا قىلغان جاينىڭ ئورنىغا 1494 ـ يىلى ئوردا سېلىش پىلانلاندى. لۇكچۇن بازىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدە كەڭلىكى 40 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 55 مېتىر، ئېگىزلىكى 14 مېتىر سېغىز توپا بىلەن سوقۇپ چىڭدالغان ھۇنلار قاراۋۇلخانا قىلغان جايغا ئوردا سېلىش باشلاندى. ئوردا 1495 ـ يىلى پۈتتى. ئوردىنىڭ تۈزۈلۈشى:

1 ـ قارا قوۋۇق (چوڭ قوۋۇق)، ئوردىنىڭ بىرىنچى دەرۋازىسى. دەرۋازا ئىچىگە توغرىسىغا توسىغۇچ تام سېلىنغان. دەرۋازا ئىچىدە چوڭ بوشلۇق بولۇپ، ئات، مەپە قويۇش ئورنى، ئاتخانا قاتارلىقلار جايلاشتۇرۇلغان.

2 ـ ئەرمولك (ئىككىنچى قوۋۇق)، بۇ قوش ئىشىكتىن كىرسە دىۋان بېگى خانىسى، تار كارىدور، ئىككى تەرىپى شىپاڭلىق ئۆيلەر.

3 ـ قوش قوۋۇق ئىشىكتىن كىرسە توپ بېشى خانىسى، يەنى ئوردىنى ساقلىغۇچى مۇھاپىزەتچىلەر باش شىتابى جايلاشقان. بۇ يەردە شىمالغا سوزۇلغان چوڭ لەمپە، لەمپە ئاستىدا ئەتراپى خىش بىلەن قوپۇرۇلۇپ ئىچىگە توپا تولدۇرۇلغان بىر مېتىر ئېگىزلىكتىكى سۇپا، بۇ جاي جازا مەيدانى.

4 ـ ئىشىك جازا مەيدانىنىڭ شىمالىي تە-

2005.2

رىپىدە بولۇپ، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان تار كېمىر قاراڭغۇلۇق دەپ ئاتىلىدۇ. قاراڭغۇلۇقتىن ئۆتكەندە 41 تاش تاتما ئالدىغا كېلىدۇ.

5 ـ ئىشىك 41 تاش تاتمىنى دەسسەپ 14 مېتىر ئېگىزلىككە چىققاندا، ئېگىز ئوردا ئىچىگە كىرىدىغان ئاسما كۆۋرۈك (كۆندۈزى چۈشۈرۈلۈپ ئاخشىمى تارتىۋېلىنىدۇ) بار، ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، قوش قوۋۇقتىن كىرگەندە 2200 كۋادرات مېتىر ئېگىز ئوردا ئىچىگە كىرىدۇ. قوش قوۋۇقنىڭ ئىككى تەرىپىدە چوڭ دۆگلەك پەنجىر، پەنجىر ئالدىدا ئىككى تەرەپتە قاراۋۇل تۇرىدۇ. قاراۋۇللارنىڭ تۇرىدىغان ئورنى شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان ئۈستى يېپىق كارىدور.

6 ـ ئىشىكتىن كىرگەندە نەققاشلىق تۈۋرۈك بىلەن تۇرغۇزۇلغان چوڭ لەمپە، لەمپىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرىپىدە بەزىسى بىر قەۋەت، بەزىسى ئىككى قەۋەتلىك ئۆي، پەقەت يەتتىنچى ئىشىكتىن كىرگەندىلا خان بىلەن كۆرۈشكىلى بولىدۇ.

ئېگىز ئوردىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئىچى ئۈستى تاختا پەر، تاختا پەر ئاستىدا ھاكتىن قىلىنغان قاپارتما نەقىشلەر، ئۆي تېمىغا تۆت چاسا خىش يېپىشتۇرۇلغان. تاملىرى ھەر خىل گۈل نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن.

## ئەھمەتخاننىڭ لۈكچۈندە تۇغۇلغان ئوغۇللىرى

بىرىنچى مەنسۇر، ئىككىنچى ئىسكەندەر، ئۈچىنچى سەئىدخان، تۆتىنچى بابىچاق سۇلتان، بەشىنچى خېلىل سۇلتان، ئالتىنچى ئىمىن خوجا سۇلتان، يەتتىنچى چىن تۆمۈر سۇلتان، سەككىزىنچى يوسۇن تۆمۈر سۇلتان، توققۇزىنچى تەختى بوغا سۇلتان.

ئەھمەتخان ئاكىسى مەھمۇتخان بىلەن ئۆزبېكلەرگە جازا يۈرۈش قىلىپ، يېڭىلگەندىن كېيىن ئاقسۇغا قايتىپ كېلىپ، 1504 ـ يىلى كېسەل بىلەن ئاقسۇدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

لۈكچۈندە قارانچۇق خان بولۇۋاتقان چوڭ ئوغلى مەنسۇرخان ئۆزىنى رەسمىي خان دەپ ئېلان قىلىدۇ. يەتتەسۇ تەرەپكە ۋالى بولۇۋاتقان 11 ياشلىق خېلىل سۇلتان ئەھمەتخاننىڭ جازا يۈرۈشىگە قاتنىشىپ قازاق دالاسىدا قالغان ئاكىسى 14 ياشلىق سەئىدخان بىلەن بىرلىشىپ قازاقلار رايونىدا ئۆزلىرىنى خان دەپ ئېلان قىلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مەنسۇرخان دەرھال ئەسكەر توپلاپ ھازىرقى قازاقىستاننىڭ چىلەك رايونىغا يۈرۈش قىلىپ، ئىككى ئىنىسى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپ غەلىبە قىلىدۇ. سەئىدخان ۋە خېلىل سۇلتان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قاچىدۇ. مەنسۇرخان 1501 ـ يىلى قارانچۇق خان، 1505 ـ يىلى رەسمىي خان بولغاندىن كېيىن لۈكچۈننى مەركەز قىلىپ ئىچكىرى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى ياخشىلايدۇ. ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى جايلاردا بىر مەزگىللىك تىنچ مۇقىملىق بولۇپ، ئىگىلىك راۋاجلىنىدۇ.

مەنسۇرخان ھاكىمىيەت ئېھتىياجى ئۈچۈن ئوردىنىڭ ئەتراپىنى سامانلىق لاي بىلەن سىپىلىتىپ، ئۆگزىگە 1.5 مېتىر ئېگىزلىكتە گۈڭگۈر قورشاۋ تام ياسىتىدۇ. شۇ چاغدىكى لۈكچۈننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالدا ئىدىقۇت تېغى، شەرقىي جەنۇبتا قۇمتاغ، جەنۇبتا قۇرۇق تاغ، غەربتە شورلۇق پېتىق بولۇشتەك ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە ئىدى. ئىككىنچى تەرەپتىن لۈكچۈن شەھىرىنى ئوراپ تۇرغان، ئالتە مېتىر كەڭلىك، 14 مېتىر ئېگىزلىكتە سوقۇلغان تۆت قوۋۇقلۇق مۇستەھكەم سېپىل بار.

يۇقىرىقى ئەۋزەللىكلەر ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىشتا يېتەرلىك ئاساس بولغان. شۇ زاماندا ئوردىنىڭ ئۈستى ۋە پەستە بولۇپ 260 ئېغىز ئۆي بولغان. ئېگىز ئوردا ئىچىدە سۇ تارتىدىغان قۇدۇق، زىندان ۋە سىرتقا چىقىپ كەتكىلى بولىدىغان يەر ئاستى يولى بولغان.

مەنسۇرخان 1501 ـ يىلىدىن 1544 ـ يىلىغىچە 43 يىل خان بولغان. 1513 ـ يىلى سەئىدخان يەركەن خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن، تىنچلىقنى ئەۋزەل بىلىپ ئاكىسى مەنسۇرخان

بىلەن ئاقسۇ بىلەن كۇچانىڭ ئارىلىقىدىكى رابات دېگەن جايدا ئۇچرىشىشقا كېلىشىدۇ. ئاكا-ئۇكا بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتا بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەپ ياخشى مۇئامىلىدە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەنسۇرخان سوراۋاتقان زېمىنمۇ سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىگە قوشۇلىدۇ. بىراق مەنسۇرخان سوراۋاتقان زېمىن دائىرىسىدە مەنسۇرخان خان بولۇپ باج سېلىقنى ئۆزى باشقۇرۇش، مۇستەقىل ئەسكەر باشقۇرۇشقا كېلىشىدۇ. پەقەت چەتنىڭ تاجاۋۇزى بولغاندا ئاكا-ئۇكا بىرلىكتە قارشى تۇرىدۇ. رابات ئۇچرىشىشىنىڭ ئۇنۇملۇك بولۇشى بۇ ئىككى خاننى بىر قېتىملىق قانلىق ئۇرۇشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

1544-يىلى مەنسۇرخان ھايات چېغىدىلا ئوغلى شاھخانغا تەختنى ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. شاھخان 1565-يىللىرىغىچە ھاكىمىيەت سورايدۇ. شاھخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىر نەۋرە مەسئۇت (ئىسكەندەرنىڭ ئوغلى بولسا كېرەك) تەختكە چىقىپ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ نامىدىكى خانى ئەمەلىيەتتە شەرقتىكى جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. شاھ مەسئۇت پەقەت بەش يىل ھۆكۈمران بولىدۇ. 1570-يىلى بىر نەۋرە مەھمۇت مەسئۇتتىن ھوقۇق تارتىۋالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ شەرقىي چاغاتاي خانلىقى يوقىلىپ، لۈكچۈننى مەركەز قىلغان ھاكىمىيەت مۇستەقىللىقنى يوقىتىپ سەئىدىيە خانلىقىغا رەسمىي تەۋە بولىدۇ. مەھمۇت 1578-يىللىرىغىچە ھاكىمىيەت سورايدۇ.

1578-يىلى خوتەندە نايىپ بولۇۋاتقان ئابدۇرېشىتخاننىڭ نەۋرىسى، قۇرەيش سۇلتاننىڭ ئوغلى خۇدابەندە سۇلتان ئەسكەر تارتىپ كېلىپ تۇرپان رايونىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالىدۇ. خۇدابەندە سۇلتان ھوقۇق تارتىۋېلىپ 12 يىل لۈكچۈننى مەركەز قىلىپ تۇرپان رايونىنى سورايدۇ.

1590-يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى مۇھەممەدخان يارلىق چۈشۈرۈپ ئەڭ كىچىك ئىنىسى (ئامانىنساخاندىن تۇغۇلغان) ئابدۇرەھىم خاننى تۇرپاننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، خۇدابەندە سۇلتاننى يەكەنگە قايتۇرۇپ كېلىشكە مىرزىشاھنى قوشۇپ ئەۋەتىدۇ. خۇدابەندە سۇلتان گەرچە قارشىلىق قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ ئابدۇرەھىم خان مەركەز لۈكچۈنگە كېلىپ چۈشىدۇ.

ئابدۇرەھىم خان 1590-يىلىدىن 1635-يىلغىچە خۇددى مەنسۇرخاندەك كۇچانىڭ شەرقىدىن جىيايۈگۈەنگىچە شەرقىي جۇڭغار ئەتراپىغا مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئابدۇرەھىم خاننىڭ لۈكچۈندە تۇغۇلغان ئوغۇللىرى:

بىرىنچى ئابدۇللا (كېيىن يەركەن خانلىقىغا خان بولغان)؛ ئىككىنچى ئەبۇل مۇھەممەت؛ ئۈچىنچى ئىبراھىم؛ تۆتىنچى باباخان؛ بەشىنچى ئىسمايىل (يەركەنگە خان بولغان)؛ ئالتىنچى شاھخان؛ يەتتىنچى پىچانخان؛ سەككىزىنچى ئاپاقخان؛ توققۇزىنچى مەنسۇر.

ئابدۇرەھىم خان 50 يىلغا يېقىن ھۆكۈمران بولۇپ، 1638-يىلى ئۆلىدۇ. قۇمۇلدا نايىپ بولۇۋاتقان ئىككىنچى ئوغلى ئەبۇل مۇھەممەت ئابدۇرەھىم خاننىڭ ئورنىدا ئولتۇرىدۇ. تۆتىنچى ئوغلى باباخان قۇمۇلغا نايىپ بولىدۇ. كۇچاغا ھاكىم بولۇۋاتقان ئەبۇل ھادى ئابدۇللا خان ۋە ئەبۇل مۇھەممەد خانلارنىڭ قېيناتىسى بولۇپ، ئابدۇرەھىم خان ئۆلگەندىن كېيىن كۈيئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، نەۋرىسى يولبارسنى تەختكە چىقىرىپ ھوقۇق تارتىۋېلىش سۇيىقەستىنى پىلانلايدۇ. ئەبۇل ھادى شۇ مەقسەتتە چالىش (قاراشەھەر)قا كېلىدۇ. ئەبۇل ھادىنىڭ سۇيىقەستىنى سەزگەن ئابدۇللاخان سوبھان قۇلىبەك، مۇھەممەت مۆمىنسۇلتان، غوجىئابدۇل ۋاھاپبەگلەر بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ، ئەبۇل ھادى روزىدا ئىپتار قىلىۋاتقاندا «خان يارلىقى» دەپ ئابدۇل ۋاھاببەگ ئەبۇل ھادىنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. بۇ سۇيىقەست يوقىتىلغاندىن كېيىن ئەبۇلمۇھەممەتنىڭ ئورنى مۇستەھكەملىنىدۇ. چوڭ ئوغۇل ئابدۇللا بولسا يەركەندە تەختتە ئولتۇرۇشقا تەييارلىنىدۇ. ئەبۇل مۇھەممەت 20 يىل يەنى 1655-يىللىرىغىچە خان بولىدۇ. بۇ جەرياندا تۇرپان لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئاكىسى ئابدۇللانىڭ يەركەننىڭ خانلىقىنى تارتىۋېلى-

2005·2

شىغا يارەملىشىدۇ. ئەبۇل مۇھەممەت ۋاپات بولغاندىن كېيىن 4 - ئوغۇل باباخان ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىدۇ. لېكىن لۈكچۈن ئوردىسىدىكى بىر قىسىملار ئۈچىنچى ئوغۇل ئىبراھىمنى خان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باباخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەتئىمىن ئەسكەر باشلاپ كېلىپ ئىبراھىم خان بىلەن سوقۇشىدۇ. لۈكچۈن ئوردىسىدىكى ئىبراھىم خانغا قارشى بولغانلار ئىبراھىمنى ئۆلتۈرىدۇ. باباخان قۇمۇلدىن قايتىپ كېلىپ لۈكچۈندە تەختتە ئولتۇرىدۇ. مىلادىيىنىڭ 1657 - يىلى ئۇ، تۇيۇق ئەسهابۇلكەھف توغرىسىدا ياڭقىردا ئولتۇرۇپ بىر يارلىق چۈشۈرىدۇ. يارلىقنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:

«سۇلتان سەئىد باباخان سۆزىمىز... غوجا ئەييۇپ موللا، قامۇش ھەبىپ ئوغلى، كىچىك موللا مۇلۇك ئۈچ ئۆيلۈك كىشىنى ھەزرىتى سۇلتان ئەسهابۇلكەھف شەرىپىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولغان سەۋەبتىن ئىنايەت ۋە شاھانە ئىلتىپات قىلىپ بىرىنى چىراقچى، بىرىنى جارروپكەش، بىرىنى باكاۋۇل قىلىپ تەرخان قىلدۇق (تەرخان ئالۋان - ياساقتىن ئازاد قىلىنىش دېگەن مەنىدە). يارلىقنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئۈچ ئۆيلۈك كىشىنىڭ بالىسىدىن - بالىسىغا تەرەت سۈيىنى، چىراق يېغىنى قىسماي دۇئا تەكبىر قىلىش، باشقا ئەمەلدارلار بۇ يارلىققا خىلاپلىق قىلماسلىق توغرىسىدا يېزىلغان. ئەڭ ئاخىرىدا دارىس سەلتەنەت تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ياڭقىردا، ئۇشۇرئاي چاھارشەنبە كۈنى تارىخ ھىجرىيىنىڭ 1068 - يىلى يەنى چاشقان يىلى نىشان ئالى قىلىندى» دەپ ئىككى تامغا بېسىلغان.

باباخان 1655 - يىلدىن 1675 - يىلغىچە 20 يىل ھۆكۈمران بولغان، باباخاننىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، بىرىنچى ئابدۇرېشىت، ئىككىنچى مۇھەممەتئىمىن، ئۈچىنچى مۇھەممەتمۆمىن.

قۇمۇلدا ھاكىم بولۇۋاتقان ئابدۇرېشىت باباخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇپ بەش يىل خان بولدى. كېيىن يەكەنگە خان بولۇپ ئىككى يىل بولماي باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئابدۇرېشىتتىن كېيىن 1680 - يىلى مەھەممەتئىمىن (تارىخىي كىتابلاردا ئەبۇل مۇزەپپەر سۇلتان مۇھەممەتئىمىن باھادۇر قەيسەر خان دەپ ئاتالغان كىشىنىڭ دەل ئۆزى) سۇلتان بولۇپ، 1688 - يىلغىچە ھۆكۈمران بولدى. 1688 - يىلدىن كېيىن يەكەن خانلىقىغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ بېرىپ 1690 - - يىلى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن 1720 - يىلى ئىمىن خوجا ھوقۇق تارتىۋالغىچە بولغان ئارىلىقتا ھاكىمىيەت بۆلۈنمە ھالەتتە بولۇپ، ئابدۇللا ئەھمەت ھاجى خاننىڭ كىچىك ئوغلى ئەھمەتباقى بەگ (كىپىش بەگ) لۈكچۈنگە ھۆكۈمران بولدى. بۇ دەۋردە چاغاتايىنىڭ ئۇيغۇرلاشقان ئەۋلادلىرى بۆلۈنمە ھالەتكە چۈشۈپ تۈگەشتى. 1720 - يىلى ئىمىن خوجا ھوقۇق تارتىۋالغاندىن كېيىن لۈكچۈندە ياشاپ ئۆتكەن چاغاتايىنىڭ ئەۋلادلىرىنى بەگ ۋە خوجا دەپ ئاتاشنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن چاغاتاي ئەۋلادلىرى تارىخ بېتىدىن ئۆچتى.

پايدىلانمىلار:

①چىڭگىزنامە. ② سەئىدىيە خانلىقىغا ئائىت ماتېرىياللار. ③ لوزىشاۋ: «ئۇيغۇرلار تارىخى». ④ تارىخىي ھەمىدىيە. ⑤ پىچان تارىخى ماتېرىياللىرى قاتارلىقلار.

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دىكى بايىرقۇ قەبىلىسىگە دائىر بايانلارغا ئېنىقلىما

ئابلەھەت كامالوۋ

1970 — 1980 ـ يىللىرى موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان ئۇيغۇرلار دەۋرىگە تەئەللۇق نامسىز مەڭگۈ تاشلار ھەققىدىكى دەسلەپكى چۈشەنچىلەر نۆۋەتتىكى ئىلىم ساھەسىدە ئىككىنچى ئۇيغۇر قاغانلىقى (744— 840) ، بولۇپمۇ قاغانلىقنىڭ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى بىلىنمىگەن ئېتنىك سىياسىي تارىخنى قاراپ چىقىشتا مۇمكىن بولغۇدەك دەرىجىگە كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭدىكى تېخىمۇ بەكرەك قىزىقىشىمىزنى قوزغاۋاتقىنى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» بولۇپ، ئۇنىڭدىكى تېكىستلەر قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ «تەس مەڭگۈ تېشى» ۋە «سېۋرەي مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق ئابىدىلىرىگە سېلىشتۇرغاندا خېلىلا مۇكەممەل دەرىجىدە ساقلىنىپ قالغانلىقى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ①.

«تېرخىن مەڭگۈ تېشى» — ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ يارلىقىغا بىنائەن 753 — 756 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ غەربىي شىمال تېررىتورىيىسىگە، يەنى تېرخىن ـ ساغاننۇر كۆلى (خانگاي تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدا) گە يېقىن جايغا ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ئېلىدە 710— 750 ـ يىللار ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن مۇھىم سىياسىي ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. گەرچە بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئاساسلىقلىرى مەزكۇر مەڭگۈ تاشنى تاپقان ۋە يېشىپ ئوقۇغان س. گ. كىلياشتورنىي تەرىپىدىن ئانالىز قىلىنغان، شۇنداقلا كىشى قايىل بولغۇدەك شەرھىيلەنگەن بولسىمۇ، باشقا تىللاردىكى مەۋجۇت پاراللېل مەنبەلەردىن، جۈملىدىن خەنزۇ مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىلغان ئاساستا بەزى قوشۇمچە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان بىر قاتار مەسىلىلەر ھېلىھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ئەنە شۇ مەسىلىلەرنىڭ بىرى مەڭگۈ تاشتىكى توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) لاردىن بولغا بايىرقۇ قەبىلىسىگە ئائىت بايانلارغا ئېنىقلىما بېرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بايىرقۇلار—7 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن تارتىپلا توققۇز ئوغۇزلار ئىتتىپاقىدىكى ئاساسلىق قەبىلىلەردىن بولۇپ كەلدى. قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى ۋە جۇڭگونىڭ كلاسسىك مەنبەلىرىدە خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان بايىرقۇلارغا ئائىت مەلۇماتلار ئاساسىي جەھەتتىن ئىككىنچى ئۇيغۇر قاغانلىقى قۇرۇلۇشتىن، يەنى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرىكى زامانلارغا تەئەللۇق بولۇپ، ئۇ ماتېرىياللاردا قاغانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى (جۈملىدىن ئۇيغۇر سۇلالىلىرىدىن ياغلاقار ۋە ئادىزلاردىن باشقا ئومۇمىي خاراكتېرگە ئىگە بايانلار) غا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلىي خاتىرىلەر يوق دېيەرلىك. شۇڭا، بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» قاغانلىقتىكى توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەرگە چېتىشلىق ئىچكى ۋەقەلەرنى تەتقىق قىلىشتا تېخىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

بايىرقۇلار ھەققىدە بىزنىڭ دىققىتىمىزنى شۇنچىۋالا قوزغىغان مەلۇماتلارنى مەڭگۈ تاشنىڭ شىمالىي يۈزىدىكى مۇنۇ قۇرلار بايان قىلىپ بېرىدۇ: «(10) [قۇرنى كۆرسىتىدۇ] تەڭرىم خانىم نۇرغۇنلىغان يولدىن ئازغانلارنى (قارىغۇلارنى) تۇتتى، بەش مىڭ بېشى. . . قۇتلۇغ چىكىشى، قانچۇ ئالپ بىلگە چىكىشى،

2005 · 2

. . . قاغان ماغدۇرسىزلانغان ئوغۇز خەلقىنى ،
ئۇنىڭ ئالتە يۈز سانغۇن، بىر تۈمەن قوشۇنىنى
قولغا چۈشۈردى. ( 11 ) بۇ پۈتۈك يېزىلىۋاتقاندا
ئەي خانىم! تەڭرى خانىنىڭ ئاتلىقلىرى توققۇز
تاتار ، ئادىزلارنىڭ ئون يەتتە بۇيرۇقى، سانغۇنلار
، توڭرا قەبىلىسىنىڭ مىڭ كىشىلىك قوشۇنى،
ئۇيغۇر خەلقى تېگىنلىرىم بىلەن بىللە، تۇرغاق
لەشكەر باشلىقلىرى، باتۇر ئاتاچۇق ۋە بەگرىكە
ئەرچىگىشى بەگ تارقانلار بىلەن ۋە ئۈچ يۈز
تۇرغاق بىلەن بىللە قاتناشتى. ( 12 ) تەڭرىم
خانىمىنىڭ ئوغلى بىلگە تارقان ۋە قۇتلۇغ بىلگە
يابغۇ. . . تۆرىلىرى، قۇملۇق يەرنىڭ باشلىق-
لىرى بايارقۇ خەلقى، ئاز ئاشپاتاي سانغۇنى ۋە
خەلقى، توڭرا قەبىلىسىدىن باش قايباش، ئۈچ
قارلۇق شۇنچە جىق كىشىلەر قاتناشتى. يابغۇغا
قاراشلىق خەلق ( 13 ) تەڭرىم خانىمنىڭ ئو-
غۇللىرى. . . خەلققە. . . ئۇدۇرغاندا. . . چابىش
سانغۇننىڭ خەلقى ۋە توققۇز بايارقۇ خەلقىنى
يەنە بويسۇندۇردى. توققۇز تاتار — شۇنچە كۆپ
خەلقلەر، شادغا قاراشلىق خەلق (14 ) . . . ئۇ شۇ
چاغدا هۇجۇم قىلدى. بۇنى ياراتقان بىلگە قۇت-
لۇغ تارقان سانغۇن مۇنچە كۆپ خەلقنى شەرەپ
بىلەن يەڭدى! ياغما ۋە لوم چىسىگە قارشى
ئىككى كىشىنى ئەۋەتتى. قۇتلۇغ بىلگە سانغۇن
ۋە ئۇرۇشۇ قۇتلۇغ تارقان سانغۇن ئىككىسىگە
«بېرىڭلار » دەپ ( 15 ) بۇيرۇق قىلدى . تار-
دۇشلۇق بىلگە تارقان ۋە قۇتلۇغ بايارقۇ خەلقى-
دىن ياغمىنىڭ باشلىقلىرى، تابغاچلار ۋە سوغ-
داقلاردىن بىلگە سانغۇن، ئۆزىل ئولۇڭ ئېركىن »
.②

بۇ تېكىستتىن بايىرقۇلارغا ئائىت تۆۋەندى-
كى ئۇچۇرلار مەلۇم بولىدۇ ؛ ( 1 ) بايىرقۇ قە-
بىلىسى هۆكۈمرانلىق هوقۇقى يۈرگۈزۈۋاتقان
ياغلاقار ئۇرۇقىغا قارشى سەپتە تۇرغان ؛ ( 2 )
ياغلاقارلار بايىرقۇ قەبىلىسىنى ئىككى قېتىم
ئۆز هۆكۈمرانلىقىغا باش ئەگدۈرگەن ؛ ( 3 ) با-
يىرقۇلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم بويسۇندۇرۇلۇ-
شى موڭغۇل تىللىق توققۇز تاتار قەبىلىسىنىڭ
ئۇيغۇرلارغا بويسۇنۇشى بىلەن تەڭ ۋاقىتتا يۈز
بەرگەن؛ ( 4 ) ئىككىنچى قېتىم بويسۇندۇرۇل-
غاندا بايىرقۇلار يەنىلا غەربىي يۇرتتا تۇرىۋاتاتتى
[ئۇيغۇرلارنىڭ بايىرقۇلار باستۇرۇلغان مۇشۇ
قېتىملىق هەربىي يۈرۈش پائالىيىتىنىڭ يۆنى-
لىشىنى س . گ . كىلياشتورنىي ئۇيغۇرلارغا
بويسۇنغان قەبىلىلەر تىزىملىكىدىكى قاراشە-
هەر ئويمانلىقىنىڭ هۆكۈمرانى «لۇم ـ چىسى »
( 龙刺史 ) نىڭ فامىلىسىگە ئاساسەن بېكى-
تىپ چىققان ③؛ ( 5 ) بايىرقۇ قەبىلىسى باشقا
كۆپلىگەن قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە «تېرخىن
مەڭگۇ تېشى » تىكلەنگەن 753 ـ يىللارغا قەدەر
مەۋجۇت بولغان.

«تېرخىن مەڭگۇ تېشى » دىكى بايىرقۇلارغا
ئائىت بايانلارنى شەرھىيلەشتە تېكىستنىڭ ئال-
دى ـ كەينىدىكى مەلۇماتلار زور ئەھمىيەتكە ئې-
گە: مەڭگۇ تاشنىڭ پۈتكۈل شىمالىي يۈزى
ئۇيغۇر قاغانلىقىدىكى ئىچكى ئۇرۇشلارغا، يەنى
ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ هۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈ-
ۋاتقان ياغلاقار سۇلالىسىگە قارشى پائالىيەتلى-
رىنى بايان قىلىشقا بېغىشلانغان. بۇ بۆلەكتى-
كى بايانلار «خان ماغدۇرسىزلانغان ئوغۇز خەل-
قىنى بويسۇندۇردى » دېگەن سۆزلەر بىلەن باش-
لىنىدىغان بولۇپ ، ئۆز خەلقى بولغان توققۇز
ئوغۇزلارنىڭ باستۇرۇلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ .
كېيىنكى تېكستتە بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئايرىم قە-
سىملىرى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال «سېلېنگا
مەڭگۇ تېشى » ، «بايانچور مەڭگۇ تېشى » ، «-
شىنې ـ ئۇسۇ مەڭگۇ تېشى » (759 — 760 )
دېگەندەك تۇرلۇك ناملار بىلەن مەشهۇر بولغان
ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ئابىدىسىدە بايان قى-
لىنغان ئۇيغۇر قاغانلىقىدىكى ئىچكى ئۇرۇش
توغرىسىدا بېرىلگەن تېخىمۇ تەپسىلىي مەلۇ-
ماتلارنى ئانالىز قىلىپ كۆرۈشكە مۇمكىنچى-
لىك تۇغدۇردى.

كېيىنكى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، تۇنجى
ئۇيغۇر هۆكۈمرانى قۇتلۇغ بىلگە كۆل قاغان
747 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۇيغۇر

قاغانلىقىدا ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ مەرھۇم قاغاننىڭ ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان نامىدا تەختكە چىققان ئوغلى بايانچۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىش مەزمۇنىدىكى توپىلىڭى يۈز بەرگەن. توپىلاڭغا سەككىز ئوغۇز قەبىلىسى يەنى ياغلاقار ئۇرۇقى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلاردىن باشقا پۈتكۈل توققۇز ئوغۇز قەبىلىسى ئىشتىراك قىلغان، توپىلاڭغا مەڭگۈ تاش ئاپتورى «پۈتكۈل ئوغۇزلارنىڭ باش جىنايەتكارى» دەپ ئاتىغان تاي بىلگە تۇتۇق دېگەن كىشى باشلامچىلىق قىلغان. خان قوشۇنىنىڭ توپىلاڭچىلار (سەككىز ئوغۇز ۋە ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىسى بولغان توققۇز تاتار) غا قارشى ھەربىي يۈرۈش ئۈچ يىلغا يېقىن داۋاملىشىپ، 749 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن ئاخىرلاشقان. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن توپىلاڭچىلار تارمار قىلىندى ۋە ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ياغلاقار سۇلالىسى ھاكىمىيىتى پۈتكۈل توققۇز ئوغۇز ئىتتىپاقىغا ئۆز ھۆكۈمىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن «ئۇيغۇر» ئېتنونىمى پۈتكۈل توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە تارىلىپ، «توققۇز ئوغۇز» ئېتنونىمىنىڭ تەڭدىشى بولۇپ قالدى.

«شىنې ـ ئوسۇ مەڭگۈ تېشى» دا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ توپىلىڭىغا نېمىنىڭ سەۋەب بولغانلىقى زادىلا تىلغا ئېلىنمىغاچقا، ئۇنى شەرھىيلەشتە تەتقىقاتچىلار تاي بىلگە تۇتۇقنىڭ 747 ـ يىلىنىڭ ھارپىسىدا ئۇيغۇر قاغانى تەقدىم قىلغان «يابغۇ» ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىزدىنىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ كەلدى ④. يەنە كېلىپ بۇ ئۇنۋان تۈرك قاغانلىقىدا ھەمىشە تەخت ۋارىسىغىلا بېرىلىدىغان بولغاچقا، بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار مۇشۇنىڭغا قاراپلا تاي بىلگە تۇتۇق ئۇيغۇر قاغانى قۇتلۇغ بىلگە كۆلنىڭ چوڭ ئوغلى ۋە تەخت ۋارىسى بولۇشى مۇمكىن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى. بۇنىڭدىن دەرۋەقە ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان بىلەن تاي بىلگە تۇتۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتە قاغاننىڭ چوڭ ئوغلى ۋە كىچىك ئوغلى ئوتتۇرىسىدىكى تەخت تالىشىش يۈزىسىدىن بولغان ئۇرۇش بولۇشى مۇمكىن، دېگەندەك ئېھتىماللىق ھالىتى شەكىللىنىدۇ.

بۇ خىل نۇقتىئىنەزەرنى گ. رامستېد، گ. ئى. گرۇم ـ گوۋژىمايلو، ھازىرقى ئالىملاردىن ك. چېگلېدى قاتارلىقلار قوبۇل قىلدى ⑤. ئەمما، بىزنىڭ قارىشىمىزچە «يابغۇ» ئۇنۋانىنىڭ بېرىلىشى ئۇنىڭغا ئېرىشكۈچىنىڭ جەزمەن قاغاننىڭ ئوغلى بولىدىغانلىقىغا تەۋرەنمەس ئاساس بولالمايدۇ. مەنبەلەردە بۇ ئۇنۋاننىڭ خانلىق قان سىستېمىسىغا تەۋە بولمىغان، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتىمۇ بولمىغان، ئەمما خانلىق ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە زور تۆھپە كۆرسەتكەن كىشىلەرگىمۇ بېرىلگەنلىكى ھەققىدە كۆپلىگەن مىساللار بار. شۇڭا ئۇيغۇر بۆگۈ قاغان (759—779) ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا «يابغۇ» ئۇنۋانى قاغان تەرىپىدىن قاتۇننىڭ ئاكىسىغا، يەنى «بۆگۈ» (补固) قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان ۋە ئەمەلىيەتتە تاڭ سۇلالىسىنىڭ داڭلىق سانغۇنلىرىدىن سانىلىۋاتقان بۆگۈ خوۋەيئېننىڭ (仆固怀思) ئوغلىغا بېرىلگەن ⑥.

ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ بۇ توپىلىڭىغا مۇناسىۋەتلىك باشقىچە ئىزاھلارنى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى بولغان «كىتابلار جەۋھىرى» (10 ـ ئەسىر) دىن كۆرۈش مۇمكىن. مەزكۇر ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ ئىككى بابىدا تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي پايتەختى بولغان چاڭئەنگە 749 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بايىرقۇلارنىڭ ئەلچىلىرى كەلگەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرىلەر پۈتۈلگەن. «تيەنباۋ 8 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ دىڭماۋ كۈنى (749 ـ يىلى) توققۇز ئۇرۇق (ئوغۇز) تىكى بايىرقۇلاردىن دا ـ بىجىيادۇدۇ ـ مومبې ۋە باشقىلار بولۇپ جەمئىي ئون كىشى ئوردىغا كەلدى ۋە پەۋقۇلئاددە كۈتۈۋېلىشقا سازاۋەر بولدى. ئۇلارغا ئالتۇن كەمەرلىك مەخمەل تون ۋە بېلىق شەكىلىدىكى يەتتە دانە قاپ سوۋغا قىلىندى ھەمدە

دەبدەبىلىك ئۆزىتىپ قويۇلدى » ⑦. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان دا- بىجىيادۇدۇ - مومبي بىلەن سەككىز ئوغۇزلارنىڭ يولباشچىسى تاي بىلگە تۇتۇقنىڭ بىر كىشى ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ، چۈنكى ئالدىنقى ئۈچ خەت «تاي بىلگە تۇتۇق » دېگەن ئىسمىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلىردىكى ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىگەندىن ئېنىقلاشتا ھېچقانداق قىيىنچىلىق مەۋجۇت بولمىغان «مومبي» دېگەن بىر ئىسىملا قالىدۇ. ك. چېگلېدى دەسلەپ دىققىتىنى بۇ ئىككى كىشى بىر شەخس بولۇشى مۇمكىن، دېگەنگە يۆتكەپ، تاي بىلگە تۇتۇق ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئوغلى، دەپ قارىدى ھەمدە ئەل ئەتمىش بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۇ بايىرقۇلارغا تايانغان، دېگەن يەكۈننى چىقاردى. مەنبەلەردىن «كىتابلار جەۋھىرى »لا يىگانە يوسۇندا تاي بىلگە تۇتۇقنىڭ بايىرقۇ قەبىلىسىگە مەنسۇپلۇقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. «تۇتۇق » ئۇنۋانى بولسا ئۇيغۇر قاغانلىقىدا توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىغا بېرىلەتتى ⑧.

شۇنداق قىلىپ، «شىنې- ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى »دىكى مەلۇماتلار ۋە جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى پاكىتلار بايىرقۇلارنىڭ سەككىز ئوغۇزلار توپىلىڭىدىكى يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ يەكۈن دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ھەممىگە مەلۇملۇق تىبەتچە قولىيازما (تىبەت فوندى، پ. پېللىئوت. No: 1283 ) ئارقىلىق ۋاستىلىك دەلىللىنىدۇ. بۇ ھۆججەت ئۇيغۇر قاغانىنىڭ بەش نەپەر ئەلچىسىنىڭ مەلۇماتىنىڭ ئۇيغۇرچىدىن تىبەتچىگە قىلىنغان تەرجىمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تىبەتچە مەنبەلەرنىڭ كۆپىنچە ئېنىق يىل دەۋرى ئەسكەرتىلمەيدىغان بولسىمۇ، ك. چېگلېدى مەزكۇر ھۆججەتنىڭ ۋاقتىنى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرى (747— 759 ) گە مەنسۇپ، دەپ بېكىتىدۇ. ئالىملارنىڭ پىكرىگە كۆرە قاغان بۇ ئەلچىلەرنى كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ھەربىي يۈرۈشلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدا زۆرۈر ھېسابلىنىدىغان مەلۇماتلارنى توپلاش مەقسىتىدە قوشنا قەبىلىلەر ۋە خەلقلەرگە ئەۋەتكەن ئىدى. مۇھىمى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يوشۇرۇن رەقىبلەر دەپ قارالغان ۋە ئۇيغۇر رازۋېدچىكلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان تۈرلۈك قەبىلىلەر قاتارىدا توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن بىرلا بايىرقۇ قەبىلىسى تىلغا ئېلىنىدۇ. بايىرقۇ قەبىلىسىنىڭ جايلاشقان ئورنى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ: «باسمىللار زېمىنىدا » ⑨ يەنى غەربىي يۇرتتىكى بەشبالىق رايونىدا دېيىلگەن بۇ ئۇچۇر «تېرخىن مەڭگۈ تېشى »دا بايىرقۇلارنىڭ شەرقىي تەڭرىتاغ بويىدىكى قاراشەھەرگە قىلىنغان لەشكىرىي يۈرۈشكە باغلانغان ھالدا تىلغا ئېلىنىشى بىلەن ئۆزئارا ماس كېلىدۇ. بايىرقۇ نامىنىڭ ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئەلچىلىرى يوللىغان مەلۇماتىدا 742 —744» ؛ 755— 756 - يىللاردىكى ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىغا قارشى تەركىب سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يايلاقنى بويسۇندۇرۇش كۆرەشلىرىدىكى ئاساسلىق رەقىبلىرىدىن بىرى بولمىش باسمىللار بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنىشى بايىرقۇلارنىڭ ئۇيغۇر قاغانلىقىدىكى ئىچكى جەڭگە - جېدەللەردە پەۋقۇلئاددە رول ئوينايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇرۇشلار بىلەن باغلىنىشلىق ۋەقەلەرنىڭ يېڭى شەرھىيسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلىدۇ. بايىرقۇلارنىڭ ياغلاقار سۇلالىسىگە قارشى چىقىشى يات تىلدىكى پاراللېل مەنبەدىمۇ ئىسپاتلانغان بولۇپ، ئىككىنچى ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدىكى تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن باغلاپ مۇھاكىمە قىلغىنىمىزدا بۇنىڭ پۈتۈنلەي تەبىئىي ئىكەنلىكىگە شۈبھىلىنىشنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى ھېس قىلىمىز. مەسىلە شۇ يەردىكى، ئىككىنچى شەرقىي تۈرك قاغانلىقى قايتا قۇرۇلغان (689 — 690 ) دىن كېيىن توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى تارقىلىپ كەتتى ۋە بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ

2005.2

كېتىشتى. ئۇلارنىڭ بىر نەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ كېتىشى ئۇلارنى ئوخشىمىغان سىياسىي مۇھىتقا ئايرىپ تاشلىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تۈركلەرنىڭ بېسىمى تۈپەيلى ئۇيغۇرلار باشچىلىقىدا گەنسۇغا كەلدى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەركىبىدە بولدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھامىيلىقىدا بولغان بۇ قەبىلىلەر 727 ـ يىلىغا كەلگەندە يەرلىك (تاڭ) دائىرىلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ، بۇ ۋاقىتلىق پاناھ جايىنى تاشلاپ تۈركلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى يايلاقتا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. گەنسۇدا قېپقالغان توققۇز ئۇيغۇرلار 9 ـ ئەسىردىكى گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلدى. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ باشقا بىر گۇرۇپپىسى موڭغۇلىيىدىكى يايلاق دۇنياسىدا تۈركلەرگە قارشى كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. بۇ گۇرۇپپىدىن كېيىنچە يەنە بىر گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ چىقىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولدى ۋە شىمالىي جۇڭگو (ئوردۇس) غا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پەقەت ئىككىنچى شەرقىي تۈرك قاغانلىقى گۇمران بولۇشنىڭ ئالدىدىلا ئاندىن ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىدە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى توپلاندى.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىنچى شەرقىي تۈرك قاغانلىقى مەۋجۇت بولغان دەۋردە توققۇز ئوغۇزلار ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە كۈچ چىقارمايلا قالماستىن، يەنە ئۇلار بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش مۇناسىۋىتىنىمۇ كۆپ ئاجىزلىتىۋەتتى. خېلى بۇرۇنلا توققۇز ئوغۇزلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ھوقۇقىنى ئىگىلەپ كەلگەن ياغلاقار ئۇرۇقى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى موڭغۇلىيىدىن گەنسۇغا كەلگەندىن كېيىن پۈتۈنلەي بايىرقۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئەھۋال قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە ۋە جۇڭگو مەنبەلىرىدە ئوخشاشلا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇ نەرسە ئېنىقكى، جۇڭگو كلاسسىك تارىخشۇناسلىرى تۈركلەرنىڭ قاپاغان قاغاننى بايىرقۇلارنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى ئىشەنچلىك مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، بايىرقۇلارنىڭ ئۇزۇن مەزگىل ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ سەردارى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇشى ئۇلارنىڭ قەبىلىلەر ئارىسىدىكى دەرىجە تەرتىپىنى ئىگىلىگەن ئورنىنى ئۆزگەرتتى. ئەسلى ئۇيغۇرلار يايلاقتا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلار بىلەن بايىرقۇلار ئوتتۇرىسىدا تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئورتاق نىشانىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى سەۋەبىدىن چوڭ سۈركىلىش ۋەقەلىرى يۈز بەرمىدى. ھالبۇكى، توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) لار ئۆز خاندانلىقىنى قۇرۇپ چىقىشى بىلەنلا بايىرقۇلارنىڭ ئالىي ھوقۇقنى ئىگىلىگەن ياغلاقارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشى گۇمانلىق بولۇپ قالدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئوغۇزلارنىڭ بايىرقۇ قەبىلىسى يېتەكچىلىكىدىكى توپىلىڭى يۈز بەردى.

توپىلاڭچىلار تارمار قىلىنغاندىن كېيىن «شىنې ـ ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى» ئاپتورىنىڭ ئېيتقىنىدەك، توپىلاڭچىلارنىڭ «يېرىمى» ئەل ئەتمىش بىلگە قاغانغا بويسۇندى، «قالغان يېرىمى قارلۇقلارغا كەتتى» (كېيىنكى سۆزنىڭ ئوقۇلۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە توغرىلاش تۆھپىسى ك. چېگلېيدىغا مەنسۇپ). قارىغاندا غەربىي يۇرتتا ياشىغۇچى قارلۇقلار رايونىغا كەتكەنلەر ئارىسىدا بايىرقۇلارمۇ باردەك قىلىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتلاردا غەربىي يۇرتتا كۆچكەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ باشقا قەبىلىسى ياغمىلار ئىدى ⑩. شۇڭا «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دا بايىرقۇ ۋە ياغمىلارنىڭ «ئۈچ قارلۇقلار» بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

754 ـــ755 ـ يىللىرى بايىرقۇلار، قارلۇقلار، باسمىللار ۋە تۈرگەشلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر ئىتتىپاقىغا قارشى كۈرەشلەرگە قاتناشقان بولسىمۇ، يەنە بىر قېتىم مەغلۇبى-

يەت قىسمىتىنى باشتىن كەچۈردى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۇزۇل - كېسىل بويسۇندۇرۇشى ئىدى. شۇندىن كېيىن ئۇلار ياغلاقارلارغا قارشى چىقىشقا زادىلا مۇۋەپپەق بولالمىدى. بايىرقۇلارنىڭ مۇشۇ قېتىملىق بويسۇندۇرۇلۇشى خۇددى كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دا ئەنە شۇ يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىدى.

(قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى خەۋەرلىرى» (رۇسچە) نىڭ 1993 - يىللىق 6 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى).

---

**ئىزاھات:**

① س. گ. كلياشتورنىي: «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» (دەسلەپكى نەشرى)، (سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى» 1980 - يىللىق 3 - سان، 82 — 95 - بەتلەر. ئەينى ئاپتور: «موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئۇيغۇر بۆگۈ قاغان مەڭگۈ تېشى»، «مەركىزىي ئاسىيا يېڭى يازما يادىكارلىقلار ۋە سەنئەت» موسكۋا. 1987 - يىل نەشرى. 19 — 37 - بەتلەر؛ س. گ. كلياشتورنىي ۋە ۋ. ئا. لىۋشىس: «سېۋرېي مەڭگۈ تېشى»، «سوۋېت توركولوگىيىسى» 1971 - يىللىق 3 - سان.

② س. گ. كلياشتورنىي: كۆرسىتىلگەن توپلام 93 - بەت.

③ س. گ. كلياشتورنىي: «غەربىي يۇرت ۋە ئوردۇبالىق قاغانلىرى. تېرخىن مەڭگۈ تېشىنىڭ 14 - قۇرىغا ئېنىقلىما»، «ھۇنگارىيە شەرقشۇناسلىق توپلىمى» 1988 - يىللىق 17 - جىلد (1—3 - سان). 277 —280 - بەتلەر.

④ گ. رامستېد: «شىمالىي موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان ئۇيغۇر رونىك يېزىقىدىكى ئىككى مەڭگۈ تاش»، «فىن - ئوگۇر جەمئىيىتى ئىلمىي ژۇرنىلى» خېلسىنكى، 1913 - يىل 30 - توم، 3 - سان. 11— 63 - بەتلەر؛ س. مالوۋ: «موڭغۇل ۋە قىرغىزلارنىڭ قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلىرى» موسكۋا - لېنىنگراد. 1959 - يىل. 30— 54 - بەت.

⑤ ك. چېگلېدى: «گەردىزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى (746 —، 780) ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، «ھۇنگارىيە شەرقشۇناسلىق توپلىمى 1973 - يىللىق 27 - توم، 265 - بەت؛ گ. رامستېد: كۆرسىتىلگەن توپلام 51 - بەت.

⑥ ئابلەھەت كامالوۋ: «بۆگۈ خۇيىڭىن تەزكىرىسى، تالاس ۋادىسىنىڭ شىمال ۋارۋارلىرى، بىلەن بولغان سىياسىي مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مەنبە»، «شەرق خەلقلىرىنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت مەسىلىلەر» موسكۋا، 1989 - يىل. 1 - توم، 31 — 36 بەتلەر.

⑦ «كىتابلار جەۋھىرى»، بېيجىڭ، 1936 - يىل، 12 - توم، 975 - جىلد 11458 - بەت.

⑧ ئابلەھەت كامالوۋ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ رونىك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلىرىدا ئىجتىمائىي، سىياسىي ئاتالغۇلار»، «توركولوگىيە - 88» فرۇنزې، 1988 - يىل، 319 — 320 - بەتلەر.

⑨ ج. باكوت: «ئۇيغۇرلارنىڭ بەش نەپەر ئەلچىسىنىڭ 8 - ئەسىردە ئاسىيا ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىغا قىلغان ساياھەت خاتىرىسى»، «ئاسىيا ژۇرنىلى» 1967 - يىلى 265 - جىلد، 147 - بەت.

⑩ س. گ. كلياشتورنىي: «غەربىي يۇرت ۋە ئوردۇبالىق قاغانلىرى»، 277 — 280 - بەتلەر.

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

2005·2

# قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي پۈتۈكلىرىدىكى «نىشان» توغرىسىدا

ئىسمائىل تۆمۈرى

ئۇيغۇرلار مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئېتىبارەن ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزىنى غەربىي دىيارغا يەنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا مەركەزلەشتۈرگەندىن كېيىن، گەنسۇ رايونىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىن تاكى ماۋرا ئۈننەھىرگىچە بولغان كەڭ زېمىندا گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قارا خانىلار خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ پاراللېل خانلىق قۇرغان. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بۇددا دىنى مۇھىتىدا، قارا خانىلار بولسا ئىسلام دىنى مۇھىتىدا ياشاپ، ئۇيغۇرلار تارىخىدا پارلاق بىر مەدەنىيەت دەۋرىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئەنە شۇ دەۋر مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىدىغان ئاجايىپ قىممەتلىك يازما ۋەسىقىلەر ئەجدادلاردىن بىزگە مىراس قالغان. بۇ مىراسلار ئىچىدە «قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي پۈتۈكلىرى» پارلاق ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنى بىرىنچى قول ماتېرىياللار بىلەن يورۇتۇپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى بوشلۇقنى ئۆز قىممىتى بىلەن تولۇقلايدۇ.

بۇ ماقالىدە قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن قېپقالغان يازما ۋەسىقىلەر — ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ھۆججەتلەر ئاساس قىلىنغان ھالدا مۇشۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «نىشان» ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 868 —1334) دىن قالغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ھۆججەتلەرنى تەپسىلىي ھالدا تۈرلەرگە بۆلگەندە تۆۋەندىكىدەك ئايرىشقا بولىدۇ:

1. ھۆكۈمەتتىن يەرلىككە چۈشۈرۈلگەن ھۆججەتلەر
2. ئەسكىرىي ئىشلارغا دائىر مەلۇماتنامىلەر
3. قۇل ئېلىپ ـ سېتىش ۋە قۇل ئازاد قىلىش ھەققىدىكى پۈتۈكلەر
4. تېرىلغۇ يەر سېتىش ھەققىدىكى توختامنامىلەر
5. ئۈزۈملۈك باغ ئىجارە پۈتۈكلىرى
6. پۇل قەرز ئېلىش تىلخەتلىرى
7. نەرسە ئارىيەت ئېلىش ھۆججەتلىرى
8. باج ـ سېلىق تاپشۇرۇش ۋە ھاشار، ئالۋاڭ ـ ياساق پۈتۈكلىرى
9. تېرىلغۇ يەرلەرنى ئايرىۋاشلاش پۈتۈمنامىلىرى
10. ئىلتىماسنامىلەر ۋە ئەرز ـ شىكايەتخەتلىرى
11. توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ خىراجەت خاتىرىسى ۋە قەرز خاتىرىسى.
12. گۆرۈگە قويۇش پۈتۈمنامىلىرى
13. جېدەل ـ ماجىرا ھەققىدىكى ھۆكۈمنامىلەر
14. ۋەسىيەتنامىلەر
15. نەرسە تاپشۇرۇپ ئېلىش ھۆججەتلىرى
16. يۈتكەن يەر خېتىنى ئىزدەش ئېلانلىرى
17. بالا بېقىۋېلىش ھەققىدىكى كېلىشىمنامىلەر
18. ھەر خىل ھېسابات خاتىرىلىرى
19. باشقا ۋەسىقە ـ پۈتۈكلەر

يۇقىرىقىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنگەن قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي پۈ-

2005.2

تۈكلىرىنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن يەرلىككە چۈشۈرۈلگەنلىرىدە مەسىلەن، «مانى ئىبادەتخانىسىغا چۈشۈرۈلگەن يارلىق»، «مۇرتۇق ئىبادەتخانىسىغا راھىب كالان تەيىنلەش يارلىقى» دېگەندەك ھۆججەتلەرگە خانلىق تامغا، ۋەزىرلەرنىڭ تامغىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تامغىلار بېسىلىپ تارقىتىلسا، خەلق ئىچىدە پۇقرالار ئۆزئارا ئېلىپ بارىدىغان ئېلىم-بېرىم قاتارلىق مۇناسىۋەت ۋاسىتىلىرىدە «نىشان» ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ ئىسىم-ئىمزالىرى بىرگە پۈتۈلگەن. بۇنىڭ مىسالى ئۈچۈن «ئايال كىشىنى ساتقانلىق ھەققىدىكى تىلخەت»نى كۆرۈپ ئۆتۈشكە بولىدۇ:

**«ئايال كىشىنى ساتقانلىق ھەققىدىكى تىلخەت»نىڭ ترانسكرىپسىيىسى**

قۇر نومۇرى:

1. بىچىن يىل چاقساپۇت ئاي ئىكى ياڭى-
2. ىقا ماڭا تەدمىلىگ قارا بۇقا
3. ئىكەگۆكە قاچىلىق كەرگەك بولۇپ
4. قۇتلۇغ ئاتلىغ قاتۇن كىشىنى ساتىپ
5. قۇتلۇغ تەمۈرتىن يۈز ئەلىگ قالىن بۆز
6. ئالتىمىز بۇ يۈز ئەلىگ بۆزنى
7. ساتىغ قىلمىش كۈن ئۆزەبىز
8. تەدمىلىگ قارا بۇقا ئىكەگۈ تۆكەل
9. ساناپ ئالتىمىز مەن قۇتلۇغ تەمۈر
10. يەمە تۆكەل ساناپ بىرتىم بۇ قۇتلۇغ
11. ئاتلىغ قاتۇن كىشىكە مىڭ يىل
12. تۈمەن كۈنگە تەگى قۇتلۇغ تەمۈر ئەركلىگ
13. بولزۇن تاپلاسا ئۆزى تۇتزۇن
14. تاپلاماسا ئادىن كىشىكە ساتزۇن
15. بىز تەدمىلىگ قار (1) بۇقا ئىكەگۈ
16. -نۇڭ ئاغامىز ئىنىمىز ئۇنلۇغۇمۇز
17. يۈزلۈگۈمۈز كىمچە كىمە بولۇپ
18. چام چارىم قىلمازۇن ئەركلىگ بەگ
19. ئىشى ئىلچى يالاۋاچ كۈچىن تۇتۇپ
20. چاملا سارلار يۇلايىن ئالايىن تىسەر
21. -لەر بۇ قۇتلۇغ تەگ ئىكى كىشى ياراتۇ
22. بېرىپ سۆزلەرى يورىمازۇن چاملاغۇچى
23. كىشى كۈ قورلۇغ بولزۇن قۇتلۇغ تەمۈر
24. قۇرىسىمىز بولزۇن تانۇق تۆردۈ تانۇق
25. تۆرۈر مۇڭسۇز تانۇق تورچى تانۇق تويىن
26. بۇ نىشان بىز تەدمىلىگ قارا بۇقا ئىكەگۈ
27. -نىڭ ئول، مەن تۇڭما باخشى تەدمىلىگ
28. قارا بۇقا ئىكەگۈكە ئىنچىكە ئايىتىپ بىتتىم.
29. بۇ نىشان مەن تانۇق تۆرەدۈنىڭ ئول
30. بۇ نىشان مەن تانۇق مۇڭسۇزنىڭ ئول
31. بۇ نىشان مەن تانۇق تورچىنىڭ ئول
32. بۇ نىشان مەن تانۇق تويىنىنىڭ ئول
33. قۇتلۇغ نۇڭ
34. باش بىتىگى ئول

**«ئايال كىشىنى ساتقانلىق ھەققىدىكى تىلخەت»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى**

قۇر نومۇرى:

1. مايمۇن يىلى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى
2. مەنكى تەدمىلىگ ھەم قارا بۇقا
3. ئىككىمىزگە خىراجەت كېرەك بولۇپ،
4. قۇتلۇغ ئاتلىق ئايال كىشىنى سېتىپ،
5. قۇتلۇغ تۆمۈردىن يۈز ئەللىك يىرىك بۆز
6. ئالدۇق. بۇ يۈز ئەللىك بۆزنى
7. سودا قىلغان كۈنى بىز
8. تەدمىلىگ، قارا بۇقا ئىككىمىز تولۇق
9. ساناپ ئالدۇق. مەن قۇتلۇغ تۆمۈرمۇ
10. تولۇق ساناپ بەردىم. بۇ قۇتلۇغ
11. ئاتلىق ئايال كىشىگە مىڭ يىل تۈمەن كۈنگىچە
12. قۇتلۇغ تۆمۈر ھوقۇقلۇق
13. بولسۇن، خالىسا ئۆزى تۇتسۇن،
14. خالىمىسا باشقا كىشىگە ساتسۇن.
15. بىز — تەدمىلىگ، قارا بۇقا ئىككىمىزنىڭ
16. ئاغا - ئىنىلىرىمىز، ئۇرۇق-
17. تۇغقانلىرىمىزدىن ھېچكىم
18. جېدەل - غەۋغا قىلمايدۇ؛ ھوقۇقلۇق بەگ
19. ئەمەلدارلارنىڭ ئاياللىرى ئارقىلىق ياكى ئەلچىلەر ئىمتىيازىغا تايىنىپ
20. جېدەل - غەۋغا قىلىپ ئېلىپ كېتىمەن دېگۈچىلەر بولسا،
21. مۇشۇ قۇتلۇغتەك ئىككى ئايالنى ئۇستەكلەپ

22. بەرگەندىن تاشقىرى سۆزلىرى ئىناۋەتسىز بولغاي. جېدەل
23. قىلغۇچى زىيان تارتقاي، قۇتلۇغ تۇمۇر
24. زىيانسىز بولغاي، گۇۋاھچى تۇرەدۇ، گۇۋاھچى
25. تۇرۇر مۇڭسۇز، گۇۋاھچى تۇرچى، گۇۋاھچى تويىن
26. بۇ نىشان بىز — تەدمىلىگ بىلەن قارا بۇقا ئىككىمىز -
27. نىڭدۇر. مەن تۇڭما باخشى تەدمىلىگ بىلەن
28. قارا بۇقا ئىككىسىگە تەپسىلىي ئېيتقۇزۇپ پۈتتۈم
29. بۇ نىشان مەن گۇۋاھچى تۇرەدۇنىڭ
30. بۇ نىشان مەن گۇۋاھچى مۇڭسۇزنىڭ
31. بۇ نىشان مەن گۇۋاھچى تورچىنىڭ
32. بۇ نىشان مەن گۇۋاھچى تويىنىنىڭ
33. بۇ، قۇتلۇغنىڭ
34. باش پۈتۈكى (ئاساسلىق تىلخېتى) ①.

مىسال كەلتۈرگەن بۇ «تىلخەت» تە ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ئىسمى، «نىشان»ى، تۆت نەپەر گۇۋاھچىنىڭ ئىسمى ۋە ئۇلارنىڭ «نىشان»لىرى پۈتۈكتە تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ «تىلخەت» قوچو ئۇيغۇرخانلىقى دەۋرىدىن قالغان ھۆججەتلەرگە نىسبەتەن مەزمۇنىنىڭ ئېنىقلىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ ئىخچاملىقى، قانۇنىي كاپالەت ۋاستىلىرىنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەللىكى بىلەن تىپىك نەمۇنە بولالايدۇ. دىققەتكە ئالاھىدە سازاۋەر بولىدىغان يېرى شۇكى، ئايال كىشىنى ساتقۇچى تەدمىلىگ بىلەن قارا بۇقا ئىككىيلەن بىر «نىشان»نى ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي كاپالەت ۋاستىسى قىلغانلىقىدۇر (بۇ مەسىلە توغرىسىدا ماقالىنىڭ ئاخىرىدا مەخسۇس توختىلىمەن).

ئەينى دەۋردە قوچو ئۇيغۇرخانلىقى جەمئىيىتىدە كەڭ ئاۋام خەلق ئىچىدە قوللىنىلىۋاتقان تىلخەت، پۈتۈمنامىلەردە يەنە بىر خىل ئالاھىدىلىك بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك — يېزىلغان تىلخەت، پۈتۈمنامىلەرنىڭ ئاخىرىغا «نىشان» ئەمەس بەلكى «تامغا» بېسىلغانلىقىدا زاھىر بولىدۇ. مەسىلەن:

**«پۇل قەرز ئېلىش ھۆججىتىنى تولۇقلاش بىتىگى»نىڭ ترانسكرىپسىيىسى**

قۇر نومۇرى:
1. ئىت يىلى ئىكىنتى ئاي توقۇز ياڭىقا مەن
2. قانتۇرمىش توغى (ر·) ىل كەدىرەكە بىرمىش ئاسىغلىغ
3. بىش سى (ا) تىر كۆمۈشۈگ تۆكەل ئالتىم ئۆڭ
4. بىتىگى يوق بولمىشقا بۇچۇڭ ② بىتىگ
5. بىرتىم: كىن ئۆڭتۈن ئانىڭ بىتىگى
6. ئۆنسەر: يورىمى (ا) زۇن بۇچۇڭ بولزۇن:
7. تانۇق يەكەباش تا رق بۇرچۇي
8. بۇ تى (ا) مغا مەن قانتۇرمىش توغى (ر) ىلنىڭ ئول

**«پۇل قەرز ئېلىش ھۆججىتىنى تولۇقلاش بىتىگى»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى**

قۇر نومۇرى:
1. ئىت يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مەن
2. قانتۇرمىش توغرىل كەدىرەگە بەرگەن ئۆسۈملۈك
3. بەش سا تىر كۈمۈشنىڭ ھەممىسىنى ئالدىم. ئۇنىڭ
4. بېتىگى يوقاپ كەتكەچكە، تولۇقلىما بىتىگ
5. بەردىم: كېيىن ئۇنىڭ ئاۋۋالقى بىتىگى
6. چىقىپ قالسا ئىناۋەتسىز بولسۇن، مۇشۇ تولۇقلىما بىتىگ (ئىناۋەتلىك) بولسۇن.
7. گۇۋاھچى يەكەباش گۇۋاھچى بۇرچۇي
8. بۇ تامغا مەن قانتۇرمىش توغرىلنىڭ ③

مىسالغا ئېلىنغان يۇقىرىقى ئىككى «ھۆججەت»نىڭ ئاخىرىغا بېسىلغان «تامغا» ۋە «نىشان»لارنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخىغا ۋە ئەجدادلاردىن قالغان يازما مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تامغا ئىشلىتىش — ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدە بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئورقۇن بويىدىكى مەڭگۈ تاشلاردىن «تېس مەڭگۈ تېشى»، «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» تېكىستلىرىنىڭ تەركىبىدە تامغا بايقال

غان. مەڭگۈ تاش تەتقىق قىلغۇچى ئالىم س. گ. كلياشتورنى «تېس مەڭگۈ تېشى» ناملىق ماقالىسىدا «مەزكۇر پۈتۈكنىڭ ئاپتورى ۋە قەھرىمانىنىڭ ئىسمى تۇپەش (تۇپەك) ئالىپ شول بولۇپ، ئىسىم يېنىغا يەنە ئىككى تامغا ئويۇلغان. تامغىلىرىنىڭ بىرسىنىڭ تۈزۈلۈشى سېلىنگا تېشىنىڭ (شىنە ئۇسۇ تاش پۈتۈكىنىڭ) چوققىسىدىكى تامغىلارنىڭ بىرىگە، يەنى ئۇيغۇر خاقانى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (747 — 759) نىڭ ئۇرۇق بەلگىسىگە ئوخشايدۇ» دەپ ئېيتىدۇ ④

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىي خاتىرىسى —«ئىدىقۇت قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»دا مۇنداق بىر ئابزاس بار: «. . بۇ يانتۇ قاغان ھەدىيە قىلغان ئالتۇن تامغا بىلەن قوچو خانى دېگەن نامنى ئېلىپ، بۇرۇنقى ئەجدادى بارچۇق ئارت تېكىندەكلا مەڭگۈگە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۇلاشتۇردى. (يېڭى بەرگەن قوچو خانى ئالتۇن تامغىنى يات ئەللەرگە يوللايدىغان بۇيرۇقلارغا ئىشلىتىپ، يەنە بىر ئاۋۋالقى ئالتۇن تامغىنى بولسا ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئىشلەتكەي)، دەپ يارلىق چۈشتى» ⑤ دەپ خاتىرىلەنگەن.

مەھمۇد كاشغەرى ئوغۇز تۈركلىرى ھەققىدە توختالغاندا: «ئۇلار يىگىرمە ئىككى ئۇرۇق بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم - ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللارغا باسىدىغان تامغىسى بار» ⑥ دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.

يۇقىرىقى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار خېلى ئۇزاق مەزگىللەردىن باشلاپلا تامغا ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئۇيغۇرلار تارىختا ئىشلەتكەن تامغا، بەلگىلەر ئاساسلىقى بەش خىل بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. دۆلەت تامغىسى. بۇنىڭ پاكىتى— قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىشلىتىلگەن «قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» دېگەن تامغا ⑦.

2. تۇغراق — بۇنىڭ مەنىسى «خاقاننىڭ مۆھۈرى (تامغىسى)، خان يارلىقى» ⑧ دېمەكتۇر. بۇ تامغا خاقان ئىشلىتىدىغان ئالتۇن تامغىدۇر.

3. ۋەزىر — بۇيرۇقلار ئىشلىتىدىغان كۈمۈش تامغا. خاقان ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ تامغىلىرىغا ئۇلارنىڭ ئىسمى، ئۇنۋانى، مەرتىۋىسى قاتارلىقلار ئويۇلاتتى ⑨.

4. «نىشان». بۇ پارسچە سۆز، «بەلگە، قارىغا ئاتىدىغان نىشان — ئىز» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، قوچو ئۇيغۇرلىرى بۇ سۆزنى سوغدىلاردىن قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ سۆز قوچو ئۇيغۇرلىرىدا «بەلگە» سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان.

5. «تۆكۈن» — مەنىسى «داغ» دېگەندىن ئىبارەت. «داغ — ئات ۋە باشقا ماللارغا باسىدىغان تامغا» ⑪.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بەش خىل تامغا ئىچىدىكى 4 - خىلى يەنى «نىشان»نى قوچو ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئاۋام خەلق ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنىڭ قانۇنىي كاپالىتىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقى مەلۇم.

«نىشان» گەرچە ئاددىي بىر تامغا ياكى بەلگە شەكلىدە ئىدىقۇت ھۆججەتلىرىدە كۆرۈلسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئاساسلىقى قەبىلە بىرلىكلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ھايات كەچۈرگەن ئىدى. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزىنى تەڭرىتاغ ئەتراپىغا مەركەزلەشتۈرگىنىدە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىيىتىدە يېڭى - يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا خاقانلار سايلام، قۇرۇلتايدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن بولسا، قوچو ۋە قاراخانىلار دەۋرىدە پادىشاھلىق ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان بولغان؛ ئورقۇن بويىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە چارۋىچىلىق، سودا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان بولسا، قوچو ۋە قاراخانىلار دەۋرىدە ئىگىلىك شەكىللىرى كۆپىيىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول - ھۈنەر سەنئىتى،

سودا تەڭلا يولغا قويۇلدى؛ ئورقۇن بويىدا خەلقلەر ئۇرۇق-قەبىلە بىرلىكىنى ساقلىغان ھالدا ھايات كەچۈرگەن بولسا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار دەۋرىدە تېررىتورىيە بىرلىكىنى يەنى بوستانلىقلارنى ئاساس قىلغان ھالدا ياشاشقا باشلىدى؛ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تۈركلىشىش جۈملىدىن ئۇيغۇرلىشىش تېزلەشتى. بۇنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بارا-بارا ئۈستۈنلۈك قازىنىپ، ئورتاق تىل سەۋىيىسىگە يۈزلەنگەنلىكىدە كۆرۈلدى ۋە ۋاھاكازالار.

بولۇپمۇ تېررىتورىيە بىرلىكىدە ياشاش ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق-قەبىلە ئېڭىنى ئاجىزلاتمىۋەتتى. بىراق بۇ چاغدا ئائىلە جەمئىيەتنىڭ مۇھىم «ھۈجەيرىسى»گە ئايلاندى. خۇددى ن. ئا. باسكاكوۋ ئېيتقاندەك «ئۇيغۇرلار ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئاللىقاچان تۈگىتىپ، ئۇزاق مۇددەت فېئوداللىشىش دەۋرىنى بېسىپ ئۆتكەن. شۇنىڭ نەتىجىسىدە قازاق، قاراقالپاق، ئالتايلىقلار ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ پۇختا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇق-قەبىلە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-قەبىلە تەۋەلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇپ، مەلۇم يۇرت ياكى شەھەرگە قارىتىلغان نام-ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكەن»⑪.

ئىنسان توپلۇقلىرى ئورتاق بولغان بىر مىللەت گەۋدىسىگە ئۇيۇشقىچە ئۇرۇق-قەبىلە-قەبىلىلەر ئىتتىپاقى-خەلق توپى — مىللەت قاتارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن بولىدۇ. قوچو ۋە قاراخانىلار دەۋرى دەل ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن مىللەت گەۋدىسىگە قاراپ ئۇيۇشۇۋاتقان ۋاقتى ئىدى. بۇ مەزگىلدە قوچو ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ جەمەتى — ئەجدادىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان ئىككى خىل ئەھۋال كۆرۈلدى، بۇنىڭ بىرى لەقەملەر، يەنە بىرى «نىشان» — بەلگە ئىدى. لەقەملەر ئاساسلىقى ئەل ئىچىدە ئۇرۇق جەمەتىنى سۈرۈشتە قىلىشلاردا كەڭرى قوللىنىلغان؛ «نىشان» بولسا يازما ۋەسىقىلەر بىلەن ئادا قىلىنىدىغان ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي ئېلىم-بېرىم مۇناسىۋەتلىرىدە مەلۇم بىر جەمەتنىڭ ياكى ئۇرۇقنىڭ ۋە ياكى بىرەر ئائىلىنىڭ بەلگىسى ھېسابىدا قانۇنىي كاپالەت ۋاستىسى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. بۇنىڭغا يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان «ئايال كىشىنى سېتىش ھەققىدىكى تىلخەت»تە تەدىمىلىگ بىلەن قارابۇقىنىڭ بىر خىل «نىشان»نى ئىشلەتكەنلىكىنى ئىسپات قىلىشقا بولىدۇ.

«تامغا» ئادەتتە خەت ئويۇلغان — ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، سۆڭەك، قاش تاش ياغاچتىن ياسالغان بولىدۇ. مەرتىۋىلىك ئادەملەرنىڭ ئۇنۋانى، مەرتىۋىسى، ئىسمى يېزىلغان بولىدۇ. «نىشان»دا بولسا بەلگە-شەكىللەر بولىدۇ. مەسىلەن، تەتقىقاتچى ئىسراپىل يۈسۈپ نەشرگە تەييارلاپ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىلى 1-2 قوشما سانىدا ئېلان قىلغان «پۇل تاپشۇرۇپ ئېلىش ھۆججىتى»دە پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى خادىم — ۋاپشى تۇتۇڭ ئۆزىنىڭ «نىشان»ىنى باسقان. بۇ «نىشان»  شەكلىدە. يەنە «كۆنى قىزنىڭ قۇل ئوغۇلنى ئازاد قىلىش ھەققىدىكى ۋەسىيەتنامىسى»⑫ دە  شەكىللىك بەلگە چۈشۈرۈلگەن، بۇ بەلگە «ۋەسىيەتنامە»نى يازغۇچى — سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئائىلە باشلىقى لىكەنىڭ بەلگە — تامغىسىدۇر.

كۆپلىگەن كىشىلەر «ئۇيغۇرلار تارىخ قالدۇرۇشقا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەپتىكەن. ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق-جەمەتىنى 3-4-ئەجدادىغىچىلا بىلىدۇ، ئۇنىڭ نېرىسىنى بىلمەيدۇ» دېيىشىدۇ. بىراق بىز «ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى»گە ئوخشاش بىرىنچى قول ماتېرىياللار بىلەن ئۇچراشقىنىمىزدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئۇرۇق-جەمەتىنى ئەستە ساقلاشنى يۇقىرىقىدەك شەكىل، ئۇسۇللار بىلەن ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى بىلىش ئىمكانىيىتىنى تاپىمىز. خۇلاسە شۇكى، «نىشان» ئۇيغۇرلارنىڭ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىدە قوللانغان ئۇرۇق-جەمەت بەلگىسىدۇر.

(ئاخىرىدا «تامغا»، «نىشان»لار بېسىلغان ھۆججەتلەرنىڭ فاكسىمىل نەمۇنىسى بېرىلدى).

2005.2

بۇ ئۈچ تامغىنى شۇ يادىكارلىقلارنى بەرپا قىلغۇچىلارنىڭ بەلگىلىرى دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.




a—تەس يادىكارلىقىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنىڭ جەنۇبىي يېنىدا تامغا. b—تېرخىن - يادىكارلىقىنىڭ تاشپاقا شەكىللىك ھۇلىدىكى تامغا. c— موغۇن شىنە ئۇسۇ يادىكارلىقىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنىڭ جەنۇبىي يېنىدىكى تامغا.

---

**ئىزاھلار :**

① بۇ تىلغەت لى جىڭۋېي تۈزگەن «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر تەتقىقاتى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى. بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1996 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

② بۇچۇڭ —بۇ سۆزنى لى جىڭۋېي ئەپەندى خەنزۇچىدىكى « 补充 »دىن كەلگەن دەپ تونۇيدۇ. لى جىڭۋېينىڭ «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر تەتقىقاتى» ناملىق كىتابىنىڭ 136 - بېتىگە قاراڭ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل نەشرى.

③ بۇ ھۆججەت لى جىڭۋېينىڭ «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر تەتقىقاتى» دىن ئېلىندى. بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1996 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

④ س. گ. كىلياشتورنى: «تېس مەڭگۈ تېشى»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1985 - يىل 1 - سان.

⑤ «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 - يىل، 1 - سان.

⑥ مەھمۇد كەشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى، 1 - توم 77 - بەت.

⑦ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى، 17 - بەتتىكى قىستۇرما سۈرەتكە قاراڭ.

⑧⑩ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم 603 - بەت، 3 - توم 209 - بەت.

⑨ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى 183 - بەت.

⑪ ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 45 - 46 - بەتلەرگە قارالسۇن.

⑫ لى جىڭۋېي: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر تەتقىقاتى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 - بېتىگە قاراڭ. بۇ كىتاب 1996 - يىل 3 - ئايدا «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق



قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۆھۈرى («ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» )




مال ـ مۈلۈك ماجىراسى ھەققىدىكى ھۆججەت




كۆنى قۇزنىڭ ئوغۇل قۇلنى ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى ۋەسىيەتنامىسى

# مانى دىنىنىڭ تۇرپان رايونىدىكى بۇددىزىم سەنئىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى

ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

بۇددا دىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 ــ ئەسىردىن 6 ــ ئەسىرگىچە گا ئۇتاماسىددخادتا تەرىپىدىن ھىندىستاندا ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، غەربىي رايون ــــ ھازىرقى شىنجاڭغا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 ــ ئەسىردە تارقىلىشقا باشلىغان. مىلادىيە 4 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئومۇملاشقان. بۇ دىن غەربىي رايوندا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، بۇددىزىم مەدەنىيىتى غەربىي رايوننىڭ ئەدەبىيات ــ سەنئىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. نەتىجىدە، ھەيكەلتاراشلىق، رەسساملىق ۋە نەققاشلىق زور دەرىجىدە راۋاجلىنىپ غەربىي رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان مىڭئۆي سەنئىتىنى شەكىللەندۈردى.

تۇرپان رايونىنىڭ بۇددىزىم سەنئىتى ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەر (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 ــ ئەسىردىن مىلادىيە 15 ــ ئەسىرگىچە بولغان 1600 يىل ) جەريانىدا كۈنسېرى گۈللەندى ۋە روناق تاپتى ھەم ئۆزىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر بولغان مىڭئۆي سەنئىتىدىن ئىبارەت زور مۆجىزىسى بىلەن گۈزەل سەنئەت مۇتەخەسسىسلىرى، ئالىم ۋە تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلدى. ئەپسۇسكى، بۇنداق ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان تۇرپان رايونىنىڭ بۇددىزىم سەنئىتى شۇ رايوندا ياشىغۇچى خەلق ياراتقان ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ شۇنىڭدەك ئۇلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنلار يەنى بۇددا دىنىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئېتىقاد قىلىنغان دىنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش بىلەن بىرگە، تۇرپان رايونىدا خېلى بىر دەۋر بۇددىزىم بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن مانى دىنىنىڭ تەسىرىگىمۇ زور دەرىجىدە ئۇچراپ كەلدى. شۇنداق بولغاچقا، تۇرپان رايونىدىكى بۇددىزىمنى تەتقىق قىلغاندا مانى دىنىنىڭ تەسىرىنىمۇ تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مانى دىنى مانىخەي دىنى ياكى مانىخەيزىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ دىن مىلادىيىنىڭ 3 ــ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىرسىيىلىك مانى دېگەن ئادەم تەرىپىدىن يارىتىلغان. مانى مىلادىيىنىڭ 216 ــ يىلى 4 ــ ئاينىڭ 14 ــ كۈنى جەنۇبىي بابىلۇن ( ھازىرقى ئىراق ) دا تىگرىس دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ماردىنو دېگەن يەردە تۇغۇلغان (ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى 215 ــ، 224 ــ، 241 ــ، 239 ــ، 240 ــ يىلى دېگۈچىلەرمۇ بار ) ئۇنىڭ ئاتىسى پاتىگ ئەسلى شىمالىي ئىرانلىق بولۇپ، كېيىن جەنۇبىي بابىلۇنغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ يەردە ماندا ئىيان دىنىغا كىرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا مانىنىڭ ئاپىسى ماريان پارفىيە تۆرىلىرىنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. مانى ياش ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا ئاسترونومىيە، نەققەشچىلىق، سېھرىگەرلىك قاتارلىق بىلىملەرنى پىششىق ئۆگەنگەن. ئۇ ناھايىتى تالانتلىق ناتىق بولۇپ يېتىلگەن، مانى تۆت يېشىدا تۇۋىن ئىسىملىك بىر روھانىدىن يېڭى دىن يارىتىش توغرىلىق تەلىم ئالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ پۈتۈن پىكىر ــ خىيالى شۇ مەقسەتكە بۇرۇلىدۇ. 240 ــ يىلى، مانى يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەندە تۇۋىن ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم مەدەت بېرىدۇ. مانى شۇ يىلى ئۆزىنىڭ دىنىي قاراشلىرىنى ۋە تەسەۋۋۇرىنى يەكۈنلەيدۇ ۋە ئۇلارنى ئالدى بىلەن ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كېمىگە چۈشۈپ دېڭىز ئارقىلىق ھىندىستان ۋە چىنغا بېرىپ ئۇ جايلاردا بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىدۇ.

2005 . 2

بىرونىنىڭ كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان «چىن» نى تارىخچىلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خوتەن دەپ ئېنىقلىماقتا. ئەگەر ئېنىقلىما توغرا بولسا، مانى ياش ۋاقىتلىرىدا بۇ ئۇيغۇر يۇرتى — تۇرپانغىمۇ كەلگەن بولۇپ چىقىدۇ. مانى ھىندىستان ۋە چىنىدىن بابىلۇنغا قايتىپ بېرىپ ئۆزىنىڭ يېڭى دىنىنى تارقىتىشقا كىرىشكەندە، شاپۇر I پارس ساسانىيلارنىڭ پادىشاھى بولغان ئىدى. 240 ـ يىلى، مانى پىرىسىيىگە بېرىپ دىن تارقىتىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن شاپۇرنىڭ ئىنىسى پېروزىنىنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ، ئۇنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق شاپۇر بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. مانى ئۆزىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى بايان قىلىپ، ئوتتۇرا پارس تىلى بىلەن «سابۇخراگان» ناملىق بىر كىتاب يازىدۇ ۋە ئۇنى شاپۇر I غا تەقدىم قىلىدۇ. مانىنىڭ دىنىي تەلىماتى شاپۇرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. مانى 240 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چوڭ مۇراسىمدا خالايىق ئالدىدا ئۆزىنىڭ «ئىككىلىك (ئىككى يىلتىز)، ئۈچ زامان» تەلىماتىنى ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ مانى دىنى رەسمىي ئېتىراپلىق دىن سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. مانى ئەتىۋارلىق ئادەم بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئوردىغا ئەركىن كىرىپ ـ چىقىپ يۈرىدۇ. مانى شاپۇر بىلەن بىرلىكتە ھەربىي يۈرۈشلەرگە قاتنىشىپ رىملىقلار بىلەن جەڭ قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى يېڭى دىنىنى پۈتۈن پىرىسىيىگە تارقىتىدۇ. بىراق 273 ـ يىلى شاپۇر ئۆلگەندىن كېيىن، مانى دىنى پىرىسىيىدە چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. مانى ئۆز يۇرتىغا كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. 277 ـ يىلى پادىشاھ بەھرەم I مانىنى دەرگاھىغا چاقىرتىدۇ ۋە ئۇنى قاماققا ئالىدۇ. ئارىدىن يىگىرمە نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، تەخمىنەن 277 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بەھرەم مانىغا ھەر خىل بەدناملارنى چاپلاپ، ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇيدۇ. بەھرامنىڭ ئادەملىرى ئۇنى كىرستقا باغلاپ ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ تېرىسىنى تولۇمچىلاپ سويۇپ، ئىچىگە سامان تىقىپ، ئۇنى گۇندىساپۇر شەھىرىنىڭ (ھازىرقى ئىراننىڭ كازىرۇن ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ) دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويىدۇ. (مانىنىڭ ئۆلگەن يىلىنى 273 ـ، 274 ـ، 275 ـ، 276 ـ يىلى دېگۈچىلەرمۇ بار) شۇنىڭدىن تارتىپ مانى دىنىنىڭ تەقدىرى ئاساسەن چەكلىمە ئىچىدە قالىدۇ. مانى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشقا باشلايدۇ. بۇ مۇخلىسلاردىن غەربكە قاچقانلىرى 280 ـ يىللىرى ئەتراپىدا مېسوپوتامىيە، سۈرىيە، رىم، مىسىر ۋە شىمالىي ئافرىقىلارغا بارىدۇ ۋە ئۇ جايلاردا دىن تارقىتىشقا باشلايدۇ. لېكىن ئۇلار ھەممىلا يەردە چەكلىمىگە ئۇچراپ ئانچە راۋاج تېپىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ مۇخلىسلاردىن شەرققە قاچقانلىرى ئىراننىڭ شەرقىي شىمالى، ئامۇ دەريا بويلىرى ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ دىن تارقىتىدۇ.

مانى دىنى دەۋر جەھەتتە قەدىمكى ۋە كېيىنكى دەپ ئايرىلىدۇ. بىز بۇ دىنىنىڭ غەربكە تارالغان قىسمىدا خىرىستىئان تەركىپلىرى كۆپلۈكىنى، شەرققە تارالغان قىسمىدا بولسا بۇددا دىنى تەركىپلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرىمىز.

مانى دىنىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى يەتتە كىتاب (يەتتە تاغلىق نوم) يەنى مانىزمنىڭ يەتتە دەستۇرى، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان «مانى نۇر بۇرھان ئېتىقادنامىسى (摩尼光佛教法仪) ناملىق كىتابتا ساناپ كۆرسىتىلگەن: «چەكسىز تومەن قائىدىلەر يىلتىزى بولمىش ئەقىل دەستۇرى»، «پاك روھلارنىڭ خەزىنە نومى»، «قائىدە نومى»، «خۇپيانە قائىدە نومى»، «ئۆتمۈشنى ئىزاھلاش نومى»، «باھادىرلىق نومى»، «مەدھىيە ‹ماھىر نەماگ› نومى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مانىزمدىكى ئۈچ چەكلەش، ئوننى قىلماسلىق ئەقىدىسى: «ئۈچ چەكلەش» ئېغىزدىن (ھاراق ئىچىش، يالغان سۆزلەش، گۆش يېيىش) نى چەكلەش؛ قولى (يامان ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن) چەكلەش؛ كۆكرەكنى زىنادىن چەكلەشنى كۆرسىتىدۇ. «ئوننى قىلماسلىق» بولسا، بۇددا چوقۇنماسلىق، يالغان

سۆزلىمەسلىك، خىيانەت قىلماسلىق، قاتىللىق قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق، ساختىپەزلىك-كاززاپلىق قىلماسلىق، ئەپسۇنگەرلىك قىلماسلىق، ئالا كۆڭۈل بولماسلىق، ھورۇنلۇق قىلماسلىقتىن ئىبارەت. بۇ دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى ئاق كىيىم كىيىدۇ. بۆكلىرى ئاق، قارا ۋە بىنەپشە رەڭلەردە بولىدۇ. باش مۇخلىسلىرىنىڭ بۆكى بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ. ئاغرىسا دورا يىمەيدۇ. مانى دىنىدا ئادەم ئۆلسە، جەسەت يالىڭاچ ھالەتتە كۆمۈلىدۇ. مانى مۇخلىسلىرىنىڭ ھەپتىلىك ئىبادىتى «مىر» كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. «مىر» سوغدى تىلىدا يەكشەنبە دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

مىلادىيە 4-ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقىلىشقا باشلىغان، 13-ئەسىرگىچە تۇرپان رايونىدا بۇددىزم بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، تاڭ خانلىقىنىڭ ئايال پادىشاھى ۋۇ زېتيەن دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغىمۇ تارقالغان مانى دىنى — ئاتەشپەرەسلىك، بۇددا ۋە خرىستىئان دىنلىرىنىڭ يۇغۇرۇلۇشىدىن بارلىققا كەلگەن بىر خىل ئارىلاشما دىن بولۇپ، «ئىككى يىلتىز»، «ئۈچ پەيت». يەنى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق يەنى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق؛ دەسلەپكى پەيت، ئارىلىقتىكى پەيت، ئاخىرقى پەيتتىن ئىبارەت ئىككى مەنبەچىلىك ئىدىيىسى مانى دىنى ئالەم قارىشىنىڭ يادروسىدۇر.

تۇرپاندىن قېزىۋېلىنىپ ئېلىپ كېتىلگەن ھازىر گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھىرىدە ساقلىنىۋاتقان تۈركىي تىلىدىكى قوليازمىلاردىن ئورقۇن ئۇيغۇر خاقانىنىڭ قوچو (تۇرپان) غا كېلىپ مانى دىنىنىڭ كاتتا ئۆلىماسى مېزاكتىن خانلىق قارارگاھىنىڭ ئەتراپىدا دىن تارقىتىشقا ئۈچ نەپەر ماشىستاك (دىن تارقاتقۇچى) ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغانلىقى مەلۇم. بۇنىڭدىن تۇرپان ئەينى دەۋردە مەملىكىتىمىزدىكى مانى دىنىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغانلىقىنى، بولۇپمۇ بۇددا دىنى تارقالغاندىن كېيىن، خېلى بىر مەزگىللەرگىچە بۇددا دىنى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇددا دىنى ئومۇملاشقان دەۋرلەردە بولسا، مانى دىنىنىڭ بىر قىسىم ئىبادەتخانىلىرى ئەسلىدىكى بۇددا مىڭئۆيلىرى ئاساسىدا ئۈستىگە قايتا سۇۋاق بېرىلىپ بۇت رەسىملىرى سىزىلغان ۋە بۇددىزم ئىبادەتخانىلىرىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ خىل ئەھۋال قۇتتاغ باغرىغا جايلاشقان بېزەكلىكتىكى 14-نومۇرلۇق غاردا كۆزگە چېلىقىدۇ. ئەمما تۇرپاندىكى مانى دىنى ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن مانىنىڭ چوڭايتىلغان رەسىمى ۋە ئىستىقامەت



قوچو قەدىمكى شەھىرى K ئىبادەتخانىسى ئوتتۇرا زالىنىڭ غەربىي
تېمىدىكى مانى ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرىنىڭ رەسىمى

قىلىۋاتقان ئاق كىيىملىك مانى دىنى مۇخلىس-
لىرىنىڭ تام رەسىملىرى، شۇنىڭدەك مانىغا
ئوقۇلغان مەدھىيە شېئىر توپلىمى «ماھراماگا
»نىڭ تېپىلىشى، يەنە بىر قىسىم مانى ئىبا-
دەتخانىلىرىنىڭ تاكى ئىسلام دىنى تۇرپان رايو-
نىغا دەسلەپكى قەدەمدە كىرىشكە باشلىغانغا قە-
دەر ساقلىنىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بې-
رىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ رايوندا بۇنداق ئۇزۇن دەۋر
هۆكۈم سۈرگەن مانى دىنى ۋە بۇددا دىنى 1383 ـ
يىللىرى بەشبالىقتا (ھازىرقى جىمسار ناھىيى-
سىدە) چاغاتاي خانى بولۇپ ئولتۇرغان خىرىز
خوجا (تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئوغلى) دەۋرىدە يۈز
بەرگەن «غازات» يۈرۈشى جەريانىدا ئاستا ـ ئاستا
ئۆز تەسىرىنى يوقىتىشقا باشلىغان. شۇنىڭ
بىلەن ئەسلى بار بولغان مانى دىنى ۋە بۇددا دى-
نىغا ئائىت مەدەنىيەت مىراسلار «ئىسلام غازات-
چىلىرى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان. بۇنى بۇ-
يۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۆل-
مەس ئالەم شۇمۇل ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت
تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە نەقىل كەلتۈرگەن:
كەلگىنلەيۇ ئاقتىمىز، كەندلەر ئۈزە چىقتىمىز
، فۇرخان ئەۋىن يىقتىمىز بۇرخان ئۈزە سىچتى-
مىز [*كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق، كەنتلەرنىڭ
ئۈستىگە چىقتۇق، بۇتخانىنى يىقىتتۇق، بۇت
ئۈستىگە چىچتۇق*] دېگەن مىسرالاردىن مۇ-
سۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىست ئۇيغۇرلار ئۈس-
تىگە كەلكۈندەك ئېقىپ بارغانلىقىنى، شەھەر-
لىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، بۇتخانىلىرىنى بۇ-
زۇپ، بۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تەرەت
قىلغانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى شۇنداق
ئىكەنلىكىنى، كاپىر بۇددىستلارنىڭ يۇرتىغا
بېسىپ كىرگەندە ئۇلارنى ھاقارەتلەش ئۈچۈن
ئۇلارنىڭ بۇتلىرى بېشىغا چىچىدىغانلىقىنى
بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ خارابە ئىزلىرى ئاستىدا
كۆمۈلۈپ قالغان بىر قىسىم مەدەنىيەت يادى-
كارلىقلار بولسا 1900 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەي-
نىدە چەتئەللىكلەر تەرىپىدىن قېزىپ ئېلىپ
كېتىلگەن. ھازىر بۇ جايدا بار مەدەنىيەت مى-
راسلىرى ئىچىدە قوچو قەدىمىي شەھىرى،
مۇرتۇق، بېزەكلىك، تۇيۇق قاتارلىق جايلاردىكى
قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا ئائىت خارا-
بىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن كىشىگارىبا بۇتساتۋا-
نىڭ سۈرىتى ياكى 10 راجانىڭ سۈرىتى، دوزاق
رەسىمى قاتارلىقلار تېپىلدى. تام رەسىملىرى
ۋە قەغەزگە سىزىلغان رەسىملەردە ئىپادىلەنگەن
ئاساسىي تېمىلار مانى دىنىنىڭ ئۇ ئالەم توغرى-
سىدىكى ئىدىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك
بولۇپ قالماستىن، بەلكى رەسىملەرنىڭ ئورۇن-
لاشتۇرۇلۇشى ۋە ئوبرازلىرى مانى دىنىنىڭ ئۇ
ئالەم توغرىسىدىكى رەسىملىرى بىلەن بەك
ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ بېزەكلىكتىكى
رەسىملەردە مانى دىنىدىكى يورۇقلۇق، قاراڭ-
غۇلۇق، دوزاخ، جەننەتتىن ئىبارەت ئىككى
مەنبەچىلىك ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن
سىزمىلار روشەن ھالدا كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ
خىل ئەھۋال تۇرپاننىڭ بېزەكلىكتىكى 12 ـ ۋە
26 ـ نومۇرلۇق غارلىرىدا كۆزگە چېلىقىدۇ.
ئۇنىڭدىن باشقا تۇرپان رايونىدا ياشىغۇچى خەلق-
لەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن،
«تەڭرى»، «جىن ـ شاياتۇن» قاتارلىقلارنىڭ
نامىنى ئەسلىدە ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەل-
گەن مانى دىنىدىكى «جىن ـ شاياتۇن» ۋە «ئى-
لاھ»لارنىڭ نامى بىلەن ئاتاپ كەلگەن. بولۇپمۇ
تۇرپاندا تۈرك يېزىقىنىڭ مانى يېزىقىدا ئىزاھ-
لىنىشى (تۇرپاندىن 1909 ـ يىلى (لېكوك تاپقان
ئېلىپبەدىكى 19 دانە تۈرك ھەرپى مانى يېزىقى
بىلەن ئىزاھلانغان)، شۇنىڭدەك «ئىككى يىل-
تىز نوم»، «خۇانىستۋانىتت» (مانى مۇخ-
لىسلىرىنىڭ تۇۋا دۇئاسى)، تۇرلۇك ئىبادەتخانا
ھۆججەتلىرى ۋە مانى دىنى مەدھىيە شېئىرلار
توپلىمى «ماھرناماگ»نىڭ تېپىلىشى، بۇ بىر
قاتار ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇزاق بىر دەۋر
ھۆكۈم سۈرگەن مانى دىنىدىن كېيىن تارقالغان
بۇددا دىنىنى خېلى زور دەرىجىدە مانى دىنىنىڭ
تەسىرىگە ئۇچرىغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ
ھەقتە خوددى ياپونىيە ئالىمى يۇ تيەنخېڭ ئە-
پەندى ئېيتقاندەك: «... ئەينى ۋاقىتتا مانى

2005·2

دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ تومۇرلىرى بىر – بىرىگە ئۆتۈشكەن بولۇپ، بۇ ھەقتىكى پاكىتلارغا كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار بىر – بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن».

تولۇق بولمىغان بىر قاتار پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، مانى دىنىنىڭ تۇرپان رايونىغا كىرىشى ۋە بۇددىزم سەنئىتى ئىچىدە ئۆز تەسىرىنى قالدۇرۇشى زور پەرقلىق ھالدا ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ، تۇرپان ۋە قومۇل رايونىدىكى ئەھۋال — كۇچا، باي رايونىدىكىگە، شۇنىڭدەك دۇنخۇاڭ رايونىدىكىگىمۇ ئوخشىمايدۇ.

مانى دىنىنىڭ دۇنخۇاڭ بۇددىزم سەنئىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئاساسەن 8 – 9 – ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. كۇچا بىلەن باي رايونىدا بولسا 8 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما تۇرپان بىلەن قومۇل رايونىدا بولسا، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ئەكسىچە. مانى دىنى بۇرۇن ئومۇملىشىپ، ئۆزىدىن كېيىن تارقالغان بۇددا دىنى ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ، بۇددىزم سەنئىتىدە ئۆز تەسىرىنى قالدۇرغان. بولۇپمۇ مانى دىنىنىڭ غەربىي رايونغا تارقىلىشى، شۇنىڭدەك غەربىي رايون ئارقىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىشى ۋە شۇ جايلاردىكى بۇددىزم مەدەنىيەت – سەنئىتىگە تەسىر كۆرسىتىشتە قوچو ( تۇرپان ) رايونى ۋاسىتىلىق رول ئوينىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەر بىلەن خوتەن گەرچە مانى دىنىنىڭ ئانا يۇرتى ئىرانغا نىسبەتەن يېقىن ( غەربىي رايوندىكى باشقا جايلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ) ھەم شۇنىڭدەك غەربىي رايوندىكى بۇددا دىنى ئەڭ تەرەققىي تاپقان جايلاردىن بولۇپ ھېسابلانسىمۇ، مانى دىنىنىڭ بۇ جايلاردىكى پائالىيىتى توغرىلىق ماتېرىيال يوق. شۇەنجۇاڭ غەربكە بارغان ۋاقىتتا قەشقەردە بۇددا دىنى راۋاج تاپقان بولۇپ، بۇ دەۋردىن باشلاپ خەلق ئىچىدە ئاھۇرامازداغا قول بېرىپ ئىراق دىنى يەنى ئاتەشپەرەسلىك ( زاراۋئاستىرا ) گە ئېتىقاد قىلىش ئاستا – ئاستا كۈچەيگەن. تاڭ خانلىقى دەۋرىدىكى «غەرب ھەققىدىكى رىۋايەتلەر» دېگەن كىتابنىڭ «قەشقەر خانلىقى» دېگەن بابىدا «بۇ جايدىكى خەلق ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ» دەپ يېزىلغان. ئەمما تاكى 8 – ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بۇ دۆلەتتە بۇددا دىنىنىڭ كۆلۈنگو مەزھىپى تېخى يوقالمىغانىدى.

قىسقىسى، مانى دىنىنىڭ تۇرپان رايونى بۇددىزمىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئاساسەن دۇنخۇاڭ مىڭئۆيى بىلەن كۇچادىن تارتىپ قومۇلغىچە بولغان جايلاردىكى بۇددىزم ئىبادەتخانىلىرىدا بولۇپمۇ، ئىبادەتخانا ئىچىدىكى نەقىش ئويمىلار ۋە ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتىدە بىر قەدەر روشەن ھالدا كۆزگە چېلىقىدۇ. شۇڭا، تۇرپان رايونىدىكى بۇددىزمنى تەتقىق قىلغاندا، مانا شۇنداق قىممىتى يۇقىرى، مەزمۇنى مول، تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان مىڭئۆي سەنئىتىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈشكە ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تارىخىدا قوللانغان باشقا خىل يېزىقلاردا قالدۇرۇپ كەتكەن يادىكارلىقلارغا ئوخشاش، مانى يېزىقى بىلەن يېزىلغان كۆپلىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىمۇ قالدۇرۇپ كەتتى. بۇنىڭدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگىنى ھازىر غەربىي ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇزېيخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان 18 –، 19 –، 20 – ئەسىرلەردە نېمىس، ئېنگلىز، روس ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرى تەرىپىدىن تۇرپان قاتارلىق جايلارنى قېزىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق تېپىلغان قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان 57 پارچە، 801 قۇردىن ئارتۇق ھەجىمدىكى مانى دىنىغا ئائىت ھەر خىل ھۆججەتلەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ خاراكتېرلىك بولغان، ھەجىم جەھەتتىمۇ 338 قۇر نىسبەتنى ئىگىلىگەن، «مۇقەددەس ئابىدە» دەپ ئاتالغان «تۇۋا دۇئاسى» دىن ئىبارەت.

«تۇۋا دۇئاسى» تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ

4 ـ 5 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات تارىخىدىكى مانى يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەڭ چوڭ ھەجىمدىكى تونجى شېئىرىي داستاندۇر. بۇ داستاننىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مۇنداق ئۈچ خىل نۇسخىسى بار.

بىرىنچى، تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى بولۇپ، ئۇ ھازىر روسىيىنىڭ پېتىربورگ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

ئىككىنچى نۇسخىسى، تۇرپان قوچو كونا شەھىرىدىن تېپىلغان مانى يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان نۇسخىسى، ئۇ ھازىر گېرمانىيىنىڭ بېرلىن مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

ئۈچىنچىسى، گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ مىڭ ئۆيدىن تېپىلغان مانى يېزىقىدىكى نۇسخىسىدىن ئىبارەت.

تارىختىن بۇيان تۇرپان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. جۇغراپىيىلىك شارائىتى تۈپەيلىدىن تۇرپان خەنزۇ، ھىندى، پارس، گرېك ۋە باشقا خەلقلەر مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇراتتى ۋە ئۇلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بېيىتىپ بارغان. شۇڭا بۇ يەردە ھەر خىل تىل ـ يېزىقلار، سەنئەت ئەسەرلىرى، مەدەنىي بۇيۇملار ۋە دىنلار ئۆز ئىزىنى قالدۇرماي قالمىدى. جۈملىدىن ئورقۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت دىنى بولغان مانى دىنىمۇ بۇ خىل تارىخىي شارائىتتا يېڭى تەرەققىيات يولىنى تاپتى.

مانى دىنى شاپۇر I دەۋرىدىن كېيىن، ئارىدا ئۆز بېشىدىن ئۇزۇن ئەسىرلىك چۈشكۈنلۈك دەۋرىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، مىلادىيىنىڭ 8 ـ ئەسىرىگە كېلىپ، شەرقتە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يېڭىدىن گۈللىنىش زېمىنىنى تاپتى. 763 ـ يىلى ئورقۇن ئۇيغۇر خاقانلىقىدا مانى دىنى رەسمىي دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلەندى.

3 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مانى دىنى ئىراندا چەكلىمىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئامۇ دەريا ۋادىلىرىغا قاچقان مانى مۇخلىسلىرى ئۇ يەرلەردە بۇ دىننى داۋاملىق تارقىتىپ يەنە يىلتىز تارتقۇزدى. بۇ دىن شۇ يەرلىك سوغدى قاتارلىق خەلقلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدى. ئىبىن نادىم ئۇلار توغرىلىق: «ئۇلار قېچىشقا مەجبۇر بولۇپ، بەلىخ دەرياسىدىن ئۆتۈپ قاغاننىڭ زېمىنىغا كەلگەندە، توختىغان» دەپ يازىدۇ. قاغاننىڭ زېمىنى غەربىي تۈرك دۆلىتىنىڭ زېمىنى يەنى ماۋەرەئۇننەھر ۋە ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قاتارلىق جايلار ئىدى.

سوغدىلار تۈرك خاقانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ غەرب ئەللىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىدە ۋاستىچى بولغانىدى. مانى دىنىنىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا شۇلار تاراتقان دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي شامان دىنىدىن مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى ئىدىئولوگىيە تارىخىدىكى زور بىر تەرەققىيات ئىدى. ئورقۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە «ئورقۇن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دېھقانچىلىق، قاتناش، سودا ۋە مەدەنىيەتچىلىك ئىشلىرى كۆرۈنەرلىك ھالدا تەرەققىي قىلدى. كىشىلەرنىڭ روھىي تېخىمۇ كۆپ يېڭى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدىغان بولدى. مۇشۇ پەيتكە كەلگەندە، جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپلەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسا، شىمالىي ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مانى دىنى كەڭ تارقالدى.

مىلادىيىنىڭ 3 ـ 4 ـ ئەسىرلىرىگە كەلگەندە، سوغدى ۋە سوفاق (پارس) لارنىڭ ئورقۇن تەۋەسى بىلەن بولغان بېرىش ـ كېلىشلىرى كۆپەيگەنىدى. تۈركىي خەلقلەرنىڭ بەزى قەبىلىلىرى يايلاق قوغلىشىپ تا ۋولگا دەرياسى ۋادىلىرىغا قەدەر كېڭەيدى. خەلقئارا تۈركولوگلارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە سوغدىلارنىڭ تىلى ۋە

يېزىقى تۈركىي خەلقلەر تەرىپىدىن دىپلوماتىيە ۋە ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن چاغلارمۇ بولغان. بۇنى يېقىندىن تېپىلغان سوغدى تىلىدا ئويۇلغان «بۇگۇت مەڭگۈتېشى» بىلەن ھازىرقى قارا شەھەرنىڭ يۇلتۇز دېگەن يېرىدە بارگاھ قۇرۇپ تۇرغان غەربىي تۈركلەرنىڭ يابغۇ خاقانى ئىستەمىنىڭ كونستانتىنپولغا سوغدى ئەلچىسى مانياخنى ئەۋەتكەنلىكى، دۆلەت خېتىنى سوغدى يېزىقىدا يازغانلىقىغا ئائىت يادىكارلىقلاردىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ماني دىنىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق سوغدىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ئورقۇن ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ غەرب ئەللىرىگە بارىدىغان يايلاق سودا يولى يەنى «سوقاق يولى»نى ئېچىشتىن ئىبارەت مۇھىم ئىقتىسادىي ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققانىدى.

ئارخېئولوگلار شىنجاڭدىن 24 خىل يېزىق 17 خىل تىلغا تەۋە ئاجايىپ كۆپ يازما يادىكارلىقلارنى تاپتى. بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ تۈرى ۋە ئەھمىيىتىدىن قارىغاندا، يازما مەنبەلەر بويىچە رايونىمىز دۇنيادىكى باشقا مۇھىم ئورۇنلاردىن ھەرگىز قېلىشمايدۇ.

تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ماني يازمىلىرى دۇنيادا ناھايىتى كۆپ بولغان. ئەمما تۇرپاندىن باشقا جايلاردا بۇ يازمىلارنىڭ يادىكارلىقلىرى ئانچە كۆپ تېپىلمىدى. تۇرپاندىن تېپىلغان ماني يازمىلىرى غەرب ئالىملىرىنىڭ ماني دىنى ھەققىدىكى دىققىتىنى قايتا قوزغىدى. بۇ جايدىن ماني ئەسەرلىرىنىڭ سوغدى يېزىقى ۋە سوغدى تىلىدا يېزىلغانلىرىنىڭمۇ تېپىلىشى بۇ يازمىلارنىڭ تارىخىي قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

ئۇيغۇرلار تۇرپان رايونىدا زور ماني ئىبادەتخانىلىرىنى سالغانىدى. بۇ ئىبادەتخانىلاردىن ئۇيغۇرچە ماني يازمىلىرى كۆپلەپ تېپىلدى. بۇ يازمىلاردىن ھازىرچە ئېلان قىلىنغانلىرى «ئىككى يىلتىز نوم»، «خۇئاستۇانىفت» (ماني مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋە دۇئاسى) ۋە تۇرلۇك ئىبادەتخانا ھۆججەتلىرى ماني دىنىنىڭ مەدھىيە شېئىرلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ ئەسەرلەردىن بەزىلىرى ماني دىنىنىڭ دىنىي كىتابلىرىنى تولۇقلايدىغان قىممەتلىك بايلىقلاردۇر. گېرمانىيىلىك لى كوك تۇرپاندىكى تويۇق خارابىلىرىدىن تاپقان بىر پارچە قەغەز فىراگمېنتتا ئورقۇن ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ 11 ھەرىپى يېزىلغان بولۇپ، ئاستىغا ئۇلارنىڭ ماني يېزىقىدا ئوقۇلۇشى بېرىلگەن. بۇ قەغەز ئورقۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدىكى سوغدىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنىڭ تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەتلىك پاكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىزاھات:

پايدىلانغان ئاساسلىق مەنبە:

1. دىن لۇغىتى (خەنزۇچە)
2. دىن تارىخى (خەنزۇچە).
3. شەنشى ئۆلكىلىك ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى باشقۇرۇشىدا نەشر قىلىنغان. «ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 2003 ـ يىللىق 2 ـ سان (خەنزۇچە).
4. كىلىمكىيت «يىپەك يولىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت». «شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت فوتو نەشرىياتى»، 1994 ـ يىل 9 ـ ئاي (خەنزۇچە) نەشرى.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش ئىشخانىسىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

2005.2

# مۇرتۇق بېزەكلىك كېمىر ئۆيلىرىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلمىسى توغرىسىدا

ئوسمان مۇھەممەدى قارا قۇتلۇق

تۇرپاندىكى مۇرتۇق بۇددا دىنى بېزەكلىك كېمىر ئۆيلىرى تۇرپان دىيارىنىڭ ئىسسىق ھاۋا كىلىماتى، تەبىئىي ئويمانلىق قۇرغاق رايون جۇغراپىيىسى ۋە ئەمگەكچان خەلقىنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ بۈگۈنكى دەۋرگە قالدۇرغان يادىكارلىق ئابىدىسىدۇر.

مۇرتۇق بۇددا دىنى بېزەكلىك ئەگمە ئۆيلىرى 1000 يىلدىن 2000 يىلغىچە بولغان تارىخىي دەۋرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى يوقاتماي ساقلىنىپ، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىن بىلەن مەدەنىي تۇرمۇشى بىرلەشتۈرۈلگەن تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتى ۋە بىناكارلىق ھۈنەر - سەنئىتىنى كۆز ئالدىمىزغا ئەكىلىدۇ.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن بولغان تۇرپان دىيارىدا ماكانلىشىش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكى، سودا - تىجارەت ۋە قول - ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ روناق تېپىشى بىلەن، مەھەللىشىشتىن شەھەرلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلغان. گەرچە بۇ يەرنىڭ تەبىئىي ھاۋا كىلىماتىدىكى ئىسسىقلىقى ھەم سۇ قىسلىقى خەلققە قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ تۇرپان دىيارىدىكى شەھەرلەشكەن قەدىمكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى تۇرپاننى ئاساس قىلىپ قۇرۇلۇپ، كېيىن تېررىتورىيىسىنى قاراشەھەر، كۇچا، قۇمۇلغىچە كېڭەيتكەن. بۇ يەردىكى گۈللەنگەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، ئىقتىسادى، تىجارەت ۋە يەرلىك قول - ھۈنەرۋەنچىلىك بۇ دۆلەتلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي جەھەتتىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان ئاساسىي ئورۇندا تۇرغۇزغان. بۇ جەھەتتە تۇرپان دىيارىنى غەربىي يۇرتتا ئەڭ بۇرۇنقى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

مۇرتۇق بۇددا دىنى بېزەكلىك كېمىر ئۆيلىرى (ھازىرقى زاماندىكىگە ئوخشاش) كېسەكتىن ياسالغان توپا قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشتۇر. بۇ باشقا جايلاردىكى تاشكېمىر قۇرۇلۇشلىرىغا ئوخشاشمايدۇ.

ئەينى دەۋردىكى تۇرپان دىيارىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار قاتتىق توپىنى لاي قىلىپ (يۇمشىتىپ)، ئاندىن ئۇنى ياغاچ قېلىپتا تۈز يەرگە قويۇپ قۇرۇتقان. تاش ئارىلاش توپا تاغ ئىچىنى ئويۇپ (گەمە شەكلىگە كەلتۈرۈپ) راسلاپ، ئىككى بوي تام ۋە ئىككى توغرا تامنى ئېتىپ (ئۇدۇلىغا بۇت تەكچە قىلىپ، ئالدى تەرەپكە ئىشىك ئورنى قويۇپ)، ئاندىن كېسەك بىلەن مەلۇم ئېگىزلىكتە ياي شەكىللىك ئەگمە قىلىپ ئىشلىگەن. ئاندىن سامانلىق لاي بىلەن سۇۋىغان. ئۇنىڭ ئۈستىدىن يۇمشاق توپا، قۇم ۋە تىتىلغان يۇڭ ياكى توزغاق ئارىلاشتۇرۇلغان يۇمشاق لايدا سىلىق سۇۋاق قىلغان، ئۆي ئىچى مەلۇم مۇددەتتە قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، ياغاچ جازا ياساپ توختىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۈستىدىكى ئەگمە تام يۈزىگە بۇددا دىنى ياكى مانى دىنى راھىبلىرىنىڭ باش رەسىمىنى سىزغان، ئاندىن ھەر خىل بوياق - سىرلاردا سىرلاپ - بېزەپ گۈزەللەشتۈرگەن. بۇ بىر - بىرىگە ئوخشاش راھىبلارنىڭ باش رەسىملىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ «مىڭ بۇددا» رەسىملىرى بولۇشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

ماھىر ئۇستىكارلار يەنە تام يۈزلىرىگە راھىبلارنىڭ ھەر خىل كۆرۈنۈشلىرىنى سىزىپ، تۇرمۇشتىكى رېئاللىقنى يارقىن تەسۋىرلىگەن. بۇنىڭدىن بىناكار ئۇستىلار ۋە

2005.2

سەنئەتكارلارنىڭ تالانتى ۋە ئەمەلىي ئىپادىلەش ماھارىتىنىڭ يېتۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ھالبۇكى، بۇنداق كېمىر ئۆيلەر تۇرپان دىيارىغىلا خاس بولۇپ يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق، بوران ـ چاپقۇن، چاڭ ـ توزانلاردىن خالىي بولىدۇ، شۇنداقلا قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن بولىدۇ. تۇرپان دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار بۇنداق توپا قۇرۇلۇش قانۇنىيىتىنى شۇ زامانلاردىلا بىلىپ يەتكەن، شۇڭلاشقا يالقۇنتاغ ئېتىكىدىكى شۇنداق يەرنى ھەم قۇرغاق تۇپىسى بار، ھەم ئېقىن سۇيى بار جاي مۇرتۇق جىلغىسىنى تېپىپ ماكانلاشقان ھەم ئۆزلىرىگە كېرەكلىك ئىبادەتخانىلارنى ياسىغان. ئۇلار شۇ جەرياندا ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەكچانلىق، باتۇرلۇق روھىنى بۇددا ئىبادىتىگە سىڭدۇرۇپ، تۇرپانچە بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى ياراتقان.

يەنە شۇنىمۇ قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، تۇرپان دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنى بېزەكلىك كېمىر ئۆيلىرىدىكى رەسىملەرنىڭ نۇسخىسىنى ۋە رەڭ تۈرلىرىنى تەبىئەت مەنزىرىلىرىدىن ئالغان. ئۇلار رەسىم سىزىشتا ئەۋزەل چىراغ نۇرى ئارقىلىق ياكى ئاي نۇرى ئارقىلىق يالىڭاچ ئادەم شەكىللىرىنى تامغا چۈشۈرۈپ ئىزناسىنى چىقىرىپ، ئۇنى ئۈلگە قىلىپ، ئاندىن ماس رەڭدە بوياق، سىر بېرىپ تەبىئىي ھالەتكە كەلتۈرگەن. شۇڭلاشقا بۇ قولدا سىزىلغان رەسىملەر ناھايىتى نەپىس ۋە جانلىق چىققان. ئۇلارنىڭ رەڭ تۈرلىرى تەبىئەت ھادىسىدىكى «ھەسەن ـ ھۈسەن» رەڭ خىللىرىنى ئۈلگە قىلغان، يەنى قىزىل (قۇياش)، كۆك (ئاسمان)، ئاق (بۇلۇت)، يېشىل (ئۆسۈملۈك)، قارا (ھايۋان)، سېرىق (ئاپتاپپەرەس) قاتارلىق تەبىئەتتىكى تۈرلۈك كۆرۈنۈشلەر، جانلىقلار ۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن ئېلىنغان. بۇ خىل بوياق، سىرلار تەبىئەتتىكى تاش، سېغىز مەدەنلىرى بىلەن يېشىل ئۆسۈملۈكلەردىن ياسالغان.

دېمەك، مۇرتۇق بېزەكلىك كېمىر ئۆيلىرى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە بىناكارلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

(ئاپتور: قەشقەر شەھەر چاسا كوچا باشقارما قازانچى ئىجتىمائىي رايونىدىن)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

2005·2



# تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ خوراز سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى

ئوسمان ئىسرائىل

خوراز سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى — ئۇيغۇر-
لارنىڭ ئەڭ قەدىمىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەت-
لىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بۇ خىل پائالىيەتنى
ئۇيغۇرلار ئىنتايىن قىزغىن ئېلىپ بارىدۇ.
شۇنداقلا ھەر قېتىم خوراز سوقۇشتۇرۇش سو-
رۇنى تۈزۈلسە نەچچە يۈز ئادەم بىر جايغا يىغى-
لىپ بۇ ئويۇننى كۆرۈپ تاماشا قىلىدۇ.

ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، خوراز سو-
قۇشتۇرۇش ئويۇنى ئەڭ دەسلەپتە ئاسىيادا پەيدا
بولغان، كېيىنچە ياۋروپا، جەنۇبىي، شىمالىي
ئامېرىكا، لاتىن ئامېرىكىسى، تايلاند، ۋېتنام
قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقالغان. يەنى ھىندونو-
زىيە، ئەنگلىيە، كۇبا، مېكسىكا قاتارلىق دۆ-
لەتلەردە خوراز سوقۇشتۇرۇش دۆلەت خاراكتېر-
لىك بىر خىل ئاممىۋى تەنتەربىيە كۆڭۈل ئې-
چىش پائالىيىتىگە ئايلانغان.

برازىلىيىدە 2000 دىن ئارتۇق خوراز سو-
قۇشتۇرۇش مەيدانى بولۇپ، ھەر كۈنى خوراز
سوقۇشتۇرۇلىدىكەن. نۆۋەتتە بۇ خىل خوراز
سوقۇشتۇرۇش پائالىيىتى نۇرغۇن دۆلەتلەردە
قوبۇل قىلىنىۋېتىپتۇ. جۈملىدىن ئاپتونوم را-
يونىمىزنىڭ تۇرپان، خوتەن، قەشقەر، ئاتۇش،
ئاقسۇ، قۇمۇل، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەتلەردە خو-
راز سوقۇشتۇرۇش پائالىيىتى خېلى ئۇزاق زا-
مانلاردىن بېرى ئاتا - بوۋىلىرىمىز تەرىپىدىن
ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ، ساغلام ئاممىۋىي
پائالىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. تارىخىي
ماتېرىياللاردىن قارىغاندا ، تۇرپان ئويمانلىقى-
نىڭ ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن تالڭ
سۇلالىسى دەۋرىدىكى لايدىن ياسالغان 12 مۆچەل
بايقالغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ توخۇ
باشلىق، ئادەم تەنلىك مۆچەلدىن شۇنى كۆرۈۋې-
لىشقا بولىدۇكى، توخۇ خېلى ئۇزۇن دەۋرلەردىن
بۇيان تۇرپان ئويمانلىقى ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن

ئۇيغۇرلار ئىچىدە ھەر خىل ھايۋان، ئۈي قۇش-
لىرىنى بېقىش، كۆندۈرۈش، سوقۇشقا سېلىش
ئويۇنلىرى داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى مەلۇم.
شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، توخۇ بولى-
دىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە خوراز، مىكيانلار يېتى-
شىپ چىقىدۇ. خورازلاردا تەبىئىي ھالدا بىر -
بىرىنى چوقۇش، سوقۇشۇش ھەرىكەتلىرى كۆ-
رۈلۈپ تۇرىدۇ. دېمەك، خوراز سوقۇشتۇرۇش
ھەرىكىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان تۇرپان ئوي-
مانلىقى ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن مىللەتلەر ئارى-
سىغا كەڭ تارقالغان. توخۇ سوقۇشتۇرۇش ئو-
يۇنى ئۇلارنىڭ باتۇرلۇق، مەرتلىك ھېس - تۇي-
غۇسىنى كۈچەيتىپ، قەلبلىرىنى لەرزىگە سې-
لىپ كەلگەنىدى. شۇڭا خوراز سوقۇشتۇرۇش
كىشىلەر ئارىسىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ
كەلگەن. كىشىلەرنىڭ خوراز سوقۇشتۇرۇش
ئويۇنىغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن
، بۇ ئويۇننىڭ نامى، جاي، ئادەم نام شەرىپى
بىلەن ئاتايدىغان ئادەتلەر ھېلىمۇ خەلقىمىز ئى-
چىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، توختى
خوراز مەھەللىسى، رېھىم خوراز، ئايشەم مىك-
يان، ئابلىز چۈجەك دېگەنگە ئوخشاش توخۇ
نامىلىرى بىلەن ئاتاش ئادەتلىرى ئۇيغۇرلار ئىچىدە
ھېلىھەم مەۋجۇت. يەنى ئۇيغۇرلار ئىچىدە باتۇر
چىققان ئەزىمەتلەرنى خورازدەك ئوغۇل بالا ئى-
كەنسەن، دېگەندەك ماختاش سۆزلىرى بار.

خوراز سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى تۇرپان ئوي-
مانلىقى ۋادىسىدا قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە
ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاممىۋى
ئاساسقا ئىگە كۆڭۈل ئېچىش تەنتەربىيە ئويۇن-
لىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلار خوراز سو-
قۇشتۇرۇش ئويۇننى يېزا بازار كۈنلىرى، ئەن-
ئەنىۋى ھېيت، بايرام، توي - تۆكۈن، نورۇز،
دەم ئېلىش كۈنلىرى قاتارلىق مەزگىللەردە ئې-

2005.2

لىپ بارىدۇ. بولۇپمۇ كۈز پەسلى، ئەتىياز پەسىللىرىدە يەنى 10 ـ ئايدىن باشلاپ 5 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا كۆپ ئېلىپ بارىدۇ. سالقىن ۋاقىتتا خورازلار ياخشى سوقۇشىدۇ. خوراز سوقۇشتۇرۇشتا ئوبدان خورازلارنى ئالاھىدە تاللايدۇ. بەزىدە تۇخۇمنى كەپتەرگە، باشقا ئۇچار قاناتلارغا باستۇرۇپ بېرىپ، چىققان چۈجىلىرىدىن خوراز تاللايدۇ. تۇرپان ئويمانلىقىدا شىرىقى ئۇزۇن خورازلارنى تاللايدىغان ئادەت بار، سوقۇشقا سالىدىغان خورازلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، كۆپ خىل ئۇسۇللار بىلەن يەنى خورازنى ئايرىپ بېقىش، دان بېرىشتە تەخسە ياكى تۆمۈر قاچا ئىچىگە ئۇششاق تاش (شېغىل)، چاقچۇق پارچىسى قاتارلىقلارغا داننى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق خورازنىڭ چوقۇش ئىقتىدارىنى مەشقلەندۈرىدۇ ھەمدە توخۇنى قىشتا ئىسسىق ئۆيدە باقىدۇ. يېمەكلىكلىرى قوي گۆشى، قۇشقاچ گۆشى، دان، خاسىڭ مېغىزى، ئاشقازان دورىسى، قۇرت ـ قوڭغۇز قاتارلىق يېمەكلىكلەر بىلەن ئالاھىدە باقىدۇ. سوقۇشقا سالىدىغان خورازلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاپ، كۆپ خىل ئۇسۇللار بىلەن مەشقلەندۈرۈش ئارقىلىق داڭدار خورازلارنى ئۆستۈرۈپ چىقىدۇ. سوقۇشقا سالىدىغان خورازلارنىڭ شىرىقى ئۇزۇن، گەۋدىسى چوڭ، شىرىقىدا ئۆسكەن دۈكۈرۈكى ئۇزۇن، چەبدەس بولىدۇ. بۇنداق خورازلارنى چۈجە ۋاقتىدىلا تاللىۋالىدۇ.

تۇرپان رايونىنىڭ قۇرغاق، ئىسسىق ھاۋا كىلىماتى سوقۇشقا سالىدىغان خورازلارنى يېتىشتۈرۈشكە تازا ماس كېلىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ سوقۇشقا سالىدىغان خورازلىرى داڭلىق بولۇپ، 1960 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش تېخنىكىسى» دېگەن كىتابتا تۇرپان خورازلىرىنىڭ ئېغىرلىقى 9 ـ 10 كىلوگرام كېلىدۇ دېيىلگەن. تۇرپان خورازلىرى قەشقەر، خوتەن، ئۈرۈمچى، ئىلى، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپلا قالماستىن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن خېنەن، يۈننەن، ئىچكى موڭغۇل ھەم بىر قىسىم چەت دۆلەتلەردىن قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، روسىيە، تايلاند، بېرما، ۋېتنام قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقالغان. تۇرپان ئويمانلىقى ۋادىسىدا خوراز سوقۇشتۇرۇش جەمئىيەتلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ جەمئىيەت ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سوقۇشقاق خورازلارنى تەتقىق قىلىش، نەسلىنى ياخشىلاش، كۆپ تۇغىدىغان، تۇخۇمى چوڭ توخۇلارنى يېتىشتۈرۈش، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن خېنەن توخۇسى بىلەن تۇرپان توخۇسىنى چېتىشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن سوقۇشقا سالىدىغان يېڭى سورتلۇق، سۈپەتلىك خورازلارنى يېتىشتۈرۈپ، تۇرپان خورازلىرىنىڭ داڭقىنى چىقارسا، يەنە بىر تەرەپتىن خوراز يېتىشتۈرۈش باقمىچى ئائىلىلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ ئىقتىسادىي كىرىمنى كۆپەيتتى. دېھقان ـ چارۋىچىلار ئۆزلىرى يېتىشتۈرگەن داڭدار سوقۇشقاق خورازلارنى 100 مىڭ يۈەن، كەينى 20 ـ 30 مىڭ يۈەن، تۇخۇمنى 100 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە سېتىپ ئىقتىسادىي كىرىمنى كۆپەيتمەكتە. دېمەك، تۇرپان ئويمانلىقى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سوقۇشقا سالىدىغان خورازلارنى يېتىشتۈرۈش مۇھىم بازىسىغا ئايلاندى. خوراز سوقۇشتۇرۇش ئويۇنىنىڭ قائىدىسى:

خوراز سوقۇشتۇرۇشتىن بۇرۇن ئىككى تەرەپ يەنى خوراز ئىگىلىرى ئۆزئارا كېلىشكەندىن كېيىن مەيدانغا چۈشۈشنى رېپىرغا ئىلتىماس قىلىدۇ. رېپىر قوشۇلغاندىن كېيىن مەيدانغا چۈشۈشكە بولىدۇ.

خورازلار بىر قېتىم سوقۇشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭىش ـ يېڭىلىش بەلگىلىنىدۇ. خورازلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، بەدەن ئېغىرلىقى قاتارلىق ئۆلچەملەردە پەرق بولسا توخۇ ئىگىلىرى ئۆزئارا كېلىشكەندىن كېيىن سوقۇشقا سېلىشقا بولىدۇ. باشقىلارنىڭ خوراز ئىگىلىرىنى مەجبۇرلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. رېپىر مەيدانغا سوقۇشقا چۈشىدىغان خورازلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلىي تەكشۈرىدۇ. تەكشۈرۈش جەريانىدا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، مەيدانغا چۈشۈشكە، خوراز سوقۇشتۇرۇشقا يول

قويۇلمايدۇ:

1. خورازنىڭ گەۋدە قانات ئاستى، باش قىسىملىرىدا دورا، ماي، لازا، تۇز قاتارلىق قارشى تەرەپنىڭ خورىزىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئالامەتلەر كۆرۈلسە، خوراز سوقۇشتۇرۇش يول قويۇلمايدۇ.

2. سوقۇشقا سالىدىغان خورازلاردا قارشى تەرەپنىڭ توخۇسىغا زىيان يەتكۈزىدىغان يۇقۇملۇق كېسەل بولۇشقا، غەيرىي ئالامەتلەر بولسا سوقۇشقا سېلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

3. سوقۇشقا سالىدىغان خورازلارنىڭ پۇتى بىلەن دۈكۈرۈكىگە سىم ۋە باشقا نەرسىلەرنى باغلاپ قويۇپ سوقۇشقا سېلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

4. خورازلارنى مەيدانغا سالغاندا رېپىرلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بەلگىلەنگەن سىزىق ئۈستىگە قويۇش كېرەك. خورازنى قارشى تەرەپ توخۇسىغا ئىتتىرىشكە، ئۆزى خالىغان جايغا قويۇشقا بولمايدۇ.

5. خورازلار سوقۇشقا قويۇپ بېرىلىپ 10 مىنۇتقىچە خوراز ئىگىلىرىنىڭ تۇتۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. 10 مىنۇت توشقاندىن كېيىن رېپىرنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ ئۆز خورىزىنى تۇتۇپ، سۇ قۇيۇپ قېنىنى سۇرتۇۋېتىشكە بولىدۇ. (ۋاقتى بىر مىنۇت بولىدۇ).

6. خورازلار سوقۇشۇش جەريانىدا نەق مەيداندا يارىلىنىپ قايتا سوقۇشۇش ئىقتىدارى بولمىسا ھەمدە «گەك - گەك» دەپ سايرىسا، ئۆلۈپ قالسا، مەيداندىن بېشىنى پەس قىلىپ چىقىپ كەتسە ئۇتتۇرغان بولىدۇ. خوراز سوقۇشتۇرۇش جەريانىدا يېتىۋېلىپ ئۈچ مىنۇتقىچە ئورنىدىن تۇرالمىسا، ئۈچ قېتىم يۆلەپ قويسىمۇ يەنە تۇرالمىسا، قارشى تەرەپنىڭ خورىزىغا قارىمىسا يېڭىلگەن بولىدۇ.

7. خورازلار سوقۇشۇش جەريانىدا، بىر خوراز ئۆرە تۇرۇپ، يەنە بىر خوراز يېتىۋالغاندا، ئۆرە تۇرغان خوراز يېتىۋالغان خورازنى ئۈچ قېتىم چوقۇسا ياكى بىرنى تەپسە ئۆرە تۇرغان خوراز يەڭگەن بولىدۇ.

8. ئىككى خوراز سوقۇشۇپ ئاخىرىدا ئىككىلا خورازنىڭ سوقۇشقىدەك ھالى قالماي، ئىككىسى تۇرۇپ قالسا، بۇ ۋاقىتتا رېپىر خوراز ئىگىلىرىنى بۇيرۇپ بەلگىلەنگەن ئوتتۇرا سىزىققا قويىدۇ. بۇ ۋاقىتتا خورازلار بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلماي تۇرسا، ئۈچ مىنۇت ۋاقىتقا قاراپ تۇرۇش، بۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىرى ھۇجۇمغا ئۆتسە يەنە بىرى جىم تۇرسا ھۇجۇم قىلغان خوراز ئۇتقان بولىدۇ. ئۇتقان خورازلارغا ئۇيۇشتۇرغۇچى ئورۇن ماددىي مۇكاپات بېرىدۇ. ئەگەر شۇ ئۈچ مىنۇت ۋاقىتتا ئىككىلا خوراز جىم تۇرۇۋالسا، ۋاقىت توشقاندىن كېيىن ھەر ئىككىسىلا تەڭ دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

خوراز سوقۇشتۇرۇش مەيدانى ۋە ئەسلىھەلەر:

خوراز سوقۇشتۇرۇش مەيدانىنىڭ دىئامېتىرى ئالتە مېتىر بولۇپ، يەر يۈزىدىن 20 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە چەمبەر شەكلىدە كۆتۈرۈلۈپ، ئەتراپىغا 120 سانتىمېتىر رىشاتكا ياسىلىدۇ. مەيدان ئوتتۇرا سىزىقىدىن ئىككى تەرەپكە ئېگىزلىكى بىر مېتىر بولغان توخۇ ئىگىلىرى ئولتۇرۇش پەشتىقى ياسىلىدۇ، مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا 40 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا خورازلارنى قويۇپ بېرىش بەلگە سىزىقى سىزىلىدۇ. مەيدان سىرتىغا تاماشىبىنلار ئولتۇرۇش پەشتىقى ياسىلىدۇ.

مەيدان ئىچىگە 10 سانتىمېتىر سېرىق توپىغا قوي قىغى ياكى يۇمشاق ئوغۇت ئارىلاشتۇرۇلۇپ، تىندۇرۇلۇپ، ئۈستىنى تەكشى تۈزلەپ، چىڭداپ مەيدان ياسىلىدۇ. يەنە مۇۋاپىق جايغا سوقۇشقا سالىدىغان زاپاس خورازلارنى سولاش كاتىكى ياسىلىدۇ.

(ئەسكەرتىش: خوراز سوقۇشتۇرۇش مەيدانىدا ئادەتتە ئازراق ئېلاستىكىلىقى بار، توخۇلار تېپىلىپ كەتمىگۈدەك نەرسىلەر بولسا بولىدۇ).

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ۋە ئۇيغۇر باللار ئويۇنلىرى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

مۇھەممەت ئابلىز بۆرىيار

ئۇيغۇر باللار ئويۇنلىرى — ئۇزاق تارىخ، كۆپ قاتلاملىق ئۇنىۋېرسال مەزمۇن، ئاددىي ئەمما كۆپ خىل شەكىل، قويۇق يەرلىك پۇراق ۋە مىللىي خاراكتېر، خاس دەۋر تۈسى، بەلگىلىك تارىخىي مەنا، رېئال تەربىيىۋى ئەھمىيەت ۋە چېنىقتۇرۇش قىممىتىگە، ئىلغار مىللىي ئەنئەنە ۋە ئىجادچانلىق خاسىيىتىگە ئىگە، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن، قەدىمىي ھەم يېڭى بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ۋە تەنتەربىيە پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ ئۇزاق يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى.

ئۇيغۇر باللار ئويۇنلىرى تەبىئەت، جەمئىيەت، ھاياتلىق كۈرىشى، جاھانسازلىق . . . ھەققىدە كۆپ تەرەپلىمە بىلىم بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي جەھەتلەردە تەڭ تەرەققىي قىلىپ، ۋەتەنگە، ئىنسانىيەتكە بەلگىلىك تۆھپە قوشالايدىغان قابىل ئادەم بولۇپ چىقىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئۇلارنى «باللارچە ئەدەبىيات - سەنئەت» كە يېتەكلەپ، گۈزەللىككە ئىنتىلدۈرۈپ، ئادەمگەرچىلىك تۇيغۇسىنى بېخلاندۇرىدۇ، ئۈمىد، ئىرادە، جاسارەت، ئويناق روھ ئاتا قىلىدۇ. . . .

ئۇيغۇر باللار ئويۇنلىرى دەۋردىن دەۋرگە، ئەسىردىن ئەسىرگە، ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، راۋاجلىنىپ، كېڭىيىپ، تولۇقلىنىپ، ئومۇملىشىپ، مۇكەممەللىشىپ كېلىۋاتقان، ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىك مۇناسىپ بىرلەشكەن ھالدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان قەدىمكى ئويۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر خىل يېڭى ئۇنىۋېرسال پەندۇر. قاراخانىيلار دەۋرىدە ياشاپ ئىلىم تەھسىل قىلغان كامالەت ئىگىسى، يېتۈك ئۇيغۇر ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئالەمشۇمۇل قامۇسى — «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» غا نەزەر سالساق، بۇ نادىر ئەسەر بىزنى باللار ئويۇنلىرى ھەققىدە خىلمۇخىل ئىشەنچلىك ۋە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە نۇرغۇن ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە قەدىمكى ئىز بويلاپ مېڭىپ يىلتىز تېپىش، ئەجدادلاردىن مىراس قالغان خەزىنىلەرنى بۈگۈنكى زامان ئاساسىدا يېڭىچە ئىجاد قىلىش، بۈگۈنكى بۇرۇنقىنى خىزمەت قىلدۇرۇش نىشانىغا يېتەكلەيدۇ. چۈنكى، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دا ئەينى دەۋردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت، ھەربىي ئىشلار، جۇغراپىيە، دىن، ئۆرپ - ئادەت، تارىخ قاتارلىق بارلىق ساھەلىرى ھەققىدە توختالغان چاغدا، باللار ئويۇنلىرىغا ئالاھىدە نەزەر ئاغدۇرۇپ، مۇناسىپ سەھىپە

2005 · 2

ئاجرىتىلغان. قىسقىسى بالىلار ئويۇنلىرىدىن ھەرمۇنچىسىنى سىستېمىلىق، ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇپ، بىزگە مىراس قالدۇرغان.

مەسىلەن، «Otux» (1 ـ توم، 82 ـ، 83 ـ بەت) «تارتىشماق ئويۇنى» (ھازىرقى ئىسمى)؛ «Tuldi» (2 ـ توم، 30 ـ بەت) «كالتە توپ ئويۇنى»؛ «muŋuz» (3 ـ توم، 498 ـ بەت) «مۈڭگۈز ئويۇنى» قاتارلىق 30 نەچچە ئويۇننىڭ نامى ياكى قىسقىچە مەزمۇنى تىلغا ئېلىنغان. ھەتتا «bandal» (1 ـ توم، 628 ـ بەت) «ئاق سۆڭەك ئويۇنى» (ھازىرقى ئىسمى)؛ «saqratqu» (2 ـ توم، 485 ـ بەت) «قىسمىلىق ئويۇن»؛ «Yalaŋu» (3 ـ توم، 518 ـ بەت) «ئىلەڭگۈچ ئويۇنى»؛ «qəŋli- məŋli» (3 ـ توم، 517 ـ بەت) «لىڭگىر تاقتاق» قاتارلىق ئويۇنلارنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، بۇ ئويۇنلارغا لازىملىق ھەر خىل ئويۇنچۇق، ئۇلارنى ئىجاد قىلىشتا كېتەرلىك ماتېرىيال، ئويۇنچۇق ياساش ئۇسۇلى، ئويۇن جەريانى ۋە مەزمۇن دائىرىسىگە قەدەر چۈشەنچە بېرىلگەن.

ناھايىتى روشەنكى، ئۇيغۇر بالىلار ئويۇنلىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» مەيدانغا كەلگەن قاراخانىيلار دەۋرىدىن خېلىلا ئىلگىرى شەكىللىنىپ پەيدا بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلىنىپ، بەلگىلىك دائىرىدە ئومۇملىشىپ، قەدىمكى تۈركىي مىللەت بالىلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ قويۇق ئويۇن ـ تاماشىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە كۆڭۈل ئېچىش، چېنىقىش خاراكتېرلىك ئويۇنغا ئايلانغان. قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە بۇ ئويۇنلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، سۈپىتى ئاشقان، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە تېخىمۇ بېيىپ، رەڭگارەڭلىشىپ، تاكامۇللىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. خاسلىق ۋە ئومۇملىقتا، روشەن ماكان، ئېنىق زامان تۇسىگە ئىگە بولغان ھازىرقىدەك كۆركەم، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىشنىڭ پۇختا ئۇلى ھازىرلانغان.

دېمەك، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئويۇنلارنى بۈگۈنكى كۈنگىچە يەتكۈزۈپ بېرىش ۋە ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر قېزىپ تەتقىق قىلىشتا ئالتۇن كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. دەۋر، مىللەت، ئەجداد، ۋىجدان ئالدىدىكى بۇرچىنى تېگىشلىك ئادا قىلىش بىلەن بىر چاغدا، ئىلغار ئەنئەنىگە ئايلانغان بۇ مىللىي مىراس مەشئىلىنى بىزگە تۇتقۇزۇپ، دەۋر ۋە ئەجداد ئالدىدا باش تارتىپ بولماس ۋەزىپىنى بىزگە يۈكلىگەن. شۇڭا مىللەت، خەلق، ۋەتەن، ئىنسانىيەت ۋە كەلگۈسىنىڭ خوجايىنلىرى بولغان ياش ـ ئۆسمۈرلەردە كۆڭۈل ئېچىش يولى ئارقىلىق ئەقىل ـ پاراسەت يېتىلدۈرىدىغان، ئۇلارغا ئۇنىۋېرسال ساۋات ۋە بىلىم بېرىپ، ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە تەڭ تەرەققىي قىلدۇرىدىغان بالىلار ئويۇنلىرىنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىپ دەۋرىدىن دەۋرگە، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ، بالىلار ئويۇنلىرىنى توپلاش، رەتلەش، ئويناش، ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر.

دېمىسىمۇ، ھازىر ئۇيغۇر ياش ـ ئۆسمۈرلىرى ئۆز ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئېچىشقا ياردەم بېرىدىغان قوشۇمچە ماتېرىيال تۇگۇل، ئادەتتىكى دەرسلىك ماتېرىياللىرى بىلەن تولۇق قوراللىنىشقا تېخىچە قادىر بولالمايۋاتىدۇ. ئۇيغۇر بالىلار باغچىلىرى، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر يەنىلا بۇ جەھەتتىكى نامراتچىلىقنىڭ ئىلكىدە . . . ھالبۇكى،

تۇرلۇك تارىخىي ۋە رىئال، تەبىئىي ۋە غەيرىي تەبىئىي سەۋەبلەر تۈپەيلى، شۇنىچە كۆپ تەرەپلىمىلىك تەربىيىۋى ئەھمىيىتى، ئىلغار دەرسلىك قىممىتى، پۇختا ئىلمىي ئاساس ھەمدە ئومۇمىيلىق ۋە ئىندىئۇداللىقى بولغان مۇشۇنداق گۆھەر سۈپەت ئەنئەنىۋى ئويۇنلار بۈگۈنكى كۈندە مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى دىگەندەك قوزغىتالمايۋاتىدۇ. ئويۇنلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە يېتىپ توپلاش، رەتلەش، ئويناش ، پايدىلىنىش، ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرى تېگىشلىك كۈنتەرتىپكە قويۇلمايۋاتىدۇ. ئەڭ ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ قويرۇقىنى بىر ـ بىرلەپ قوم بېسىپ، يوقىلىش گىرادىبغا يېقىنلاپ بېرىۋاتىدۇ. ناۋادا بۇنچە زور ئىش بۈگۈنكى كۈندە بىلىنىپ ـ بىلمەي نەزەردىن ساقىت قىلىنسا، بىز ئەجداد ئالدىدا يەرگە قاراپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئەۋلاد ئالدىدا كەچۈرگۈسىز پۇشايمانغا مۇپتىلا بولۇپ قالىمىز. چۈنكى، ئۇنىۋېرسال مەزمۇن، كۈچلۈك مىللىي خاراكتېر ۋە كۆپ خىللىقتا ئىگە ئۆزگىچە شەكىل ، بەلگىلىك تارىخىي ۋە رىئال ئەھمىيەتكە، تەربىيىۋى قىممەتكە ئىگە بۈگۈنكى ئۇيغۇر بالىلار ئويۇنلىرى بىلەن قەدىمكى دەۋرلەر، بولۇپمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دۇنياغا كەلگەن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بالىلار ئويۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن زىچ باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت. دېمەككى، ھازىرقى ئۇيغۇر بالىلار ئويۇنلىرى قەدىمكى بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى. شۇڭا ، بۇ گۆھەرنى تاشلاپ قويۇش ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشتىن ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا قاتتىق ساقلىنىپ، ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش، توپلاش، رەتلەش، ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، بۈگۈن ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇش؛ ئويۇنلارنىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردە تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىلمىي قىممىتىنى تونۇپ، ئۇنىڭ رولىنى ئەتراپلىق ۋە ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش، بۇ مەقسەتكە يېتىش يولىدا ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك.

بۇ ئويۇنلارنىڭ ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىك مۇناسىپ بىرلەشكەن ھالدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان قەدىمكى ئويۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر خىل يېڭى، ئۇنىۋېرسال پەن ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ دەۋردىن دەۋرگە، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئىجادىي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دۇنياغا كەلگەن قاراخانىيلار دەۋرىدە بەلگىلىك دەرىجىدە تاكامۇللىشىپ، كۆركەم بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغانلىقى، «تۈركىي تىللار دىۋانى »نىڭ بۇ ئويۇنلارنى بىزگە يەتكۈزۈپ بېرىش ۋە چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشتا ئالتۇن كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغانلىقى، بۇ ئويۇنلارنى كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشتە بىزنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچىمىزنىڭ بارلىقىنى، ئويۇنلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ زەنجىرسىمان داۋاملىشىدىغان ئۆلمەس مىراس ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنى تەتقىق قىلىپ چۈشەندۈرۈشتە مەسئۇلىيىتىمىز بارلىقىنى تەخىرسىزلىك بىلەن ھېس قىلىشىمىز كېرەك.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# كروران ۋە كروران ئۇيغۇرلىرى

غالىپ ئەرك

كروران ئۆزىنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، مەدەنىيىتىنىڭ پارلاقلىقى بىلەن بايقالغان 100 يىلدىن بۇيان جەلپكار نۇقتا بولۇپ كەلمەكتە. بۇ قەدىمىي شەھەر ۋە شەھەرنى مەركەز قىلغان ھالدا قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرى ھەققىدە يازما پاكىتلارنىڭ ئاز بولۇشى تۈپەيلى بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى چەكلىك. ئەمما بىز ئاشۇ چەكلىك مەنبەلەر ئارقىلىقمۇ مۇشۇ قەدىمىي يۇرتنىڭ بەرپا قىلىنغان ۋاقىتلىرى، گۈللەندۈرگۈچىلەر، دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىلەرگە ئېرىشەلەيمىز. كروران ھەققىدە ئەڭ دەسلەپ مەلۇمات بەرگۈچى سىماچەن بولۇپ، ئۇ كىتابىدا كروران ۋە قوش شەھەرلىرىنىڭ لوپ كۆلىگە يۈزلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بىز بۇ پاكىتتىن كروران شەھىرىنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن بۇرۇنلا شەھەر ئىكەنلىكى ۋە بۇ شەھەرنىڭ لوپ كۆلىگە يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئەمما بىز كروران شەھىرىنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردە قۇرۇلغان دېيەلمەيمىز. ناۋادا «تارىخىي خاتىرىلەر» دىنمۇ قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ ۋە تارىم ۋادىسى ھەققىدە بايان بار ماتېرىيال تېپىلغان بولسىدى، شەكسىزكى يازما پاكىتلار بۇ دەۋرنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن بولاتتى. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئاياغ ئېقىنلىرىدا ئۇششاق تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپلا ياشاپ كەلگەن، بىزگە تونۇشلۇق بولغان «كروران گۈزىلى» نىڭمۇ مۇندىن 4000 يىللار بۇرۇن ياشىغانلىقىنى ئارخېئولوگىيە ئىسپاتلىغان. مىلادىيىدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنقى زاماندىن باشلاپ مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز تەدرىجىي ئولتۇراق ھالەتكە ئۆتۈپ شەھەر ـ قورغانلارنى بەرپا قىلغان. كروران ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىكى شەھەر قورغان ئىزلىرى شۇنىڭ گۇۋاھىدۇر. ئەمما بىز بۇ يەردە بىر مەسىلىنى ئىزاھلاپ قويۇشىمىز كېرەك. ھازىر كۆپىنچە ماتېرىياللاردا بىر تەرىپى 330 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان بىر قەلئەنى كروران شەھىرى دەپ تونۇۋاتىمىز، بۇ بىر خىل خاتالىق بولۇپ ئەسلىدىن يوقۇلۇپ كەتكەن مەدەنىيەتنىڭ بايقالغان ئازلا بىر قىسمىدىن ئىبارەت خالاس. لوپ كۆلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىنىڭ شەرقىي شىمال بورىنى كۆپ چىقىدىغان قۇرغاق بىر رايون ئىكەنلىكىنى ھەممە بىلىدۇ، قاتتىق بورانىنىڭ تۇپراقنى يېمىرىشى، ئۇچۇرتۇشى نەتىجىسىدە مۇشۇ رايوندا شەكىللەنگەن ئالاھىدە يەر شەكلى ياردانلىق بۇنىڭ بىر مۇھىم دەلىلى. بىز بۇ ئارقىلىق ھازىر مۇشۇ رايوندا ئۇچرايدىغان ئاز ساندىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان ئاشۇ يادىكارلىق نۇقتىلىرى شەكسىزكى بوراننىڭ مىڭ نەچچە يۈز يىللىق بۇزغۇنچىلىقى، توغرىراقىنى ئېيتقاندا تەبىئەتنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلىنىپ قالغان قىسمىدىنلا ئىبارەت خالاس. ئۇنداق بولمىغاندا ئىدى، «ئۆردەك قەبرىستانلىقى» دا ياتقان ئاھالىنىڭ ياشىغان جايلىرى تېپىلغان بولماسمىدى؟ شۇنچىلىك زور مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن كروران شەھىرى ئاھالىلىرىنىڭ قەبرىلىرى شۇ شەھەر قەلئەسىگە يېقىن جايلاردىن تېپىلماسمىدى؟ پاكىتلار شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، تەبىئەتنىڭ دەھشەتلىك بۇزغۇنچىلىقى بىزنى نۇرغۇن مەدەنىيەت ئىزنالىرىدىن مەھرۇم قىلغان، تېخىمۇ كونكرېتراق ئېيتىدىغان بولساق، كروران شەھىرىنىڭ ئەسلى يەر تەكشىلىكى ھازىر بىز كۆرۈۋاتقان ئىزلار بىلەن بىر تەكشىلىكتە بولۇپ شەكىللەنگەن ئويمانلار شامالنىڭ تۇپراق ۋە يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنى ئۇچۇرتۇپ كېتىشىدىن شەكىللەنگەن. دېمەكچىمىزكى، نەچچە مىڭ يىللىق بوران ـ چاپقۇن شەھەر ـ ئىزلارنى ئۇچۇرتۇپ كەتكەن. بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان ھەمدە قۇرغاق مۇھىتنىڭ تۈھپىسىدە مومىياغا ئايلىنىپ ساقلىنىپ قالغان يادىكارلىقلىرىمىز ئەسلى دەۋر يادـ

كارلىقلىرىنىڭ شامالنىڭ يىمىرىپ ئۇچۇرتۇپ كېتىشى قاتارلىقلاردىن ئېشىپ قالغان ئۇندىن بىرى، بەلكى يۈزدىن بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن. ۋاقتى كەلگەندە شۇنىمۇ قوشۇپ قويۇشىمىز مۇمكىنكى، كروران شەھىرىنى يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا ئەنە شۇ قەلئە كۆلىمىنى ئۆلچەم قىلىپ، كۆلەم ھېسابلاش زور ھاماقەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، مەن بۇ شەھەر كۆلىمىنىڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ خەنزۇچە 2003 ـ يىللىق 14 ـ فېۋرال سانىدىكى «دۆلەتنىڭ 1988 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇنلار تىزىملىكىدە كروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ كۆلىمى 100 مىڭ كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا. ئەمما ھازىر دۆلەت ئىچىدىكىلەرنىڭ قارىشىچە كروران شەھىرىنىڭ كۆلىمى 100 كۋادرات كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، لوپ كۆلىنى مەركەز قىلغان ھالدا كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن قاراش ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە يېقىن كېلىدۇ، دەپ قارايمەن.

كروران شەھىرىنى مەركەز قىلغان كروران ئېلىگە كەلسەك، بۇ ئەل ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى مەلۇماتنىمۇ سىماچيەن قالدۇرغان. ئۇ ھۇن تەڭرىقۇتى باتۇرنىڭ خەن خانىغا يوللىغان مەكتۇپىدىكى". . روران، ئۇيسۇن، ئوغۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 ئەل تىنچىتىلدى. ھەممىسى ھۇنلارغا تەۋە بولدى . بارچە ئوقيا تۇتقان خەلق بىر ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشتى "دېگەن جۈملىسىگە مۇجەسسەملەنگەن. بۇ ۋەقە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 176 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ، شۇنداق بولغاندا كروران ئېلى ھاكىمىيىتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 176 ـ يىلىدىن بۇرۇنلا كروران ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن ھەمدە شۇ ۋاقىتتا غەربىي دىياردىكى ستراتېگىيىلىك ئورنىلا ئەمەس، كروران دۆلىتىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى جەھەتتىنمۇ مۇھىم ئورۇننى تۇتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كرورانىنىڭ ئۇيسۇن ۋە ئوغۇز قاتارلىق زور ئاھالە ۋە ھەربىي كۈچكە ئىگە ئەللەر بىلەن تەڭ سانىلىپ، خەن سۇلالىسىگە تەھدىت سۇپىتىدە تىلغا ئېلىنىشى، تېخى غەربىي دىيار بىلەن ئالاقىسى يوق خەن سۇلالىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ يالغۇز جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭمۇ ئاجىز ئەمەسلىكىنى، جۈملىدىن غەربىي دىياردىكى مۇھىم بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇڭىمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىسىز ئىشلارنى قىلىپ كەلگەن بۇ ئەلنى خەن سۇلالىسى فۇ جېيزى قاتارلىق خەنجەر ۋازلارنى ئەۋەتىپ خاقان ئەمگوكانى ئۆلتۈرۈپ پارچىلاشتا مۇۋەپپەق بولغان، بىر قانچە قېتىم كروران خانلىرىنى تۇتقۇن قىلىشتا مۇۋەپپەق بولغان، نەتىجىدە ئەسلىدىكى كروران ئېلى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ئىككى خانلىققا يەنى كروران ۋە چەرچەن (بۇرۇن بىز ئېيتىۋاتقان پىشامشان) خانلىقىغا پارچىلانغان. خەن سۇلالىسىنىڭ ياردىمىدە خانلىق تەختىگە چىققان ئامگوكانىڭ ئۇكىسى ئۇتۇش كرورانلىقلاردىن قورقۇپ، كروران شەھىرىگە كىرىشكە پېتىنالماي، ھازىرقى چاقىلىق بازىرى ۋە مىرەن بوستانلىقىنى مەركەز قىلىپ چەرچەن (鄯善) خانلىقىنى قۇرغان. خەن سۇلالىسىنىڭ ئوردا قىزلىرىدىن بىرىگە ئۆيلىنىپ خانغا كۈيئوغۇل بولۇش بىلەن بىرگە، خەن سۇلالىسىگە ئىلتىماس سۇنۇپ ئەسكەر تۇرغۇزۇپ مۇھاپىزەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان ۋە شۇنداق بولغان. كېيىنكى چاغلاردا جۈملىدىن مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ كۈچەيگەن بۇ خانلىق ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھازىرقى چاقىلىق، چەرچەن ۋە نىيا ناھىيىلىرىنىڭ دائىرىسىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالغان، 3 ـ ئەسىردە ئاندىن كروران خانلىقىنىمۇ ئۆز ئىدارىسىگە ئېلىپ، تارىم ۋادىسىدىكى كۈچلۈك ھاكىمىيەتلەردىن بىرى بولۇپ قالغان.

كروران شەھىرى قاچان ۋەيران بولغان؟ بۇ مەسىلىدىمۇ بىز تېپىلىۋاتقان خەنزۇچە پۈتۈكلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىل چېكى 330 ـ يىلىنى ئۆلچەم قىلىپ مىلادىيە 330 ـ يىللار ئەتراپىدا ۋەيران بولغان دەپ قارىماقتىمىز. بۇ قاراشقا ئەجەللىك سوئال قويغۇچى پروفېسسور خۇاڭ شېڭجاڭ ئەپەندى راھىب فاشەننىڭ 400 ـ يىلى غەربكە نوم ئالغىلى ماڭغاندا ئۆتكەن چەرچەننىڭ دەل چەرچەن خانلىقىنىڭ پايتەختى، بىز دەۋاتقان كروران شەھىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېيتقان بايانلىرى بىزنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ. بىز مۇشۇنىڭغا مۇناسىپ مۇنداق بىر مەسىلىنى ئەسلىسەك ئارتۇقلۇق قىلماس. كاروشتى يېزىقى چەرچەن خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت يېزىقى بولۇپ خىزمەت قىلغان، بۇ يېزىق قانداق تويۇقسىز پەيدا بولغان بولسا 100 نەچچە يىلدىن كېيىن (پۈتۈكلەردىكى يىل دەۋرىنىڭ مۇتلەق ھېسابى 96 يىل، باشقا ئېھتىماللىقلارنى

2005 · 2

ئويلاشقاندا 150 يىلغا بېرىشى مۇمكىن ) يەنە شۇنداق تۇيۇقسىز غايىپ بولغان. بىز بۇنىڭ بىلەن مۇشۇ يېزىقنى ئىشلەتكەن كروران، چەرچەن خانلىقلىرى تېررىتورىيىسىدىكى جۈملىدىن مۇشۇ يېزىقتىكى يادىكارلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بايقالغان نىيا، ئەندىر خارابىلىرىدا ياشىغان ئاھالىنى يەر يۈتقان دېيەلمەيمىز. تارىخىي ماتېرىياللارمۇ بۇنداق دېيىشىمىزگە يول قويمايدۇ. ئەلۋەتتە شۇنىڭغا ئوخشاش بايقالغان پۈتۈكنىڭ يىل دەۋرى خاتىرىلەنگىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرىنى مۇشۇ شەھەرنىڭ ۋەيران بولغان يىلىنىڭ چېكى قىلىش مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز كروراننى 400 ـ يىلى تېخى گۈللىنىپ تۇرغان، 4000 دىن ئارتۇق راھىب بار گۈللەنگەن بىر شەھەر بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىمىز، راھىب فاشەن بۇ يەردە بىر ئاي تۇرغان ۋە ئۇنىڭ بۇ يەردىكى راھىبلار بىلەن ئەنتەكەك تىلى بىلەن ئالاقە قىلىشىغا ئاساسەن ۋە چەرچەن خانلىقىنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش قائىدىلىرى بويىچە پۈتۈن ئەلدىكى دىنىي جەمئىيەتلەرنى كروران باش دىنىي جەمئىيىتى باشقۇرىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالساق، 4000 دىن ئارتۇق راھىب بار دېگەن ئۇچۇرنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ تۇرغۇزىمىز. شۇنداق بولغاندا شۇ چاغلاردا ھەر بەش ئائىلىدىن (ھەر ئائىلىدە تۆت جان بار دېسەك) بىر راھىب بار دەپ پەرەز قىلساق كروراننىڭ نوپۇسى 80 مىڭدىن كام ئەمەسلىكىنى بىلەلەيمىز، تەتقىقاتچى ياڭ نىيەن ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ «چۆلدىكى تەنھا سەپەر» ناملىق كىتابىدا بۇ ساننى 80 مىڭ دەيدۇ ①.

كۆپ نوپۇسقا، ئۇزاق تارىخقا ئىگە بۇ قەدىمىي ئانا يۇرتىمىزدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز مۇندىن 4000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەرگە تالىق بولغان ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەتنى ياراتقان. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدە ئۇزۇن مەزگىل مېھنەت قىلغان ئارخېئولوگ ۋاڭ بىڭخۇا ئەپەندى «قەدىمكى قەبرىستانلىق جىلغىسىدىكى قېزىش ماتېرىياللىرى شۇنى كۆرسەتتىكى، بۇ مۇشۇ لوپ كۆلى رايونىغا خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە يەرلىك مىللەتنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت ئىزى، قەدىمكى قەبرىستانلىق ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. قەدىمكى قەبرىستانلىق جىلغىسى نۇرغۇن جەھەتتىن بىزگە ئىنتايىن مۇھىم بولغان تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان تېمىنى كۆرسىتىپ بەردى. لوپ كۆلى رايونىنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىنىڭ ئىرقى ئالاھىدىلىكى، لوپ كۆلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تارىم ۋادىسىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرى ۋە باشقىلارنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن چوڭ ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. قەدىمكى قەبرىستانلىق مەدەنىيىتى بىزگە شىنجاڭ رايونىدا قەدىمىي بىر مەدەنىيەتنىڭ بولغانلىقىنى، يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى» ② دەپ يازىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر بۇ رايوندا بۇغداي، پاختا تېرىقچىلىقىنىڭ، تۆمۈر ئىشلىتىشنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن بالدۇر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يۇڭ، پاختا، چىگە قاتارلىقلاردىن سۈپەتلىك توقۇلمىلارنى توقۇغانلىقىنى، جانلىقلار تېرىلىرىدىن كۆن ئىشلەپچىقىرىپ ئىشلەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، كارۇشتى يېزىقىدىكى خاتىرىلەر مۇشۇ خاندانلىقنىڭ كۈندىلىك ھاكىمىيەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ قالدى. بۇ يېزىقتا پۈتۈلگەن ئۇچۇرلارغا قارىغاندا كرورانلىقلار دۇنيادا تۇنجى ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنى تۈزىگەنلىك شەرىپىگە نائىلدۇر. بىز كارۇشتى پۈتۈكلىرىنى كۆرىدىغان بولساق ھەيرانلىق ئىلكىدە پۈتۈن دۆلەتنىڭ قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىدىغان، قانۇن ئالدىدا قۇللاردىن (قۇللارنىڭ سانى بەك كۆپ ئەمەس) باشقا كۆپچىلىك ئاھالىنىڭ باراۋەر ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بايقايمىز. يادىكارلىقلاردىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، مىراسخورلۇق قانۇنى، سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قائىدىسى، باللارنى ئاسراش بەلگىلىمىسى، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش قانۇنى. . . دېگەنگە ئوخشاش قانۇنلارنى تۈزۈپ ۋە ئىجرا قىلىپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان بىر جەمئىيەتكە قەدەم قويغانلىقىنى بايقايمىز.

كرورانلىقلار ئۆز تارىخىدا يەنە مەدەنىيەت ساھەلىرىدىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولۇپ، رەسساملىقنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ھەممىدىن بەكرەك مەشھۇرى «قاناتلىق پەرى» رە-

2005.2

سىمىدۇر. بۇ رەسىمدىن مىرەن خارابىسىدىنلا
توققۇز دانە بايقالغان. ئىنتا قاتارلىق رەسساملار
چەتئەل سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قى-
لىش بىلەن بىرگە ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت
ئۇسلۇبلىرىنى يۇغۇرۇپ، زامانىسىدىكى رەسسام-
لىقنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى، ئېقىمىنى ياراتقان.
بۇ رايوندىكى رەسىملەر خېلى كۆپ بولۇپ، ئەنگ-
لىيە تەۋەلىكىدىكى ئۇنغۇرىيىلىك (ھونگىرىيىلىك
) جوھود ئارخېئولوگ ئاۋرال ستەيىن خېلى نۇر-
غۇن رەسىم يادىكارلىقلىرىنى تېپىپ دۇنيا جاما-
ئەتچىلىكىگە نامايەن قىلدى. يېقىندا بايقالغان ك-
روران قەبرىسىنىڭ تاملىرىدىمۇ نەپىس تام رە-
سىملەر بايقالدى. كروران رەسىملىرىنى تەتقىق
قىلغان ئالىملار بۇلارغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەر-
مەكتە. ئىتالىيىلىك ئالىم مارىئو بۇساگلى «ئوت-
تۇرا ئاسىيا تام رەسىملىرىنىڭ بىخى مىرەندە
بىخلانغان» ③ دەيدۇ. كروران ۋە باشقا خارابىلاردىن
كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سەنئەت، ماھارەت
بىلەن ئىشلەنگەن ھەيكەل، بېزەك، ھەيكەلتىراش-
لىق ئېخنىكىلىرى بىزنى تولىمۇ ھاياجانلاندۇرىدۇ
.

كروران شانلىق بىر تارىخنىڭ مەھسۇلى بو-
لۇپ، ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنىڭ يەرلىك ئا-
لاھىدىلىكىدە، خاسلىقتا، ئۇزاق تارىختا ئىگە بو-
لۇشى بىلەن جاھاننى زىلزىلىگە سالدى. كروران
بايقالغانغا مانا 100 يىلدىن ئاشقان ۋە كۆپ قېتىم-
لاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، نۇر-
غۇن مەسىلىلەر تېخىچە سىر سۈپىتىدە ساقلىنىپ
تۇرماقتا. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتى-
جىسىدە تۇرلۇك يازما يادىكارلىقلار جۈملىدىن
خەنزۇچە، كارۇشتى، براھمان، سوغداق، توبۇت ۋە
تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار تېپىلدى.
مومىيالار كرورانلىقلارنىڭ ئىرقى ئالاھىدىلىكلى-
رىنى كۆرسىتىپ بەرسە، يازما پۈتۈكلەردە بىزنىڭ
كرورانلىقلارنىڭ مىللىي تەركىبى ۋە تىلى قاتار-
لىقلارنى ئېنىقلىشىمىزغا قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى
قالدۇرغان. يازما مەنبە ئۇچۇرلىرى بىزنىڭ كرو-
رانلىقلار ھەققىدىكى بىلىدىغانلىرىمىزنى چوڭ-
قۇرلاشتۇرىدۇ.

كرورانلىقلارنىڭ مىللىتى، ئىرقى، تىل
مەسىلىلىرى ھەققىدە نۇرغۇن مۇلاھىزىلەر بولدى،
ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدە كارۇشتى يېزىقى ۋە شۇ
يېزىقتا خاتىرىلەنگەن تىلنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ
ھۆكۈم چىقىرىلدى، بۇ ھۆكۈملەر ئاساسەن بىرتە-
رەپلىمە بولۇپ ئېغىش بولدى دېيىشكە بولىدۇ.
مەن تۆۋەندە يازما پاكىتلار ئارقىلىق كرورانلىقلار-
نىڭ ئارىيانمۇ، ھىندىمۇ، تۇخارمۇ ئەمەس، بەلكى
ئەينى زامان ماتېرىياللىرىدا ئېنىق خاتىرىلەنگەن
خۇرلار 胡 ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتمەك-
چىمەن. پروفېسسور خۇاڭ شېڭجاڭ ئەپەندى كرو-
رانلىقلار تۇخرىلارمۇ ئەمەس، ئارىيانلارمۇ ئەمەس
كرورانلىقلاردۇر دەيدۇ. ئۇنداقتا شانلىق كروران
مەدەنىيىتىنى ياراتقان بۇ كرورانلىقلار زادى كىم؟
«جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىدىن
تېزىس» ناملىق كىتابتا «مىللەت نۇقتىسىدىن
ئايرىغاندا لوپ «若羌» ئاھالىلىرى دىچياڭ (氐
羌) سىستېمىسىغا كىرىدۇ، چەرچەن خانلىقى
ئاھالىلىرىمۇ ئوخشاش... لوپ، كروران (كېيىن
چەرچەنگە ئۆزگەرتىلگەن) ... ھەممىسى دىچياڭ
سىستېمىسىدىكى ئوخشاش مىللەتتۇر. ئادەتتى-
كىچە ئېيتقاندا ئۇلار ئاساسلىقى بۈگۈنكى شىن-
جاڭنىڭ جەنۇبى، جۈملىدىن قۇرۇم رايونىدىن پا-
مىرغىچە سوزۇلىدۇ» (134 ـ بەت) دېيىلگەن،
ئۇنداقتا قەدىمكى كرورانلىقلار دىچياڭ سىستېمى-
سىدىكى ئاھالىمۇ؟ بۇ ھەقتە تارىخىي يازمىلار
جاۋابى مۇنداق: كرورانلىقلار خۇرلاردۇر. ئۇنداقتا
خۇرلار كىم؟ تۆۋەندە بىز پاكىتلارغا ئاساسەن بۇ
سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئىزدەيمىز. كرورانلىقلار-
نىڭ مىللىتى مەسىلىسىدە مىلادىيە 400 ـ يىلى
كروراندا بىر ئاي تۇرغان راھىب فاشەن مۇنداق دەپ
يازىدۇ:

鄯善国.... 可有 4000 余僧,悉小乘学。诸
国俗人及沙门尽行天竺法,但有精粗。从此
西行, 所经诸国类皆如是。唯国国胡语不
同,然出家人
皆习天竺书, 天竺语。住此一月
日④。

(«چەرچەن ئېلى... 4000 دىن ئارتۇق راھىب
بار، كىچىك كۆلۈڭگۈ مەزھىبىدە. بۇ ئەللەردىكى
ئاۋام ۋە دىندارلار ئەنەتكەكچە بىلىدۇ، ئەمما ئازراق
پەرق بار. بۇ يەردىن غەربكە يۈرسە ھەممە ئەللەر
يۇقارقىدەك. بۇ ئەللەرنىڭ خۇر تىلىدىمۇ پەرق بار،
ئاھالە ئەنەتكەك تىل ۋە يېزىقىنى ئۆگىنىدۇ. بۇ
يەردە بىر ئاي تۇردۇم»).

بۇندىن باشقا يەنە «يۇەنخې ئايمىقىنىڭ ناھى-

2005.2

يىلەر تەزكىرىسى »دە مۇنداق بايانلار بار:

纳职县贞观四年置。其城鄯善人所立，胡为鄯善为纳职，因名县焉。⑤

(«لاپچۇق ناھىيىسى جېڭگۇەننىڭ 4 – يىلى چەرچەنلىكلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان، خورلار چەرچەننى لاپچۇق دەيدۇ، نام شۇنىڭدىن كەلگەن»).

بۇنىڭدىن باشقا يەنە «شا جۇ ۋە ئىۋۇرغولنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى »دە «جېڭگۇەن يىللىرى سەمەرقەنتلىك سەردار كاڭ يەندەن باشچىلىقىدا بىر تۈركۈم ئاھالە شەرققە كېلىپ مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلاشتى، 胡 لارمۇ شۇنىڭ بىلەن كېلىپ ئولتۇراقلاشتى» دېيىلگەن. بۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان كاڭ يەندەن 7 – ئەسىردە ئۆتكەن تارىخىي شەخس، سەمەرقەنتلىك بولغاچقا كانگىيىلىك مەنىسىدە كاڭ نامىنى فامىلە قىلغان. يۇقىرىقى پاكىتلاردىكى خور (胡) تىلىنىڭ ھەرگىزمۇ ھىندىلارنىڭ تىلى ئەمەسلىكى توغرىسىدا «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى »نىڭ 1 – قىسمىدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنداق يېزىلغان: «فاشيەننىڭ (ئۇلارنىڭ تىلى) ‹بۇ دۆلەتلەردىكى خورلارنىڭ تىلى بىر – بىرىگە ئوخشىمايدۇ› دېگەن سۆزلىرى مانا شۇ يەرلىك ئاھالىنىڭ تىلىغا قارىتىلغان. ئۇ مانا شۇنداق ‹خور تىلى›نى ‹ھىندى تىلى› بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئالىدۇ. بۇ ھال ئۇ تىللارنىڭ بىر – بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. فاشيەن بۇ تىلنىڭ ئۆزىگە خاس يېزىقى بارلىقى ھەققىدە ھېچنەرسە دېمىگەن. بۇ ھال ئۇ چاغلاردا يەرلىك خەلقنىڭ تېخى ئۆز يېزىقى بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەرلىك ئاھالىلەر ئاساسەن، مەلۇم بىر خىل تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاچقا، ئۇيغۇرلار كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئاشۇ يەرلىك ئاھالىلەر ئاسانلا ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن» (ئۇيغۇرچە نەشرى 29 – بەت).

يۇقىرىدا كۆرگەنلىرىمىز 400 – يىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇچۇرلار بولۇپ، 400 – يىللاردىن 700 – يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا لوپ كۆلى ئەتراپلىرىدىن تارتىپ تاكى چالمادانغىچە (ھازىرقى چەرچەن) بولغان ئاھالىنىڭ خور دەپ ئاتالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كۆپىنچە ماتېرىياللاردا خورلارنى سەمەرقەنتتىن كەلدى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە خورلار كاڭ يەندەن كەلگەندىن كېيىن كەلگەن بولۇپ، يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن چەرچەنلىك خورلار بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن، ناۋادا ئۇلار سەمەرقەنتلىك سوغداقلار بولسا، سودا ئۈچۈن ياكى ھاياتلىق ئۈچۈن سەمەرقەنتتىن چاقىلىق دائىرىسىگە كېلىشىنىڭ ئۈنچىلىك زۆرۈرىيىتى يوق. جۈملىدىن سودىغا ماھىر سوغداقلار چوڭ شەھەرلەردە بولۇشى تېخىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. ئۇنداقتا 400 – يىللاردىن بۇرۇن يەنى كروران—چەرچەن خانلىقى دەۋرىدە مۇشۇ رايوندىكى ئاھالىنىڭ قانداق ئاتالغانلىقى ھەققىدە بىرەر ئۇچۇر بارمۇ؟ مۇشۇ زېمىندا ياشىغانلار بىرەر ئۇچۇر قالدۇرغانمۇ – يوق؟ ئەلۋەتتە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار بار. بۇنىڭغا «لوپنۇرغا ئائىت ماتېرىياللاردىن توپلام» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، مۇشۇ رايوندىن تېپىلغان خەنزۇچە پۈتۈكلەر بىزگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. مەسىلەن، 1980 – يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى كروران خارابىسىدىكى ئۈچ ئېغىز ئۆينى سىناق تەرىقىسىدە قازغاندا چىققان 037 – نومۇرلۇق پۈتۈكتە 令律□女胡赎 دېگەن خەتلەر بار (مۇشۇ مىسال ۋە مۇندىن كېيىنكى مىساللاردا كۆرۈلىدىغان □ بەلگىسى ئۆچۈپ كەتكەن خەتلەرنى كۆرسىتىدۇ)، بۇ پۈتۈك بىزگە خور قىزى (胡女) نىڭ گۆرۈگە قويۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇشۇ رايوندىن تېپىلغان خەنزۇچە پۈتۈكلەر ئىچىدە مۇنۇ ئاتالغۇلار بار: 胡□، 胡阿宗有白绢، 胡秋儿 胡梨支 铁 胡向梨□ 胡布 胡索، 胡驼، 胡生 بۇلاردىن باشقا 604 – نومۇرلۇق يادىكارلىقتا 兵支胡笃支 [illegible] دېگەن ئىبارە، [illegible] – نومۇرلۇق پۈتۈكتە □[illegible] 高□ دېگەن خەتلەر (6) بار. [illegible] – نومۇرلۇق پۈتۈكتە 兵支胡蒲成 兵支胡重寅 右二人共字驴四岁 دېيىلگەن، مانا بۇلاردىكى ئىسىملاردا خور خېتى فامىلە سۈپىتىدە قوللىنىلغان، يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا خور گۇەنجى، خور پىچان، خور جۇبان دېگەندەك ئىسىملار بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئېنىقلىما بېرىش ئۈچۈن خورنى قوشۇپ قوللانغان بولۇشى مۇمكىن. مۇندىن باشقا پروفېسسور ۋاڭ شۇچۈن يەنە كرورانغا ئائىت ئۇچۇرلاردا يولۇقىدىغان 胡桐 نىڭ توغراقنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىكى 桐 خېتىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى توغراق سۆزىنىڭ قىسقارتىلما تەلەپپۇز

تەرجىمىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مىلادىيىنىڭ بېشىدىن باشلاپلا مۇشۇ زېمىندا ياشىغان كىشىلەرنىڭ خۇر 胡 دەپ ئاتالغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدىن ئىبارەت. بىزنىڭ كىرورانلىقلارنىڭ كىملىكىنى ئىسپاتلىشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان يەنە باشقا ئىسپاتلار بارمۇ؟ ئەلۋەتتە بار، ئۇلار بولسىمۇ 7-، 8-ئەسىرلەردە مۇشۇ زېمىننى ئىدارە قىلغان تۈبۈتلەرنىڭ يازما يادىكارلىقلىرىدىن ئىبارەت. «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان گو پىڭلياڭنىڭ «纥، خۇر ۋە ئۇيغۇر» ناملىق ماقالىسىدا يېزىشىچە، چاقىلىقتىن تېپىلغان تۈبۈتچە پۈتۈكلەردە ئۇچرىغان hor ئىبارىسى تەرجىمىدە ئۇيغۇر (回纥) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ماقالىدە مۇنداق دەپ يېزىلىدۇ: «باشقا ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ئەينى ۋاقىتتا تۈبۈتلەرنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى خېشى، شاجۇ رايونلىرىدا ھەقىقەتەن horلار بار ئىدى، تىبەتلەرنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتىدىن قارىغاندا hor شەكسىزكى قەبىلە ياكى ئۇرۇق نامى ئىدى» دېيىدۇ. تۈبۈتچە 100-نومۇرلۇق يادىكارلىقتا: «ئىت يىلى، ئەل بولغان hor قەبىلىسىدىن ۋېلكىن چەرچەنگە سۆھبەتكە ئىبەرتىلدى...» دېيىلگەن. 146-نومۇرلۇق پۈتۈكتىمۇ «... ئۇ ياڭ بېيزى يان تەرىپتىن يوشۇرۇنغان بىر نەپەر خور پايلاقچىسى بار، ۋۇ شىياڭزەن دۈشمەن قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، ئەھۋال ئېغىر... ئىلگىرى بىر قېتىم ئىزدىگەن. چەرچەن پايلاقچىلىرى چەرچەنگەن توپلاندى...» دېيىلگەن. 235-پۈتۈكتە «ۋۇزۇبا قەبىلىسىدىكى خور نېشى» دېيىلگەن. 255-پۈتۈكتە «خور قەبىلىسىگە ئەل بولغان جياڭ ماجى»، 256-پۈتۈكتە «خور ئادىمى ناۋ شۇڭ مەلۇم قىلدى» دېگەن جۈملىلەر بار. بۇ پۈتۈكلەر ھازىرقى چاقىلىق يەنى قەدىمكى كروران دىيارىدىن تېپىلغان، ئەينى ۋاقىتتىكى نامى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن. 100-نومۇرلۇق پۈتۈكتىكى ئەل بولغان خور قەبىلىسىنىڭ ئادىمىنىڭ كروررانغا سۆھبەتكە ئەۋەتىلىشى تېخىمۇ قىممەتلىك ئۇچۇر ھېسابلىنىدۇ، ناۋادا چەرچەندىكى ئاھالىلەر خور بولمىغىنىدا ئىدى (تىلداش بولمىغىنىدا ئىدى) بەلكى باشقا بىرى ئەۋەتىلىشى مۇمكىن ئىدى، ئەل بولغان بۇ كىشى چەرچەنلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. توماس-

نىڭ «لوپ رايونىدىكى تىبەتچە پۈتۈكلەر توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدا ئېلان قىلىنغان 43-نومۇرلۇق پۈتۈكتە «... بىز كىچىك لوپتىن كەلدۇق، سەككىز نەپەر خور ھامماڵچىنى يالىدۇق...» دېيىلگەن. 39-پۈتۈكتە «... خورلاردىن بەيىۋسا، ئۇلار بىر ئەركەك قوتاز، ئىككى چىشى قوتازنى تارتۇق قىلىپ ئېلىپ كەپتۇ (؟). ئۇلار قوتازلارنى ئوبدان ساقلىيالماپتۇ... تاپشۇرۇلىدىغان جاي كىچىك لوپقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى...» ⑦ دېگەن جۈملىلەر بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىلا مۇشۇ رايوندا خور دەپ ئاتالغان ئاھالىلەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئالىملار تۈبۈتچە پۈتۈكلەردە ئۇچرايدىغان خور ئاتالغۇسىنى ئۇيغۇر دەپ تەرجىمە قىلىش بىلەن بىرگە ئىزاھ بەرگەن ئىكەن. يۇقىرىقىلاردىن تۈبۈتچە پۈتۈكلەردە ئۇچرايدىغان hor نىڭ مىلادىيىنىڭ بېشىدىن تارتىپ مۇشۇ رايوندا ياشىغان 胡 بىلەن مەنبەداشلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. گو پىڭلياڭ ئەپەندى خەنزۇچە ۋە تۈبۈتچە پۈتۈكلەرنى تەتقىق قىلىپ ئاخىرىدا مۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ: «يۇقىرىقى ئەھۋال شۇ چاغلاردا ئىككى خورلار توپى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر خانلىقى بولۇپ، ئورقۇندىكى تۈرك يېزىقى بىلەن ئويۇلغان مەڭگۈتاشتا ئۇيغۇر دېيىلگەن... يەنە بىر خورلار توپى غەربىي يۇرتتا بولۇپ ئۇلار ئادەم سانى ئازراق، ئوينىغان رولىمۇ كۆرۈنەرلىك ئەمەس ئىدى، شۇڭا كىشىلەر ئانچە بىلمەيتتى... ئۇلارنىڭ خور دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى روشەنكى، ئاۋال تۈبۈتلەر شۇنداق ئاتىغان، كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىنى شۇنداق ئاتايدىغان بولغان» دەيدۇ ⑧. ئەمەلىيەتتە گو پىڭلياڭ ئەپەندى غەربىي دىياردا خور دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، باشقىلار بۇ ھەقتە كۆپ توختالمىغىنى ئۈچۈن ئېھتىياتچانلىق بىلەن «سانى ئازراق» دېيىشكە مەجبۇر بولغان، لېكىن خور ئاتالغۇسىنى ئاۋۋال تۈبۈتلەر ئۇلارنى ئاتاشتا قوللانغان، كېيىن ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى شۇنداق ئاتايدىغان بولغان دېگەن قارىشى خاتا كەتكەن، يۇقىرىدا بىز خەنزۇچە پۈتۈكلەردىن مىلادىيىنىڭ باشلىرىدىلا ئۆزلىرىنى خۇر دەپ ئاتىغىنىنى بىلەلەيمىز، ھېچ بولمىغاندىمۇ خەنزۇچە پۈتۈكتە ئۇلارنى شۇنداق ئاتىغان. ئاپتور ياڭ مىڭ ئۆزىنىڭ «تاڭ دەۋرىدە تو-

بۇتلەر ئىشغالىيىتىدىكى چەرچەن ھەققىدىكى بىر قانچە مەسىلە» ناملىق ماقالىسىدا «خەن دەۋرىدە كىروراننىڭ نامى چەرچەنگە ئۆزگەرتىلگەن، ۋېي دەۋرىدە ئىشەم (يىشۈن) دە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەندىن تارتىپ چەرچەن مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولغان. خەن، تاڭ دەۋرىلىرىدە بۇ يەردىكى ئاساسلىق ئاھالىلەردىن چەرچەن ئۇيغۇرلىرى (鄯善胡)، خەنزۇلار، سىيانپىلار، تۇيخۇنلار، سەمەرقەنتلىكلەر بار. . . تۇيخۇنلار چەرچەن ئۇيغۇرلىرىدىن باشقا چەرچەننىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئاھالىلىرىدىن» ⑨ دەيدۇ. ئاپتور ئۆز ماقالىسىدە خۇددى بىز باشقا ماتېرىياللاردىن پاكىت كۆرگىنىمىزدەك چەرچەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەرلىك قەدىمىي ئاھالىلەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «تۇبۇتچە يادىكارلىقلاردىن ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابقا چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىن تېپىلغان تۇبۇتچە يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كىرگۈزۈلگەن بولۇپ (400 پارچىغا يېقىن) ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: تۇبۇتلەر ئۇيغۇرلارنى خور دەپ ئاتايتتى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا موڭغۇللارنى خور دەپ ئاتىغىنى بىلەن ئوخشىمايدۇ. P . t . 128 نومۇرلۇق «شىمالدىكى ئەللەرنىڭ خان پادىشاھلىرى ھەققىدە»، دە hor غا بىر قەدەر ئوچۇق ئىزاھات بار. كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا hor بولسا hoyo hor سۆزى (回纥 韦纥) نىڭ ئاددىيلاشتۇرۇلغان شەكلىدۇر، 8 ـ 9 ـ ئەسىرلەردە



شىمالدىكى چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق نامىغا ئايلانغان» دەيدۇ. ئۇيغۇرشۇناس دوكتۇر ياڭ فۇشۆ ئەپەندى « hor سۆزى تۇبۇتچە پۈتۈكلەردە كۆپ قېتىم كۆرۈلىدۇ. P . T . 1283 نومۇرلۇق پۈتۈكتىن باشقا دۇخاندىن (دۈنخۇاڭ) تېپىلغان تۇبۇتچە يازما P . T . 246، تۇبۇتچە خەنزۇچە سۆزلۈكلەر، دېگەن ئەسەر بىلەن شىنجاڭدىن تېپىلغان تۇبۇتچە پۈتۈكلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇدۇللىشىدىغان سۆزلەم ئۇيغۇر بولۇپ بۇ تەڭداشلىق مۇناسىۋەت تۇپپۇتچە، خەنزۇچە، ئۇدۇن ئىبلىنىڭ خاتىرىلىرىدىمۇ ئىنتايىن توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن» دەيدۇ ھەمدە تۇبۇتچە ۋە خەنزۇچە نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ «HORلار ئۇيغۇرلاردۇر» دېگەن يەكۈننى چىقىرىپ مورى ماساۋ ۋە يىن ۋېيشەن قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەتقىقات ئارقىلىق چىقارغان ھۆكۈملىرىنى قوللايدۇ⑩ .

تارىخ ماتېرىياللىرىنى كۆرۈدىغان بولساق ھەقىقەتەن تۇيغۇنلارنىڭ 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇ يەرگە كىرگەنلىكى، ئاھالىسىنىڭ خېلى كۆپ بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. تۇبۇتچە پۈتۈكلەردە يېزىلىشىچە، ئۇلار مۇشۇ رايوننى ئىشغال قىلىپ تۇرغان 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا چوڭ چەرچەن (nob – cheb – po چوڭ لوپ ـ ھازىرقى چاقىلىق بازىرى)، كىچىك چەرچەن (nob – chungu ـ كىچىك لوپ ـ ھازىرقى مىرەن)، شەھىرى سابىز (tshal – byi ھازىرقى ئاياققۇم كۆلى ئەتراپى)، كىتىك (kadag)، rgodtsang، udzom قاتارلىق شەھەر بازارلار بولغان. تۇبۇتچە پۈتۈكلەردە يەنە carcan – cercen ئاتالغۇسىمۇ قوللىنىلغان. بىزنىڭ تۇبۇتلەر مۇشۇ زېمىننى ئىشغال قىلغان ۋاقىتلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ زېمىندا ياشىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يەنە بىر پاكىتىمىز شۇكى، گەرچە سانى ئاز بولسىمۇ تۇبۇتچە پۈتۈكلەر بىلەن بىرگە تۇرك يېزىقىدىكى «ئىرق پۈتۈك» كە ئوخشاش يازما يادىكارلىقلارنىڭ تېپىلىشىدۇر. مانا بۇلارغا قارىغاندا Hor ۋە 胡 نىڭ بىر مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن، مانا بۇلارنىڭ ھازىرقى كۈندە ئۇيغۇر نامىدىكى «غۇر» بىلەن قانداق باغلىنىشلىقى بارلىقىنى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. تۇبۇتچە يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلغۇچىلار بۇنىڭ دەل ئۇيغۇر نامىدىن قىسقىراپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە غەربكە كۆچكەن ھۇن قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلەر ئىچىدە kutrighur، onghur، sarahur، onhur utrighur قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بولغانلىقى غەرب مەنبەلىرىدە خاتىرىلەنگەن (ئالىملاردىن دۇياشوڭ يۇقىرىقى قەبىلىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى

2005.2

بولمىش ئۇنغۇرىيە ـ ۋېنگىرىيە خەلق ناخشا مۇزىكىلىرى بىلەن بۇگۇنكى سېرىق ئۇيغۇر ئەۋلادى يۇغۇرلارنىڭ خەلق ناخشا مۇزىكىلىرىدا نۇرغۇن ئوخشاشلىق بارلىقىنى بايقىغان، ھەتتا ئۇنغۇرىيىلىك مۇخبىر سېرىق ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ نامىنى ئېيتىپ بەرگەندە شۇ مەيداندىكىلەر ھەيران قېلىشقان. سېرىق ئۇيغۇر ئالىمى دوكتور جوڭ جىنۋېن ـ ياكىر يۇقىرىقى ئىككى خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئوخشاشلىقلارنى بايقاپ ئېلان قىلغان). بۇ مەنبەلەر بىزگە ئۇيغۇر نامىنىڭ مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىن خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، بۇ نامىلارنىڭ بىز يۇقىرىدا كۆرگەن خور نامى بىلەن مۇئەييەن باغلىنىشى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. بەزى ئالىملار يەنە تارىخىي مەنبەلەردە كۆرىلىدىغان纥骨، 护骨، 乌古، oghur، uighur لار بىر نامنىڭ بىر قانچە خىل يېزىلىشى دەپ قارايدۇ، مانا مۇشۇلارغا قارىغاندا ئۇيغۇر نامىنىڭ ئەنە شۇ خور ـ خۇر نامى بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى بارلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. چاقىلىق ناھىيىسىدىن گەنسۇ دائىرىسىگە 14 ـ ئەسىرلەردە كۆچۈپ بارغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بۇگۇنكى ئەۋلادلىرى — يۇغۇرلارنىڭ ھازىرمۇ تىبەت ئەۋلادلىرى ـ زاڭزۇلارنىڭ ئاۋام تىلىدا خور ئاتالغىنى ھەمدە دۇنياغا داڭلىق ئېپوس «گېسار» نىڭ يۇغۇر تۇركى نۇسخىسىدىمۇ («گەيسارخان قىسسىسى» دېيىلىدۇ) ئۇيغۇرلارنىڭ خور دەپ ئاتالغىنى بۇ ئىسپاتنى تېخىمۇ كۈچلەندۇرىدۇ.

خەنزۇچە مەنبەلەردە 胡 خېتى خېلى كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىدۇ. لېكىن يەنىلا مەلۇم دائىرىدە پەرقلەندۇرۇلىدۇ. ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك مۇئەللىپلىرى قەدىمدە شىمالدىكى قوشنىلىرىنى ياۋايىلار دەپ ئاتاش بىلەن بىرگە يەنە 胡 لار دەپ ئاتىغان. ئەمما جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى ۋە ئىرقى، مىللىي پەرقىنى ھېسابقا ئېلىپ 胡 غەربىي خۇ (西胡)، شەرقىي خۇ (东胡) دەپ ئاتىغان. جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن پامىرنىڭ غەربىدىكىلەرنى 西胡 دەپ، ھۇنلارنىڭ شەرقىدىكى قوشنىلىرى 东胡 (بۇ ئىبارە ئەينى ۋاقىتلاردىكى تۇڭغۇسلار ئاتالمىسىنىڭ تەڭدىشى بولۇشى مۇمكىن) دەپ ئاتالغان، ھۇنلار ۋە غەربىي دىياردىكىلەر 胡 دەپ ئاتالغان. سېرىق ئۇيغۇر (يۇغۇر) يازغۇچىسى تۆمۈر ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، شىزاڭ ۋە گەنسۇ زاڭزۇلىرىنىڭ ئىچىدە خور دەپ ئاتىلىدىغان بىر قىسىم ئاھالە بار بولۇپ، ئۇلاردا شامان دىنىنىڭ بىر قىسىم قالدۇقلىرى ھازىرغىچە ساقلانغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، يەنە زاڭزۇ خەلقى سېرىق ئۇيغۇرلارنى ھازىرمۇ خور دەپ ئاتايدىكەن، ئۇلار رەسمىي يېزىق ھۆججەتلىرىدە يەنە تۇزۇلارنى خور دەپ ئاتايدىكەن. 胡 خېتىنىڭ ئوقۇلۇشىغا كەلسەك، بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، مىلادىيىنىڭ بېشىدا ku دەپ ئوقۇلاتتى دەيدۇ. تىلشۇناس ۋاڭ لى ئەپەندى «خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكا تارىخى» ناملىق كىتابىدا سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدە غۇ [ɣ u] دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. گو شىلياڭ ئەپەندى «خەنزۇچە خەتلەرنىڭ قەدىمكى تەلەپپۇز قوللانمىسى» دېگەن كىتابىدا غۇك [ɣ uk] دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى يازغان بولۇپ، بۇلار تەلەپپۇز جەھەتتىن «غۇر» غا يېقىن كېلىدۇ.

«جۇڭگودىكى مىللەتلەر تارىخى» دا «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دىكى 南有大汉, 北有强胡。胡者天之骄子也. . . » (جەنۇبتا ئۇلۇغ خەن، شىمالدا كۈچلۈك خۇلار بار. خۇلار تەڭرىنىڭ ئەركىلىرىدۇر) نى پاكىت قىلىپ، «ھۇنلارنىڭ ئۆزلىرىنى 胡 دەپ ئاتايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 胡 خېتى قەدىمدە كۇ ku دەپ ئوقۇلاتتى، بۇ تەلەپپۇز تەرجىمىسىدۇر. نۇرغۇنلىغان تارىخ كىتابلىرىدا ھۇنلار بىردەك 胡 دەپ يېزىلغان» ⑪ دەيدۇ ھەمدە «يېغىلىق دەۋرى تەدبىرلىرى. جاۋ تەدبىرلىرى» دا كۆرۈلىدىغان «武灵王胡服» (ۋۇ لىن خانىنىڭ خۇچە كىيىمى) دېگەن جۈملىدىكى 胡 مۇ ھۇنلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ يەكۈن چىقارغان. «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» دا مۇشۇ ئاتالغۇ ھەققىدە يەكۈن چىقىرىپ مۇنداق يازىدۇ: « 胡 خېتى ئەسلىدە مەخسۇس ئاتالغۇ بولۇپ،



2005.2

هۇنلارنى كۆرسەتتى، كېيىن شىمالدىكى مىللەتلەرنى ئاتاشقا قوللىنىلغان». «كونا بەش دەۋر تارىخى» 138 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە «ئۇيغۇرلار هۇنلارنىڭ ئەۋلادىدۇر. كېيىنكى ۋېي دەۋرىدە تېلى، ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان» دەپ يېزىلىدۇ. «جوڭگودىكى مىللەتلەر تارىخى» ناملىق كىتابتا يەنە هۇنلار هەققىدە: «هۇنلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى شەنيۇ، گۇيفاڭ، روڭ، دى، خۇ قاتارلىق قوۋملىقنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالدا هەرىكەت قىلىدىغان مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەپ يازىدۇ، مانا مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىكى دى ۋە خۇ قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. تاڭ دەۋرى مۇئەللىپلىرى ئۇيغۇرلارنىمۇ هۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ بايان قىلىشلىرى مۇشۇ باغلىنىشنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئاساسىي بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «هۇنلارنىڭ تىلىنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار بىردەك ئالتاي تىل سىستېمىسىغا تەۋە دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ تىلنىڭ موڭغۇل تىلى ئائىلىسىگە ياكى تۈركىي تىللارغا تەۋە ئىكەنلىكىدە مۇنازىرە بار، شۇنداقتىمۇ كۆپ سانلىق ئالىملار تۈركىي تىل ئائىلىسىگە تەۋە دەپ قارايدۇ» دېيدۇ. هەمدە تېپىلغان يادىكارلىقلار، جۈملىدىن 1950 ـ يىللىرى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ چاڭئەن ناھىيىسىدىن تېپىلغان هۇن قەبرىسى، موڭغۇلىيىنىڭ ئۇلانباتور شەھىرىنىڭ 70 ئېنگلىز چاقىرىم شىمالىدىن تېپىلغان هۇن قەبرىلىرىدىن بايقالغان ئۇچۇرلارغا ئاساسەن ئۇلاردا موڭغۇل ئالامەتلىرى ئەمەس، تۈرك ئىرقىغا خاس بولغان ئېگىز بۇرۇن، كۆزلىرى يوغان، ماڭلىيى كەڭرى، ساقاللىق، كۆكۈش قارا كۆز ئالاھىدىلىككە ئاساسەن «كۆكۈش كۆزلۈك، ساقاللىق پوتربېت هۇنلارنىڭ تۈركىي ئىرقىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ماددى پاكىت بىلەن تەمىن ئەتتى»، دەپ يازىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، كرورانلىقلار مىلادىيىنىڭ بېشىدىلا خۇر دەپ ئاتالغان، بۇ گەرچە هۇنلارنى كۆرسەتكەندەك قىلسىمۇ، پاكىتلار ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. پاكىتلارغا ئاساسلىنىدىغان بولساق، كروران ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقنىڭ مىللەت تەركىبى جەھەتتىن تارىخى ئىزچىللىق ساقلانغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. كرورانلىقلار مىلادىيىنىڭ باشلىرىدا 胡 دەپ يېزىلغان بولسا، بۇ خىل ئاتىلىش 7 ـ ئەسىرگىچە يەنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭگۈەن يىللىرىغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن. تۈبۈتلەر مۇشۇ رايوننى ئىشغال قىلىپ هاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە قالدۇرغان پاكىتلار ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت هەقىقەتنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. تۈبۈتلەر شۇ چاغلاردا مۇشۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلارنى hor دەپ ئاتاپ، بۇ زېمىندا ئۇلارنىڭ بارلىقىدىن ئۇچۇر بەرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا، بۇلار هەققىدىكى چۈشەنچىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ خورنىڭ سېرىق ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئوچۇق يورۇتۇپ بەردى. خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 黄番 ,黄头回纥 دەپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ هاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى بىلەن مىللەت نامى تېخىمۇ توغرا قىلىپ «سېرىق ئۇيغۇر»نىڭ تەلەپپۇز تەرجىمىسى قىلىپ قوللىنىلدى. ئۇيغۇرچە مەنبەلەردىن «تارىخىي رەشىدى» ۋە باشقىلاردىمۇ بۇلارنى خۇددى خەنزۇچە مەنبەلەردىكىگە ئوخشاش «سارىغ ئۇيغۇر» دەپ خاتىرىلىنىشى مۇشۇ زېمىندا ناھايىتى قەدىمدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ياشاپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. بۇ يەردە بىز پروفېسسور ۋاڭ شوچۈەننىڭ 胡桐 ئۇيغۇرچە توغراق نامىدىن كەلگەن دەپ يازغىنىنى ئەسلەيدىغان بولساق، ناۋادا ئۇيغۇر ئەجدادى كروراندا بولمىسا ۋە ئاھالىنىڭ زور سالمىقىنى تەشكىل قىلمىسا، بۇ ئاتالغۇ قانداقمۇ ئۇيغۇر تىلىدىن كەلسۇن؟ ئالىمنىڭ پىكرىگە ئاساسلىنىدىغان بولساق، بۇ ئاتالغۇ: «ئۇيغۇر توغرىقى» دەپ ناملانغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەينى چاغدىكى مەنبەلەردە كۆرۈلىدىغان جاي نامىلىرى نىيا (كارۋشتى پۈتۈگىدە nina)، چارچاك 鄯善 (تۈپۈتچە carvan بولۇپ، خەنزۇچە مەنبەلەردە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلىدىن باشلاپ كۆرۈلگەن، 鄯善 دەپ يېزىلغان بۇ نام هازىرقى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ئۇيغۇرچە نامىغا ئايلانغان)، lop – nop (هازىر لوپ دېگەن نام بار، بىر تۈركۈم قەدىمىي ئاھالە ئۆزلىرىنى لوپلۇق دەپ ئاتايدۇ، جاي نامىلىرىدىن لوپنىڭ قېقىرى، لوپ كۆلى، لوپ لەنگەر دېگەنلەرمۇ بار. موڭغۇللار دەۋرىدىكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 罗卜، ماركو پولونىڭ ساياھەتنامىسىدە Lop دەپ يېزىلغان)، لاپچۇق (纳职، ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە 7 ـ ئەسىردە چەرچەنلىكلەر قومۇلغا بېرىپ يۇرت

بەرپا قىلغاندا، كونا يۇرتنىڭ نامىدا ئاتىغان بولۇپ ، ھازىرمۇ لاپچۇق دەپ ساقلىنىپ قالغان) ، كىتىك (تۇبۇتچە يادىكارلىقلاردا kadag ، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 怯台 دەپ يېزىلغان، ئۇيغۇرچە كلاسسىك كىتابلاردا كاتاك ـ كېتەك دەپ يېزىلغان ، چاقىلىقتىكى بىر قەدىمكى شەھەرنىڭ نامى، چاقىلىقتا نۇرغۇن كىشى بۇ شەھەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى ھېكايەت قىلىدۇ) . 蒲昌海 نامى ئەينى تارىخىي دەۋردە لوپ كۆلىنى كۆرسەتكەن ھەمدە نامى بولۇپ قوللىنىلغان، پىچان كۆلى دېگەنلىكتۇر. بۇ دەل ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ساقلىنىپ قالغان پىچان نامى بىلەن مەنا ئوخشاشلىقى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا كۆل ئەتراپىدا پىچان (قومۇش تۈرىدىكى ئۆسۈملۈك) كۆپ ئۆسكەنلىكتىن پىچان كۆلى دەپ ئاتالغان بولۇشى چوقۇم. يەنە ئابدال دېگەن ئاتالغۇنىڭ مىلادىيىنىڭ بېشىدىن تاكى ھازىرغىچە لوپلۇق ئۇيغۇرلار تىلىدا ساقلانغىنى، جۈملىدىن يەر نامى بولغانلىقىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. يۇقىرىقى جاي ناملىرى مىلادىيىنىڭ باشلىرىدىن ھازىرغىچە قوللىنىلماقتا. ئۇيغۇرشۇناس دوكتور ياڭ فۇشۆ ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پۇل سۆزى كارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردە كۆرۈلىدىغان muli ئىبارىسىدىن كەلگەن ئىكەن. بۇ ناملارنىڭ ھەممىسى مىلادىيىنىڭ بېشىدىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. تويخۇنلار، تۈپۈتلەر، كۇشانلار (يۈرچىلەرنىڭ كېيىنكى نامى) ، توخرىلار، خەنزۇلار مۇشۇ زېمىننى ئىستېلا قىلغان ياكى ياشىغان، لېكىن ھېچبىرىنىڭ بۇ ناملارغا ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۇچۇرلار يوق. بۇ ناملار 2000 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرلاردا قوللىنىلىپ كېلىنمەكتە. بۇ ناملارنىڭ شۇنداق ئۇزۇن دەۋر يەنى 20 ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ قېلىشى بىزنىڭ يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى يەنىمۇ ئىچكىلىرىلىگەن ھالدا كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىز يۇقىرىقى پاكىتلارغا ئاساسەن، دەسلەپكى قەدەمدە كرورانلىقلارنى ئۇيغۇرنىڭ ئەجدادى، شۇنداقلا كرورانلىقلارنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى ئۇيغۇر دېگەن يەكۈننى چىقىرىمىز. «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە «خەننامە» قاتارلىق كلاسسىك تارىخ كىتابلىرىدا كرورانلىقلارنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار كامدىن كام كۆرۈلىدۇ. ئەمما بىز يۇقىرىدا كۆرگەن خەنزۇچە ۋە تۇبۇتچە پۈتۈكلەر كرورانلىقلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا خور دەپ ئاتالغانلىقىنى ، خورلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى . كۆپىنچە ماتېرىياللاردا كارۇشتى يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن تىلنى مۇشۇ زېمىندىكى يەرلىك مىللەتنىڭ تىلى دەپ ئېلىنغان، بۇ بىر خىل سەۋەنلىكتۇر . بۇ يېزىق ۋە يېزىقتا ئىپادىلەنگەن تىل شۇ دەۋرنىڭ ھاكىمىيەت تىلى ۋە يېزىقلىق رولىنى ئوينىغان، بۇ يېزىق ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن تىل شۇ دەۋر كرورانلىقلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە كۇشانلار ، ئەنەتكەك ـ ھىندلار بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقىسىنىڭ مەھسۇلىدىن ئىبارەت. بۇنىڭغا دۆلىتىمىزدىكى تاجىك مىللىتىنى مىسالغا ئالساق، ئۇلار ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى قوللانسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە تاجىك مىللىتىنىڭ تىلى بارلىقىنى ھەممە بىلىدۇ. ھازىرقى سېرىق ئۇيغۇر مىللىتىنى ئېيتساق، ئۇلارنىڭ تىلى بولسىمۇ خەنزۇ ۋە موڭغۇل تىللىرىنى ھەم يېزىقىنى قوللىنىدۇ. بۇ خۇددى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەرەب ياكى پارس تىللىرىنى دىنىي مۇناسىۋەت بىلەن ئۆگەنگەن، ئىشلەتكەن ئەھۋاللىرىغا ئوخشىتىش مۇمكىن. بۇ يېزىقلارغا ۋە تېپىلغان قەدىمكى جەسەتلەردە كۆرۈلىدىغان ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالامەتلىرىگە قاراپ ئۇلارنى ھىندىلارنىڭ بىر قىسمى، كۇشانلار ، ياۋروپالىقلار دېگەندەك يەكۈنلەرنى چىقىرىش تارىخقا ھۆرمەت قىلمىغانلىقتۇر. يەنە بەزى كرورانلىقلار توخرىلار (月氏)، سوغداقلار دېگەندەك قاراشلارمۇ كۆرۈلۈپ قالىدۇ، بۇ ۋاقىتلاردا خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇلار خۇرلاردىن ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ خاتىرىلەنگەن تۇرۇقلۇق بىر مەزگىل قوشنا بولۇپ ياشىغىنىغا قاراپ كرورانلىقلارنىڭ مىللەت تەركىبىنى ئۇنداق ئاتاش مۇۋاپىق ئەمەس. ھازىرقى تارىخىي پاكىت شۇكى، كرورانلىقلار ئەينى ۋاقىتتا خۇر دەپ ئاتالغان، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولۇپ، بۇ مىللەت تەركىبى تۇبۇتلەر بۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتلاردا تېخىمۇ ئوچۇق يورۇتۇلۇپ كۆرسىتىلگەن. خەنزۇچە مەنبەلەردە 11 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئاندىن مىللەت مەنبەسىنى تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ يەرلىك ئەنە شۇ كروران ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆز تىلىدىن ئېلىپ، مىل-

لەت نامىنى ئەسلى مەنىسىگە يېقىنراق قىلىپ 黄头回纥 دەپ يازغان. موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىشى بىلەن بۇ نام تېخىمۇ توغرىلىنىپ سېرىق ئۇيغۇر 撒里畏兀儿 دەپ قوللىنىلغان. ئۇيغۇرچە مەنبەلەردىمۇ «سارىغ ئۇيغۇر» دەپ خاتىرىلەنگەن، بۇلاردىن بىر قىسمى 14 ـ ئەسىرلەردە شەھەر ـ بازارلىرى ۋەيران بولغاندا ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شەرققە كۆچۈپ بارغان، ئۇلار ھازىرقى يۇغۇر مىللىتى بولۇپ ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن قالغانلىرىدۇر، ئۇلار ھازىرمۇ ئۆزلىرىنى سارىغ يۇغۇر، شارا يۇغۇر دەپ ئاتايدۇ. شامان دىنىنىڭ قالدۇقلىرى ھازىرغىچە ساقلانغان، تىلىدا ئاز مىقداردا ئەرەبچە سۆزلەملەرمۇ بار، ئۇلاردىن ئەسلى يۇرتىدا يەنى ھازىرقى چاقىلىقتا قالغانلىرى ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىنىڭ نامى بىلەن ئۆزلىرىنى لوپتۇق ـ لوپلۇق دەپ ئاتايدۇ، بۇ نامنىڭ ئۆزىمۇ مىلادىيىنىڭ بېشىدا كۆرۈلىدىغان lop lap ← nop – nap نامىنىڭ بىۋاستە داۋامىدۇر.

بەزىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ 840 ـ يىلى موڭغۇلىيىدىكى خاندانلىقىنىڭ ۋەيران بولۇپ، ئاھالىسىنىڭ تارقىلىپ كېتىپ، بىر قىسمىنىڭ غەربكە كۆچكەنلىكىنى پاكىت قىلىپ، كرورانلىقلار ئۇيغۇر ئەمەس، ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كەلگەنلەر دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن. لېكىن تۇبۇتچە پۈتۈكلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ يەرنىڭ يەرلىك ئاھالىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۇچۇرلىرى، مىلادىيىنىڭ بېشىدىكى جاي ناملىرىنىڭ تاكى ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوللىنىلىشى، مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ سېرىغ ئۇيغۇر نامىنىڭ بۇ چاغدىكى ئاھالىنىڭ نامى بولۇشى ھەمدە ئۇلار بىلەن بىرگە غەربكە كۆچكەنلەرنىڭ نامىنىڭ كارۇشتى پۈتۈكلىرىدە كۆرۈلىدىغان sabir ۋە خەنزۇچە مەنبەلەردە كۆرۈلىدىغان supi 鲜卑 سىيانپى ناملىرى بىلەن يېقىن بولۇشى، بىزنىڭ كرورانلىقلارنىڭ ئەسلىدە ئۇيغۇر، يەنە كېلىپ سېرىغ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىزدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. بۇرۇنقى خەنزۇچە مەنبەلەردە تاڭ سۇلالىسىنىڭ موڭغۇلىيەدە قۇرۇلغان ئۇيغۇر خاندانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتى يېقىن بولغاچقا، شۇلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن قارىغان، لېكىن غەربىي دىياردىكىلەرى ئىينى دەۋرلەردە سىياسىي سەھنىگە چىقىپ قوشنىلىرىغا تەسىر كۆرسىتەلمىگىنى ئۈچۈن، ئۇلار ھەققىدىكى خاتىرىلەر ناھايىتى ئاز بولغان، ئۇيغۇرلاردىن بىر قىسمىنىڭ غەربكە كۆچۈپ، بۇ يەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ كۈچلۈك سىياسىي ھاكىمىيەتلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغىنىدا بۇ يەردە بىردىنلا ئۇيغۇرلار ھاكىمىيەتلىرىدىن نەچچىسى پەيدا بولدى. بەزى ئالىملار غەربىي دىياردىكىلەر «ئۇيغۇرلاشتى» دېسە، بەزى ئالىملار ھەتتا ئۇيغۇرلار بۇ يەردىكىلەرنى «قىرىپ تۈگەتتى» ياكى «ھەيدىۋەتتى» دېگەندەك ئاساسسىز پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەنلىرىدىن تەڭرىتاغ ئەتراپىغا كەلگەنلىرى 100 مىڭدىن ئازراق ئاشىدۇ، بۇ چاغدىكى غەربىي رايون ئاھالىسى مەيلى نوپۇس، ئىقتىساد، ئىشلەپچىقىرىش، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىن بولسۇن غەربكە كۆچكەنلەردىن خېلىلا ئۈستۈن ئىدى، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئارىدىن 200 يىللار ئۆتكەندە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا سوغداق، پەچەنەك. . . قاتارلىق بىر قانچىلا غەيرىي تۈركىي قەبىلىلەرنى تىلغا ئالىدۇ، ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار قىسقىغىنە 200 يىلدا شۇنچە كۆپ ئاھالىنى ئۇيغۇرلاشتۇرۇپ كەتتىمۇ؟ بىز تارىختا قارايدىغان بولساق، كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەندىن كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى (تۈرك رونىك يېزىقىنى بىر مەزگىل قوللانغان)، بۇددا دىنىغا كىرگىنىنى (قامان دىنىنىڭ ساقىندىلىرى تاكى ھازىرغىچە ساقلانغان)، چارۋىچىلىقتىن كۆرە يېزا ئىگىلىكىگە ئۆتكەنلىكىنى كۆرىمىز، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ غەربىي رايون دائىرىسىدىكىلەرگە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كېتىش ئېھتىماللىقىنى بىلىمىز، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بۇنىڭ جاۋابى بىرلا. ئۇ بولسىمۇ خۇددى گو پىڭلياڭ ئەپەندى ئېيتقاندەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى توپى بولۇپ، بىر توپى موڭغۇلىيىدە خانلىق قۇرغان، بىر توپى غەربىي دىياردا يەنى ھازىرقى شىنجاڭدا ئىدى. لېكىن سانى ئۇنداق ئاز ئەمەس. بۇ يەردە شۇنىمۇ تولۇقلاپ قويۇش لازىمكى، مىلادىيىنىڭ باشلىرىدا كروران قاتارلىق غەربىي دىيار ئەللىرىدە ئۇيغۇرلار يەرلىك ئاھالە بولۇش بىلەن بىرگە، يىپەك يولىنى بويلاپ سودا، مەدە-

نىيەت ئالاقىلىرى ياكى باشقا سەۋەبلەردىن بۇ يەرگە كەلگەن ۋە ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار بار ئىدى. شۇ دەۋرلەردە بۇ زېمىندا ئۇيغۇر، خەنزۇ، تۇيغۇن، تىبەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلغان ئەھۋاللارمۇ قىسمەن جايلاردا بولغان، لېكىن ئۇيغۇرلار ئىزچىل تۇردە مۇشۇ زېمىندا ياشاپ بوران - چاپقۇننى باشتىن كەچۈرۈپ كەلگەن. شۇڭىمۇ مۇشۇ زېمىننىڭ مىلادىيىنىڭ بېشىدىكى جاي ناملىرىنى زامانىمىزغىچە قوللىنىپ كېلەلىگەن. تۇبۇت، تۇيغۇن قاتارلىق مىللەتلەر ئۆز يۇرتلىرىغا قايتقان. ئەگەر كرورانلىقلارنى ئۆز ئېچىگە ئالغان ھالدا غەربىي دىياردىكىلەر 840 - يىلىدىن بۇرۇن توخرى، سوغداق ۋە ياكى ئەيتاۋۇر قانداقتۇر ئارىيان ئىرقىدىكى ياۋروپا تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان ئاھالە ۋە ئاساسىي سالماقنى ئىگەلىگەن بولسا، «غەربكە كۆچكەن» ئۇيغۇرلار ئەلۋەتتە بۇگۈنكى كۈندە ياۋروپا تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى. ئەمدى 羌氏 سىستېمىسىدىكى مىللەت دېگەن بايانغا كەلسەك، تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلىشىچە 氐 (دى) بىلەن 羌 (چياڭ) بىر مىللەت بولماستىن، بۇمۇ بۇگۈنكى كۈندە شەرقىي شىماللىق، غەربىي شىماللىق دەپ ئاتىسا مىللەت ئايرىماي رايون بىرلىكى بىلەن ئاتىغانغا ئوخشاش بىر ئىش بولۇپ، دى ئاتالغانلار قەدىمدە گەنسۇنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى جايلارغا جايلاشقان، چياڭ ئاتالغانلار بولسا قەدىمدە ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان، ئۇلارغا تارىم ئويمانلىقىنىڭ يەرلىك قەدىمىي ئاھالىسى دېيىش بىر پەرەزدىنلا ئىبارەت بولۇپ، كۆپىنچە ماتېرىياللار بۇ خىل قاراشنى قوللىمايدۇ، بىز يۇقىرىدا كۆرگەن پاكىتلار كروران قاتارلىق قەدىمىي يۇرتلارنىڭ ئاھالىسىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مىلادىيىنىڭ باشلىرىغا مەنسۇپ ۋە كروران دائىرىسىدىن بايقالغان يازما مەنبەلەردە كرورانلىقلار خۇر دەپ ئاتالغان، 400 - يىلى بۇ يەرگە كەلگەن فاشەنمۇ يەرلىك ئاھالىنىڭ خۇر دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى يازغان، تۇبۇتلەر 7 -، 8 - ئەسىرلەردە كروران دىيارىدىكىلەرنى خور دەپ خاتىرىلىگەن (قوش تىللىق ماتېرىياللاردا خورلارنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى ئېنىق خاتىرىلەنگەن) بولسا شۇ دەۋردە يېزىلغان خەنزۇچە تارىخ - تەزكىرە كىتابلىرىدىمۇ بۇرۇنقى ئەنئەنىگە ئوخشاش 胡 خۇر دەپ يېزىلغان. مانا بۇ پاكىتلار كرورانلارنىڭ ناھايىتى قەدىمدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى خەنزۇچە، ئۇيغۇر چاغاتاي يېزىقىدىكى ماتېرىياللار ئەسلىدىن خۇ، خور ئاتالغانلارنىڭ سېرىق ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. خۇلاسە قىلغاندا كرورانلىقلار ئۇيغۇرلاردۇر.

ئىزاھات:

① ياڭ نىيەن «چۆلدىكى تەنھا سەپەر»، خەنزۇچە نەشرى 22 - بەت.
② ۋاڭ بىڭخۇا «يىپەك يولى ئۈستىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، خەنزۇچە نەشرى.
③ «ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددا سەنئىتى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 1992 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 29 - بەت.
④ «غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرىدىن تاللانما ۋە شەرھ» نىڭشىيا خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى خەنزۇچە نەشرگە قاراڭ.
⑤ «لوپنۇرغا ئائىت ماتېرىياللاردىن تاللانما توپلام» 1992 - يىلى «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى خەنزۇچە نەشرى.
⑥ يۇقىرىقى كىتابتىكى مۇناسىۋەتلىك پۇتتۇكلەرگە قاراڭ.
⑦ ۋاڭ ياۋ قاتارلىقلار تۈزگەن «تۇبۇتچە يادىكارلىقلاردىن ئومۇمىي بايان» مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى 1986 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 49 - بەت.
⑧ گوبېڭلياڭ «纥، hor ۋە ئۇيغۇر»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» خەنزۇچە 1993 - يىلى 1 - سان 67 - بەت، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1993 - يىلى 2 - سان.
⑨ ياڭ مىڭ «تاڭ دەۋرىدە تۇبۇتلەر ئىشغاللىيىتىدىكى چەرچەنگە ئائىت بىر قانچە مەسىلە» خەنزۇچە «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1986 - يىلى 2 - سان 22 - بەت.
⑩ ياڭ فۇشۆ «جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى» (ماقالىلەر) گەنسۇ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 63 -، 64 - بەت.
⑪ «جۇڭگودىكى مىللەتلەر تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1993 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، مۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك قىسمىغا قاراڭ.

(ئاپتور: چاقىلىق ناھىيىلىك تېلېگراف ئىدارىسىدىن)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# كۆنىمىزدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتاغ ئۇيغۇرلىرىغا قارىتا كۆز قاراش، تۇتۇملىرى ① ھەققىدە سوتسىئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش

دوكتور ئا. رەشىد جەلىل قارلۇق

ماقالىمىزدا گېنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې ۋىلايىتى سۇنەن سېرىق ئۇيغۇر ئاپتونوم ناھىيىسىدە ياشاۋاتقان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇيغۇرلارغا قانداق قارايدىغانلىقى، مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ھەممە بۇ رايوندا 2000 – يىلى نويابىر ۋە دېكابىر ئايلىرىدا تەرىپىمىزدىن بىۋاسىتە ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن ساھە تەكشۈرۈش تەتقىقاتىدا ② قولغا كەلتۈرۈلگەن بىرىنچى قول ماتېرىياللار ئاساسىدا ئىنچىكىلىنىدۇ.

سېرىق ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ غەربىدە يەنى بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشايدىغان مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنى 1980 – يىلىدىن كېيىن ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ ياردىمىدە نىسبەتەن ئەتراپلىق تونۇشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى قويۇق مۇناسىۋەتلەردە بولالمىغان. بۈگۈنكى سېرىق ئۇيغۇرلار خۇسۇسەن تۈرك تىلى گۇرۇپپىسىدىكى غەربىي سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتاغ ئۇيغۇرلىرىغا قارىتا ناھايىتى قىزغىن مۇھەببەت ئىچىدە ئىكەنلىكىنى، كۆزىتىش جەريانىدا ناھايىتى روشەن ھېس قىلىندى ③. كېيىنكى يىللاردىكى بېرىش – كېلىشنىڭ ئېشىپ بېرىشى، سېرىق ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل ئالاقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، سېرىق ئۇيغۇرلاردىن 278 كىشىنىڭ قۇمۇل شەھىرى ۋە ماناس ناھىيىسىگە كۆچۈپ بېرىپ بۇ يەرگە يەرلەشكەنلىكى بىلىنمەكتە ④.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئەسكەرلىكتە بارغان سېرىق ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ كۆپىنچىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تۇرغان. بۇ رايوندا ئەسكەر بولۇپ تۇرغانلار ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت – كۇلتۇرلىرىنى (ئاپتورنىڭ «تۇرپان» ژۇرنىلى 2003 – يىللىق 4 – سانىدىكى «كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىغا سوتسىئولوگىيىلىك ئىزاھات» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ) يېقىندىن تونۇش، كۆزىتىش ۋە بىرمۇنچە ئورتاقلىقلارنى تېپىپ چىقىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇلار ئەسكەرلىكتىن قايتىپ يۇرتىغا بارغىنىدا، ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەلگەن ئۇيغۇر يۇرتىدىكى تەسىراتلىرىنى يۇرتداشلىرىغا سۆزلەپ بېرىپ، سېرىق ئۇيغۇرلارنى تەڭرىتاغ ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە مەلۇماتلاندۇرغان، بىرمۇنچە ئورتاقلىقلىرى بارلىقىنى چۈشەندۈرگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، كېيىنكى يىللاردا بەزى سېرىق ئۇيغۇرلار تەڭرىتاغنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىغا ھەر خىل مەقسەت (خىزمەت، يىغىن، تىجارەت، ساياھەت) بىلەن بېرىپ – كېلىپ مۇئەييەن تونۇشقا ئېرىشكەن. كېيىنكى يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنىڭ، خۇسۇسەن چارۋا – مال تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ سېرىق ئۇيغۇر رايونىدىن مال كىرگۈزۈشكە باشلىشى بىلەن بۇ خىل مۇناسىۋەت، تونۇشۇش نىسبەتەن چوڭقۇرلاشقان.

تۆۋەندە بىز سېرىق ئۇيغۇر رايونىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن ساھە تەكشۈرۈش تەتقىقاتىدا، سېرىق ئۇيغۇر ئائىلە رەئىسلىرىگە ئۇيغۇلىغان (ئېلىپ بارغان) ئانكېتىلەردىن ئېرىشكەن نەتىجىلەرنى بىز ئاپتونوم رايوندا بولغان مۇددەت ئىچىدىكى كۆزلەم ۋە ئېلىپ بارغان سۆھبەتلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى

بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئاساستا، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتاغ ئۇيغۇرلىرىغا قارىتا تۇتۇم، كۆز قاراشلىرىنى تەھلىل قىلىمىز.

**جەدۋەل 1 . سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتاغ ئۇيغۇرلىرى بىلەن قۇدىلىشىشقا قارىتا كۆز قارىشى**

| مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن قۇدىلىشىشنى خالامسىز ؟ | تەكرارلىنىش نىسبىتى | پىرسەنتى ( %) |
| --- | --- | --- |
| خالايمەن | 209 | 63, 3 |
| خالىمايمەن | 121 | 36, 7 |
| جەمئىي | 330 | 100, 0 |

تۇنگان ( خۇيزۇ ) لارنىڭ ئايرىم بىر ئېتنىك گۇرۇپ ـ مىللەت بولۇشىدا، بولۇپمۇ خەنزۇلاردىن پەرقلىنىشىدە، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىقى ئەڭ بەلگىلىگۈچى ئامىل بولغانىدى. سېرىق ئۇيغۇرلار تۇنگانلاردىن گومىنداڭ ۋاقتىدا بەكرەك زۇلۇم كۆرگەنلىكى سەۋەبلىك، ئۇلاردىن ھەر زامان ئېھتىيات قىلىدىغانلىقى سېرىق ئۇيغۇر رايونىدا قىلىنغان ساھە تەتقىقاتىمىزدا ناھايىتى روشەن كۆرۈلدى. تۇنگانلارنىڭمۇ مۇسۇلمان كىملىكى سېرىق ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بەكرەك بىلىنگەنلىكى تۈپەيلى باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرگە قارىتا مۇئامىلىسىدە بىر تەرەپلىمىلىك بارلىقى كۆزلەملەندى. پەقەت بۇ بىر تەرەپلىمىلىك تۇتۇمىنىڭ مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنى تونىغانچە ئۆزگىرىپ بارغانلىقى سەۋەبەت، بىۋاستە قاتنىشىشلىق كۆزلەم ۋە تۇتۇم ئۆلچەم ئانكېتىدە ئېرىشىلگەن نەتىجىلەردە روشەن كۆرۈلمەكتە. يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشلىرى ئۇلارنىڭ قىز ئېلىپ بېرىشىگە، بىرلىكتە ياشىشىغا توسالغۇ بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. مەسىلەن، تۇتۇم ئۆلچەم ئانكېتىگە قاتناشقان سېرىق ئۇيغۇر ئائىلە رەئىسلىرىنىڭ 63.3%ى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن قۇدىلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ رەقەم بىز بىۋاستە تەتقىق قىلغان ۋە ئۈرنەك ئالغان پۈتۈن سېرىق ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلغۇسى ئائىلىلەرنىڭ 3 /2 قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلاردىن يالغۇز 36.7%ى ئۇيغۇرلار بىلەن قۇدىلىشىشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئانكېت تەرىپىمىزدىن بەلگىلەنگەن ئائىلىلەردە بىرمۇبىر ئۇيغۇلانغان بولۇپ، ئانكېتتىكى سوئاللارغا جاۋاب ئېلىش جەريانىدا، بۇ سوئاللارغا مەنپىي ياكى مۇسبەت جاۋاب بەرگەنلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋاللىرى ھەققىدە نىسبەتەن ئەتراپلىق مەلۇمات ساھىبى بولۇشقا تىرىشقانىدى. تەڭرىتاغ ئۇيغۇرلىرى بىلەن قۇدىلىشىشنى خالايدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز مەدەنىيىتىنى نىسبەتەن مۇھاپىزەت قىلغان، سېرىق ئۇيغۇر ئىكەنلىكلىرىنىڭ پەرقىدە بولغانلار بۇنداق مەسىلىلەرگە پەرۋاسىز قارايدىغان «يۇمشىغان» لاردىن ئىدى. قۇدىلىشىشنى خالىمايدىغانلار بولسا ئاساسەن سېرىق ئۇيغۇر كىملىكىنى يوقاتقانلار ياكى يوقىتىشقا باشلىغانلار، خەنزۇلار بىلەن قۇدىلىشىش نەتىجىسىدە تۇغۇلغان ئارىلاشمىلار ئىدى. ھەتتا بەزى سېرىق ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ئۇلار بىلەن توي قىلىشقىنىدا، ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىي مۇسۇلمانلاشتۇرۇلىدىغانلىقلىرىنى، بۇ سەۋەبلىك بۇ خىل قىز ئېلىپ بېرىشكە قىزغىن ئەمەسلىكىنى بايان قىلىشتى.

مىڭخۇا رايونىنىڭ شۇسەنۋەن تەرەققىيات يېزىسىدا، شىمالىي شىنجاڭدا بىر مۇددەت تۇرغان بىر سېرىق ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ شىماللىق بىر ئۇيغۇر قىزىغا ئۆيلەنگەنلىكى، ئۇلارنىڭ بۇ يېزىغا يەرلىشىپ ئىناق بىر ئۇۋا قۇرغانلىقىنى ئۇقتۇق. ئەپسۇسكى، مەخسۇس زىيارەت قىلىش مەقسىتىدە ئىككى قېتىم ئىزدىگەن بولساقمۇ، تىجارەت مەقسىتىدە سىرتقا چىقىپ كەتكەچكە كۆرۈشەلمىدۇق. ئەتراپتىكىلەردىن ئوقۇشىمىزچە، ئۇيغۇر قىزى تېز سۈرئەتتە ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلىكتە، ئەتراپتىكىلەرگە ناھايىتى ياخشى تەسىر قالدۇرغان. ئىشچانلىقى بىلەن ئۇلارنى

ھەيران قالدۇرغان. بۇ بىر جۈپلەر ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان يەردە ئۇيغۇر رايونىدىكى قوغۇن - تاۋۇز ۋە ئۈزۈم يېتىشتۈرۈش مۇمكىنچىلىكىنى كۆرۈپ، بۇلارنى تېرىغانلىقىنى بايان قىلىشتى.

**جەدۋەل 2 . سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەگىرىتاغ ئۇيغۇرلىرى بىلەن قوشنا بولۇشقا قارىتا كۆز قارىشى**

| مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن قوشنىدارچىلىق قىلىش | تەكرارلىنىش نىسبىتى | پىرسەنتى ( %) |
| --- | --- | --- |
| خالايمەن | 290 | 87, 9 |
| خالىمايمەن | 40 | 12, 1 |
| جەمئىي | 330 | 100, 0 |

سىبىرىق ئۇيغۇرلار 1950 - يىلدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ناھىيە، رايون ۋە يېزا مەركەزلىرى، كوچا - كويلىرى بولغان مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەردىن تەركىب تاپقان مەھەللىلەردىن قۇرۇلغان. بۇ سەۋەبلىك يېقىن قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن. تەكشۈرۈشىمىزچە، سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىدىن بولمىغان مىللەت ۋە خەلقلەر بىلەن بولىدىغان قوشنىدارچىلىققا قارىتا كۆز قاراشلىرىنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكى، خۇيزۇلار بىلەن بولىدىغان قوشنىدارچىلىققا بەك قىزغىن قارىمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى.

يۇقىرىقى جەدۋەلدە كۆرۈلگەندەك، سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ( 87.9%) ئۇيغۇرلار بىلەن قوشنا بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى، ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ( 12.1%) بولسا بۇ خىل مۇناسىۋەتنى خالىمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

**جەدۋەل 3 . سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەگىرىتاغ ئۇيغۇرلىرى بىلەن مەھەللىدارچىلىق قىلىشقا قارىتا كۆز قارىشى**

| مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن مەھەللىدارچىلىق قىلىش | تەكرارلىنىش نىسبىتى | پىرسەنتى ( %) |
| --- | --- | --- |
| خالايمەن | 306 | 92, 7 |
| خالىمايمەن | 24 | 7, 3 |
| جەمئىي | 330 | 100, 0 |

ئائىلە رەئىسلىرىدىن يەنە ئۇيغۇرلار بىلەن بىر مەھەللىدە ياشاشنى خالاش - خالىماسلىقى سورالغان بولۇپ، ئېلىنغان جاۋابلار يۇقىرىدىكى جەدۋەل ئۈچتە كۆرۈلگەندەكتۇر. يەنى، ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش بىر مەھەللىدە ياشاشنى خالايدىغانلارنىڭ نىسبىتى 92.7% بولۇپ، خالىمايدىغانلارنىڭ نىسبىتى پەقەتلا 7.3% تۇر.

**جەدۋەل 4 . سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەگىرىتاغ ئۇيغۇرلىرى بىلەن كەسىپداش بولۇشقا قارىتا كۆز قارىشى**

| مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن كەسىپداش بولۇش، بىر يەردە ئىشلەش | تەكرارلىنىش نىسبىتى | پىرسەنتى ( %) |
| --- | --- | --- |
| خالايمەن | 301 | 91, 2 |
| خالىمايمەن | 29 | 8, 8 |
| جەمئىي | 330 | 100, 0 |

ئائىلە رەئىسلىرىدىن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن كەسىپداش بولۇشقا، ئۇلار بىلەن ئوخشاش بىر يەردە ئىشلەشكە قانداق قارايدىغانلىقى سورالغان. بۇ سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلار جەدۋەل تۆتتە كۆرسىتىلگەندەك بولۇپ، سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ( 91.2%) بۇ خىل مۇناسى-

2005.2

ۋەتنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. سېرىق ئۇيغۇر ئاپتونوم ناھىيىسى كۆپ مىللەتلىك ناھىيە بولغاچقا، سېرىق ئۇيغۇرلاردىكى ئىشلەيدىغانلار، يەنى زىيالىي قىسمىنىڭ ئىش يەرلىرىدە بىر قانچە مىللەت بىلەن بىرگە ئىشلىشىگە توغرا كەلمەكتە. بۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ كىم بىلەن ياكى قايسى بىر مىللەت بىلەن ئوخشاش يەردە تۇرۇش توغرىسىدا مۇئەييەن پىكرى، كۆز قارىشى بار.

**جەدۋەل 5 . سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتاغ ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندىكى روھىي ھالىتى**

| مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنى كۆرگەندىكى روھىي ھالىتى | تەكرارلىنىش نىسبىتى | پىرسەنتى ( %) |
|---|---|---|
| ئۇلارنى كۆرگەندە ئىچىم بەكلا سىقىلىپ كېتىدۇ | 8 | 2, 4 |
| ئۇلارنى كۆرگەندە كۆڭلۈم ئېچىلىپ كېتىدۇ | 322 | 97, 6 |
| جەمئىي | 330 | 100, 0 |

كۆپ مىللەت بىرگە ياشىغان يەرلەردە ئۇقۇشماسلىق، چىقىشالماسلىق ۋە بىر ـ بىرىنى تولۇق چۈشەنمەسلىك تۈپەيلى، گۇرۇپپىلار ئارىسىدا خىلمۇ خىل بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلارنىڭ شەكىللىنىشى تەبىئىي. بەزى مىللەتلەر ياكى بەزى گۇرۇپپىلاردىكى بۇ خىل مۇئەييەن بىر مىللەت ياكى گۇرۇپپىغا قارىتا شەكىللىنىپ قالغان بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلار ئۇلار ئارقىلىق بەزى مىللەتلەرگە ئۆتۈشى مۇمكىن. بۇ خىل كۆز قاراشنى قوبۇل قىلغان (ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز) گۇرۇپپا ياكى مىللەت ئۆزلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىسى بولمىغان ھېلىقى مىللەت ياكى گۇرۇپپىغا يات مىللەت ياكى گۇرۇپپىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىن (تۆۋەنلىكىدىن ) قارىشى ياكى مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن. بۇ خىل ھادىسە قايناشما ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە كۆرۈلىدىغان بىر خىل سوتسىئال ۋە پىسخولوگىيىلىك ھادىسىدۇر.

سېرىق ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىمىزدا، بۇ خىل نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە تۇيغۇلىرىغىمۇ دىققەت قىلىندى. تۆتۈم ئۆلچەم ئانكېتىدا ھەرقانداق بىر ۋاقىتتا، ھەرقانداق بىر ماكاندا، خالىغان بىر مۇسۇلمان ئۇيغۇرنى كۆرگىنىدىكى روھىي ھالىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى سورالدى. بۇ سوئالغا جاۋاب بەرگەنلەرنىڭ 97.6% ى «بۇنداق چاغدا كۆڭلى ـ كۆكسۈم يايراپ كېتىدۇ » دەپ جاۋاب بەرگەن بولسا، پەقەت 2.4% ى بۇنداق چاغدا ئىچىنىڭ سىقىلىپ، كەيپى قاچىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

**جەدۋەل 6 . سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتاغ ئۇيغۇرلىرى بىلەن تىجارى شېرىك بولۇشقا قارىتا كۆز قارىشى**

| مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن تىجارىي شېرىكلىك | تەكرارلىنىش نىسبىتى | پىرسەنتى ( %) |
|---|---|---|
| خالايمەن | 301 | 91, 2 |
| خالىمايمەن | 29 | 8, 8 |
| جەمئىي | 330 | 100, 0 |

سېرىق ئۇيغۇرلار ئۆتمۈشتە تىجارەتتىن نىسبەتەن ئۇزاق، ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلق ئىدى. مەملىكەت مىقياسىدىكى «ئىسلاھات ـ تەرەققىيات » چولڭ بۇرۇلۇشى ۋە «غەربنى تەرەققىي قىلدۇرۇش » ستراتېگىيىسىنىڭ تۈرتكىسى ۋە مەجبۇرلىشى بىلەن سېرىق ئۇيـ

غۇرلارمۇ نۇقۇل چارۋىچى مىللەت بولۇشتىن كۆپ خىل ئالاھىدىلىكى بولغان مىللەت بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. سېرىق ئۇيغۇرلار كۈندىلىك ئېھتىياجلىق بۇيۇملىرىدىن تارتىپ ئۆز رايونىدىكى يۇڭ، مال تىجارىتى. . . دەك ساھەلەردە كۆرۈلۈشكە باشلىغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گۆش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن قوشنا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن جانلىق ھايۋانلار (ئاساسەن قوي، كالا، بەزەن قوتاز) كىرگۈزۈۋاتقانلىقى بىر ئەمەلىيەت.

ناھىيە مەركىزىدىن سارى تالا (خۇاڭچېڭ) رايونىغا كېتىۋاتقىنىمىزدا بىز ئولتۇرغان ئاپتوموبىل يايلاق ئىچىدىكى بىر يېزىدىن ئۆتكەندە، بىزنىڭ كورلا ۋە خوتەن ئۇيغۇرىغا ئوخشايدىغان ئىككى كىشى چىقتى. دەسلەپىدە ئۇلارنىڭ سېرىق ئۇيغۇر ياكى بىزنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىگە دەرھال ھۆكۈم قىلالمىدىم. بىزنىڭ ئۇيغۇرمىكىن دەپ سالام قىلاي دېسەم، رايونىمىزدىن مىڭلارچە كىلومېتىر يىراقتىكى تاغلىق ۋە قاتنىشى ناھايىتى قولايسىز بۇ يەردە ئۇلار نېمە ئىش قىلار؟ دېگەن ئويدا ئىككىلىنىپ قالدىم. چۈنكى سېرىق ئۇيغۇرلاردىمۇ بىزگە ئەينەن ئوخشايدىغان بۇنداق تىپلەر بار ئىدى. كېيىن رايون مەركىزىگە كېلىپ رايون تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاددىي مېھمانخانىغا كىرسەم، مەن بار ياتاقتا ھېلىقىلارمۇ تۇراتتى. . . . . .

كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلار ئۈرۈمچىدە ۋە كورلىدا قاسساپچىلىق قىلىدىغان تىجارەتچىلەر ئىكەن. داۋاملىق دېگۈدەك بۇ يەردىن قوي، كالا ۋە قوتاز ئالىدىكەن. ئۇلار بۇ يەردىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنىڭ يېقىنلىقىدىنمۇ بەكرەك مۇئامىلىسىنىڭ قىزغىن ۋە تىجارەتتە مەرتلىكىدىن خۇرسەن ئىكەن.

كېيىنكى تەكشۈرۈشلىرىمىزدە، سېرىق ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنىڭ كۆپلەپ كېلىشكە باشلىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ باشقا مىللەت تىجارەتچىلىرىدىن بەكرەك ئۇيغۇرلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، بەزى سېرىق ئۇيغۇرلار، ھېچ بولمىغاندا بىر قانچە ئېغىز ئۆز تىلىدا گەپلىشىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى، ھەتتا ئۇلاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى سوراپ ئۆگىنىۋالالايدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىشتى.

**جەدۋەل 7 . سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەگرىتاغ ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئېلىم-بېرىم قىلىش ياكى ئۇلارغا ئائىت دۇكان-ماگىزىنلاردىن سودا قىلىشقا قارىتا كۆز قارىشى**

| مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن ئېلىم-سېتىم قىلىش | تەكرارلىنىش نىسبىتى | پىرسەنتى (%) |
|---|---|---|
| خالايمەن | 312 | 94, 5 |
| خالىمايمەن | 18 | 5, 5 |
| جەمئىي | 330 | 100, 0 |

سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدە تۇرغىنىمىزدا، خېلى كۆپ سانلىقىنىڭ ئۆيىدە تەگرىتاغ ئۇيغۇرلىرىغا ئائىت نەرسىلەرنىڭ (مەسىلەن، پىچاق، دوپپا) بارلىقىنى كۆردۇق. ئائىلە رىئىسلىرىدىن ئۇيغۇرلارغا ئائىت دۇكان، ماگىزىن ياكى ئۇلار تەرىپىدىن سېتىلىدىغان نەرسىلەرنى ئالىدىغان-ئالمايدىغانلىقىنى سورىدۇق. بېرىلگەن جاۋابلارغا قارىغاندا 94.5% ى خالايدىغانلىقىنى، 5.5%ى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

2005.2

يۇقىرىدىكى سىبىرىق ئۇيغۇر رايونىدا ئېلىپ بارغان ساھە تەكشۈرۈش تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرگەن بىرىنچى قول ماتېرىياللىرىمىزغا قارىغاندا، سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتاغ ئۇيغۇرلىرىغا قارىتا ناھايىتى مۇسبەت ۋە ئىللىق بىر تۇيغۇ ھەم تۇتۇم ئىچىدە ئىكەنلىكلىرىنى كۆردۇق.

بۇ خىل يېقىنلىق تۇيغۇسى ۋە تۇتۇم ھېسساتلىرىنى يەرشارىلىشىۋاتقان دۇنيا، خۇسۇسەن جۇڭگو مىقياسىدىكى رايون خاراكتېرلىك كىچىك «شارلىشىش»نىڭ سىبىرىق ئۇيغۇرلاردەك سان جەھەتتىن ناھايىتى ئاز، كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن يەككە ئارال كۆرۈنۈشىدە قالغان مىللەت ـ جەمئىيەت مەنسۇپلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ياراتقان «يالغۇزلۇق» ياكى «ئەسلىي يېقىنلىرى» يېنىدا بولۇش ئارمانلىرىدىنمۇ ئىزدەش كېرەك.

ئىزاھات:

① تۇتۇم: (Attitude) ھازىرقى زامان پسىخولوگىيىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاتالغۇسى بولۇش بىلەن بىرلىكتە جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر تەھلىل قىلىنغاندا ئىشلىتىلىدىغان مۇھىم ئاتالغۇلارنىڭ بىرىدۇر. تۇتۇم: شەخسنىڭ مۇئەييەن نەرسىلەرگە ۋە مۇئەييەن ئەھۋاللارغا قارىتا مۇئامىلىسىنى بەلگىلەيدىغان ۋە ئاكتىپ تەسىر قىلىدىغان، قولغا كەلتۈرۈلگەن تەجرىبىلەر بىلەن شەكىللەنگەن، ھېسسىي ۋە زېھنىي بىر ئىستىدات (ـ تۇغما ياكى كېيىن شەكىللەنگەن قابىلىيەت) ياكى مەيلدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تۇتۇم بىر كىشىگە ۋە گورۇپپىغا، بىر نەرسىگە ياكى نەرسىلەر گۇرۇپپىسىغا قارىتا كۆرسىتىلگەن مۇئامىلە (تاۋىر) ۋە ھەرىكەتلەردە، قىلىقلاردا ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان (كۆپىنچە) ئۆگىنىلگەن بىر قابىلىيەت بولۇپ، ئادەتتە كىشىلەرنىڭ ئىنكاسلىرىغا تەسىر قىلىدۇ.

② ساھە تەتقىقاتى: (غەرب تىللىرىدا ئادەتتە Survey دەپ ئاتالغان بۇ ئاتالغۇ خەنزۇ تىلىدا ئادەتتە 实地研究 ياكى 实地调查 شەكلىدە ئېلىنغان). سوتسىئولوگىيىدىكى تەتقىقاتتا ناھايىتى مۇھىم بولغان، بىرىنچى قول ماتېرىيالنى تەكشۈرۈپ توپلاش مېتودى بولۇپ، ئادەتتە تەتقىقات ئوبيېكتى ھەرقانداق بىر يەردىكى مۇئەييەن بىر رايون ياكى مۇئەييەن بىر گورۇپ بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ خىل تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ ئىچىگە چۆكۈش، ئىنچىكىلەش، كۆزىتىش، ئالدىن ھازىرلانغان ئورتاق سوئاللارنى (ئانكېتىلەرنى) سوراش شەكلىدە ئىجرا قىلىنىدۇ.

③ كۆزلەم (Observation): ئىجتىمائىي پەنلەردە خۇسۇسەن جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئانتروپولوگىيىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان بىر ئاتالغۇ. كۆزلەم، ئەڭ كەڭ مەنىسى بىلەن، بىر بىلگۇ توپلاش جەريانىدۇر. كۆزلەم، پەقەتلا كۆز بىلەن ئەمەس، پۈتۈن تۇيغۇ ئورگانلىرى بىلەن قىلىنىدۇ. تۇيغۇ ئورگانلىرى يېتەرسىز قالغاندا ئۇلارنىڭ كۈچىنى ۋە تۇيارلىقىنى ئاشۇرىدىغان كۆزلەم ۋاستىلىرىنىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، مىكروسكوپ، تېلېسكوپ... دەك. كۆزلەم قىلىنىدىغان ھادىسىلەر ئۆزلۈكىدىن شەكىللەنگەندەكلا (بىر بايرام مۇراسىمى، توي ـ تۆكۈن...)، سۈنئىي بىر شەكىلدىمۇ تەرتىپلەش مۇمكىن (تەجرىبىخانىدا، خالىغان بىر نەرسە ھەققىدە تەجرىبە قىلىش). كۆزلەم جەريانىنىڭ ئىككى ئاساسىي خۇسۇسىيىتى بار. بىرىنچىسى، كۆزلەملەنگەن ھادىسىلەرنىڭ ئىدراك قىلىنىشى. ئىككىنچىسى، ئىزاھلىنىشتۇر. ئىزاھىنىڭ تەرەپسىز بىر شەكىلدە قىلىنىشى (ئوبيېكتىپ كۆزلەم) بىلىمنىڭ ئەقەللىي تەلىپىدۇر.

پۈتۈن بىلىملەر كۆزلەم تەتقىقاتىغا، ئىشقا باشلايدۇ ۋە تەتقىقاتنىڭ ئاخىرىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنىڭ ئىناۋەتلىكلىكىنى سىناش ئۈچۈنمۇ يەنە كۆزلەمگە مۇراجەت قىلىدۇ. بۇ سەۋەبلىك كۆزلەم، بىلىملەر ئۈچۈن ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان بىر مېتوتتۇر.

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# ئەرەب ۋە پارس تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى قوچو ئۇيغۇر دۆلىتى (9 ـ 10 ـ ئەسىر)

گېلڭ شىمىن

ئۇيغۇر (uighur) بىلەن ئوغۇز (oghuz) لار قەدىمكى ئىككى تۈرك قەبىلىسى، ئۇلارنىڭ تارىخى يىراق قەدىمكى دەۋردىن تارتىپ مىلادىيە 9 ـ ئەسىرگىچە پارسلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. لېكىن 9 ـ ئەسىردىن كېيىن ئۇلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان. ئوغۇزلار موڭغۇل يايلىقىدىن بۆگۈنكى تۈركمەن رايونى ھەمدە يىراقتا ئىران، كىچىك ئاسىيا، ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ باردى. ئۇلار كۆچكەن ھەرقايسى باسقۇچلاردا بولۇپمۇ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىر مەزگىلىدە ئەسلىدىكى ئۇۋچىلىق تۇرمۇش ئۇسۇلىنى مەھكەم ساقلاپ كەلگەن. لېكىن ئەتراپىتىكى باشقا رايونلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، يېرىم فېئودالىق ئولتۇراق (مىللەت) ھالەتكە تەرەققىي قىلغان. ئەمما بۇ خىل مۇھىت ئۆز ئەنئەنىسىنى مەھكەم ساقلاپ كېلىۋاتقان ئوغۇزلارغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەن. گەرچە ئۇلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە، دېھقانچىلىق، ئۈزۈمچىلىك، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئوغۇزلار مەيلى ئۆرپ ـ ئادەت ياكى روھىي ھالەت، ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتلەردە يەنىلا چارۋىچى خەلق. بۇ نۇقتا 15 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ئەزەربەيجاندا يېزىلغان ئوغۇز تارىخى «داداقورقۇت» (kitabi Dede Qorqut) ناملىق كىتابتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى بۇنداق ئەمەس. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى باشقا تۈركىي خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئولتۇراق دېھقانچىلىق تۇرمۇش كەچۈرگەن ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەردىن بۇرۇن شامان دىنىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىلىپ، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، كېيىن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇلار كەشىپ قىلغان يېزىقمۇ باشقا تۈركىي مىللەتلەردىن بۇرۇن بولۇپ، جۇڭگو ۋە ماۋرا ئۇننەھر( ـ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئامۇ دەريا ۋە سىر دەريا ئارىلىقىدىكى رايون) ئارىلىقىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتى سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى مىللەتكە ئايلاندى.

9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە، ئۇيغۇرلار موڭغۇلىيىنىڭ سېلىنگا (selenga) ۋە ئورقۇن (orkhon) دەريا بويلىرىدىن تۈركۈملەپ تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى ئۈرۈمچى، قۇمۇل، تۇرپان ۋە كۇچا ئارىلىقىدىكى جايلارغا كۆچۈپ كىرگەن. بۇ يەردە بىز ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تارىخىنى بايان قىلىشنى ئويلاشمىدۇق، چۈنكى بۇ مەزكۇر ماقالىنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس. لېكىن بۇ يەردە ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىكى بەزى بىر قىسىم ھەقىقىي تارىخىي كىتابلارنى ئەسلەپ ئۆتۈش زۆرۈر. مىلادىيە 758 ـ يىلى ئۇيغۇرلار خاككاسلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىنى يوقاتتى. بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇرلار كۆچىيىپ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ئىدى. بۇ بىر يىلدا ئۇيغۇر ئەلچىلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن شەھىرىدە ئەرەب ئەلچىلىرى بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىۋاتاتتى». ئۇيغۇر ئەلچىلىرىنىڭ بۇ ئىشى تولىمۇ جۈرئەتلىك ھەرىكەت ئىدى. چۈنكى، بۇ 751 ـ يىلىدىكى ئەرەب قوشۇنلىرى تالاستا تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، يەتتە يىلدىن كېيىنكى ۋاقىت ئىدى. «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى» غا ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 762 ـ يىلى ئۇيغۇرلار

2005.2

تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ، ئۆگدىلۈك ـ سۈيگۈن توپىلىڭىنى تىنجىتقاندا، مانى دىنىنى قوبۇل قىلغان. بۇ دىنىنى سۇرىيەلىكلەر (بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسىم سودىگەرلەر) ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، جۇڭگوغا تارقالغان. مانى دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ سۇرىيە يېزىقىمۇ تارقىلىشقا باشلىغان. چۈنكى ئەرەب مۇئەللىپلىرىنىڭ يېزىشىچە، مانى دىنى دەستۇرلىرى كۆپرەك سۇرىيە تىلىدا يېزىلغان. ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن قوبۇل قىلغان.

خاككاسلار ئۆزلىرىنىڭ بويسۇندۇرۇلغانلىقىدىن خاتىرجەم بولالمىغاچقا، ئۆزلىرىنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، ۋاقتى كەلگەندە قايتىدىن مۇستەقىل بولۇشنى ئويلاپ يۈرەتتى. مىلادىيە 839 ـ يىلى ئۇلار ئاخىرى ئۇيغۇر خانلىقىغا قاتتىق زەربە بېرىپ خاننى ئۆلتۈرۈپ، خانلىق مەركىزىنى ۋەيران قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر يېرىم ئەسىر مەۋجۇت بولغان ئۇيغۇر خانلىقى يوقالدى. ئۇيغۇرلار غەربىي جەنۇبقا قاراپ كۆچۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم بىر بۆلىكى تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى بەشبالىق، تۇرپان ۋە كۇچا قاتارلىق رايونلارغىمۇ يېتىپ بارغان. بۇ قېتىمقى كۆچۈش ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلار تارىختا پارلاق، شانلىق بىر دەۋرنى باشلىدى. شۇنداق قىلىپ 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، يۇقىرىدا ئېيتقاندەك تەڭرىتاغ ئەتراپىدا يېرىم كۆچمەن چارۋىچى پادىشاھلىق دۆلەت شەكىللەندى. بىز ئۇنى ئادەتتە شەرتلىك ھالدا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەپ ئاتايمىز.

ئەرەب ۋە پارس تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە خاراكتېرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇلار ئىشلەتكەن مىللەت نامى ئېنىق بولمىغانلىقتىن، بۇ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشتا قىيىنلىق تۇغدۇردى. بىز ئالدى بىلەن مۇنداق ئىسىملارغا قاراپ باقايلى:

TGZ·R/ TGZ, Z بۇنى قانداق ئوقۇش كېرەك؟ بۇ توققۇزغۇر (يەنى توققۇز ئۇيغۇر [Toguz uygur]) ياكى توققۇز غۇز Toguzguz (يەنى توققۇز ئوغۇز Toguz oguz) دەپ ئوقۇلىدۇ. بۇ مەسىلىلەر رۇسىيىلىك رادلوفقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىنتايىن ئاسان ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەسىلە بولۇپ، ئۇ بۇ ئىسىمنى بىۋاسىتە توققۇز ئۇيغۇر Toguz Uygur دەپ ئوقۇغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر داڭلىق ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخچىسى بارتولد بۇ نامغا باشقىچە بىر خىل قاراشتا بولغان. بۇ جەھەتتە ئۇ بىر ئۇزۇن تونۇش باسقۇچىنى يەنى توققۇز ئۇيغۇر [Toguz Uygur] دىن توققۇز غۇز [Toguz guz] غىچە بولغان باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇ دەسلەپكى ئەسىرى «موڭغۇللار دەۋرىدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا خرىستىئان دىنى» دېگەن كىتابىدا، بۇ نامنى توققۇز ئۇيغۇر [Toguz Uygur] دەپ ئوقۇغان. گەرچە شۇ چاغدىكى گوللاندىيىلىك ئەرەبشۇناس نوئېلدېك (Noeldek) نىڭ ئىزاھاتى ئۇنى تەۋرىنىشكە قويغان بولسىمۇ، نوئېلدېك 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىقى مەزگىللىرىدە ياكى ئۇيغۇر تىلى (قەدىمكى ئوتتۇر دەۋر پارس تىلى) دا يېزىلغان ھۆججەتلەردە ئېنىق قىلىپ پازېند (Pazend) دېگەن ھەرپنى توققۇز غۇز «Toguz guz» دەپ يېزىپ ئىشلەتكەن، دەيدۇ. بارتولدنىڭ كېيىنكى ئەسىرى (ۋاقىت جەھەتتىن ئېيتقاندا دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەسەرگە تەۋە) يەنى «1893 ـ 1894 ـ يىلىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە ئۇ، بۇ سۆزنى توققۇز ئوغۇز «Toguz oguz» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ بۇ خىل ئاتاش ئۇسۇلىنى شەرھىلىشىگە يۇقىرىدا ئېيتقاندەك نوئېلدېكنىڭ ئىزاھاتىلا ئەمەس، توققۇز ئوغۇز «Toguz oguz» دېگەن بۇ نامنىڭ بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن بايقالغان، پۈتۈن دۇنيا ئىلىم ساھەسىنى زىلزىلىگە

سالغان ئورقۇن (orkhon) قەدىمكى تۈرك ئابى-
دىلىرىگە ئويۇلغانلىقىمۇ سەۋەب بولغان. ئۇ
ۋاپات بولۇشتىن سەل ئىلگىرى، بارتولد يەنى
ئەلڭ دەسلەپكى ئاتاش ئۇسۇلىغا قايتقىلى تاس
قالغان. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن تۆت يىل بۇرۇن
يازغان «قىرغىزلار» دېگەن كىتابىدا مۇنداق
يازغان. «11 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن قەشقەرلىك
مەھمۇد كاشغەرى بولسا ئەرەب تىلى مۇئەللىپ-
لىرى ئىچىدىكى بىردىنبىر شەخس بولۇپ،
ئەنئەنىۋىي يازمىلارغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى ئۇ
شەخسەن ئۆزى بۇ رايوننى چۈشىنىشىگە ئاساسەن
يېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇ توققۇزغوز [Toguz
guz] دەپ يازماستىن، بەلكى ئۇيغۇر دەپ يازغان.
ئۇيغۇرلار بىلەن ئوغۇزلار موڭغۇللار بىلەن كۆ-
رەش قىلغان چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا
ئوغۇزلار تەركىبى قوشۇلۇپ كەتكەن. ئەگەر ئە-
رەبلەر پەقەت ئۇيغۇرلار تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي
قىسىم رايونلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن چاغدىلا ئا-
دىن ئۇلارنى بىلگەن دېيىلسە، ئۇنداقتا ئەرەب-
لەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ھۆججەت ۋەسىقىلىرىدە
، ئۇيغۇر (Uygur) دېگەن بۇ ئىسىم بولۇشى،
ئەكسىچە ئوغۇز «toguguz» دېگەن نام بولماس-
لىقى كېرەك ⑦. ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرى
ئىچىدە قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغا يېتىپ بارغان-
لاردىن ئىبنو خورداد بەگ (Ibn khordadbekh)،
كوداما (kudama)، ئەل ـ مەسئۇد (al-
Masudi)، ئەل ئىدرىس (al Idrisi)، مەرۋازى
(Marwazi)، ياقۇت (yakut) قاتارلىقلار بار.
پارس ھۆججەتلىرى ئىچىدە نامى ئېنىق بولمى-
غان مۇئەللىپىنىڭ «ھودۇدۇل ئالەم» دېگەن ئە-
سىرى بىلەن گەردىزىنىڭ ئەسىرى بار. كې-
يىنكى مۇئەللىپ گەرچە 11 ـ ئەسىرلەردە ياشى-
غان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماتېرىياللىرى
ئەلڭ دەسلەپكى ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا،
تۈرك مىللەتلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىنىڭ ھەم-
مىسى جەيھانلىق (Jeikhani) جۇغراپىيىگە دائىر
ئەسىرى «دۇنيا قۇرۇقلۇقىنىڭ كىچىكلىتىلى-
شى» دېگەن كىتابى بىلەن ئىبنى خورداد بەگ-
نىڭ ئەسىرىدىن ئېلىنغان. روشەنكى، قوچو
ئۇيغۇر خانلىقىغا ئائىت بۇ ماتېرىياللارنىڭ كۆپ
قىسمى 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىقى مەزگىلىگە
تەۋە. ئەرەب تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى ئۇي-
غۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەلڭ بالدۇرقى بايانلار
ياقۇتنىڭ جۇغراپىيە ئىلمىي لۇغىتىدە ئۇچراي-
دۇ. بۇنى تامىم ئىبن بەكر ئالمۇتاۋىي (Tomim
ibn Bakhr al- mattawwii) تەمىنلىگەن. بۇ
ئادەم ئۇيغۇرلار تۇرپان رايونىدا ھاكىمىيەت قۇ-
رۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى
يېرىمىدا بەتتەسۇ رايونى ئارقىلىق قوچو پادى-
شاھلىقىغا يېتىپ بارغان. تامىمنىڭ بايانىغا
ئاساسلانغاندا، ئۇ «قاغان بەرگەن تۇلپار بىلەن
بارغان». ئۇ ئالدىراپ كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ
، بىر كېچىدە ئۈچ قۇدۇق يولنى بېسىپ بولغان،
دەسلەپكى 20 كۈندە يايلاق بىلەن ماڭىدۇ. بۇ
يەردە يېزا ـ كەنت ۋە شەھەر ـ قىشلاقلارمۇ يوق،
لېكىن سۇيى بار بولۇپ، سۇ مەنبەسى ئەتراپىدا
كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر ئولتۇراقلاشقان.
كېيىنكى 20 كۈندە ئۇ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى
مول رايونىدىن ئۆتكەن. بۇ يەرلەردە نۇرغۇن يېزا،
كەنت ۋە شەھەر ـ بازارلار بولۇپ، كۆپ قىسىم
ئاھالىلار ئاتەش دىنى ۋە مانى دىنىغا ئېتىقاد
قىلىدىكەن. تامىم يەنە پۇختا سېلىنغان خان
ئوردىسىنىمۇ كۆرگەن. خان ئوردىسىنىڭ ئەت-
راپىدا ئاۋات كەنت (rustaki) ۋە زىچ يېزىلار بار
ئىكەن. شەھەردە 12 تۆمۈر قوۋۇق بولۇپ، ئۇلا-
رنىڭ ئىچىدە يەرلىك خەلقلەر كۆپ ئىكەن، نا-
ھايىتى زىچ ئولتۇراقلاشقان. يەنە نۇرغۇنلىغان
بازارلىرىدا ماللار كۆپ ئىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپ
قىسمى مانى مۇخلىسلىرى ئىكەن، (zindiki)
تامىمنىڭ ھېسابلىشىچە، بۇ شەھەردىن جۇڭ-
گوغىچە 300 پەرساخ مۇساپە ئىكەن. ئۇنىڭ دې-
يىشىچە، ئۇ شەھەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى شۇ
يەردىكى پادىشاھنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان ئوردى-
سىغا دىققەت قىلغان بولۇپ، ئوردىنىڭ ئۈستىدە
900 نەپەر ئەسكەر ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ-

كەن. خورداد بەگنىڭ ماتېرىياللىرى بىلەن تامىمنىڭ بايانلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، شۇنى بايقايمىزكى، گەرچە ئالدىنقىسىدا نۇرغۇن يېڭى ماتېرىيال بولسىمۇ، لېكىن بۇ ماتېرىياللار ئېنىقكى بىۋاستە كېيىنكىسىدىن كەلگەن. خورداد بەگنىڭ ئۇيغۇر (Toguzguz) قاغانىنىڭ ئاستانىسىغا بېرىشتىكى يول لىنىيىسى نۇشجان (奴失建 — قىرغىزستان) دىن باشلانغان. بۇ تەخمىنەن ئۈچ ئايلىق مۇساپە بولۇپ، نۇرغۇن يېزا - كەنت ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنى بويلاپ ئۆتكەن، ئۇ يەردىكى ئاھالىلەر تۈركلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتەش دىنىغا ۋە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ پادىشاھى 12 تۆمۈر قوۋۇقلۇق بار شەھەردە تۇرىدۇ. شەھەردىكى ئاھالىلەرمۇ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار پادىشاھىنىڭ ئوردىسى ئالتۇندىن ياسالغان، ئۈستىدە 900 ئادەم مۇھاپىزەت قىلىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، خورداد بەگ بىلەن تامىم ئىككىيلەننىڭ ماتېرىيالىنىڭ پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، يول لىنىيىسى نۇشجاندىن باشلانغان ۋە ئۈچ ئاي سەپەر قىلغان. بۇنىڭغا نىسبەتەن ھەرگىز گاڭگىراپ قالماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى تامىم كېچە - كۈندۈز يول يۈرگەن، ئۇلار ئىككىسىلا ئۇيغۇرلار ئاستانىسىنىڭ نامىنى تىلغا ئالمىغان.

10 - ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسى كۇداما تامىمنىڭ خاتىرىسىنى يەنە قايتا زىكرى قىلدى. ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى يول لىنىيىسى خورداد بەگنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، يەنىلا نۇشجاندىن ئۇيغۇرلار ئاستانىسىغا قاراپ يولغا چىققان. ئۇنىڭ سەپىرىنىڭ بايانى پۈتۈنلەي تامىم بىلەن بىردەك، يولغا سەرپ قىلغان ۋاقتى 45 كۈن بولۇپ، 20 كۈن يايلاقتا، 25 كۈن يېزىدا، كەنتلەردە ئۆتكەن. ئۇيغۇر پادىشاھىنىڭ ئاستانىسى كۆل بويىدا بولۇپ، ئەتراپىدا يېزا - كەنت ۋە تېرىلغۇ يەرلەر بار.

بۇنىڭ ئىچىدە بەزى تولۇقلىما ماتېرىياللار بولسىمۇ، ھەممىسى تامىمنىڭ بايانى بىلەن ئوخشاش. كۇدامامۇ ئۇيغۇرلار ئاستانىسىنىڭ نامىنى تىلغا ئالمىغان. بىز تۇنجى قېتىم ئىسمى نامەلۇم مۇئەللىپنىڭ پارس يېزىقىدىكى ئەسىرى «ھودۇدۇل ئالەم» دىن ئىنتايىن قىزىقارلىق ئىسىمنى يەنى chinanchket (جىنانچكەند) نى كۆرۈۋالايمىز. ئېنىقكى، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋاڭ يەندېنىڭ كۆرسەتكىنىمۇ دەل مۇشۇ شەھەر. ئۇنىڭ بىلەن كۇدامامۇ ئوخشاشلا كۆللەرنى تىلغا ئالغان. يەنى ۋاڭ يەندېنى قارشى ئالغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بىلەن ئارسلانخاننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىر كېمىگە ئولتۇرۇپ ساياھەت قىلغان. ئۇ بۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولغان. كۆلنىڭ ئەتراپىدا يەنە سازچىلار ساز چېلىۋاتاتتى دەيدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى ۋاڭ يەندې ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاستانىسىنىڭ نامىنى تىلغا ئالمىغان. گەردىزىنىڭ كىتابىدا «چىنانچەكەند» دېگەن نامنى تىلغا ئالغان. لېكىن ئۇ ئاستانىنىڭ نامىنى ئېيتمىغان. بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا شەھەرلىرى بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئالغان، گەردىزى باشقا بىر شەھەر ئازال Azal ئارالAral نى پايتەخت دەپ ئاتىغان. ئەينى چاغدا گەردىزى ئۆزىنىڭ ئۆكىسىدىن ھوقۇق تالىشىپ پادىشاھلىق ئورنىنى قولغا كەلتۈرگەن ئۇيغۇر قاغانى كۆل تېكىن (kur – tegin) نىڭ ھېكايىسىنى تىلغا ئالغاندا، بۇ نامنى ئوتتۇرىغا قويغان. گەردىزىنىڭ باشقىچە بىر بايانىغا قارىغاندا، ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ پايتەختى كۆل بويىدا ئىكەن. ئەينى چاغدا قاغان سۇدىن قىرغاقتا چىققان ۋاقىتتا ئاتلارمۇ ئوردىدىن ئېلىپ چىقىلغان. گەردىزىنىڭ تەسۋىرلەپ بېرىشىچە، ئۇيغۇر قاغانلىرى تۇرىدىغان ئوردىغا گىلەم سېلىنغان، ئۆينىڭ سىرتىغا مۇسۇلمانچە رەخ يېپىلغان. گىلەمنىڭ ئۈستىگە يەنە جۇڭگودا توقۇلغانغا ئوخشاش يىپەك دۇردۇن سېلىنغان. گەردىزىنىڭ بايانىدا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، چېدىردا تۇرىدىغان ئادەتتىكى ئۇيغۇرلار چارۋىچىلاردۇر.

گەرچە گەردىزى 11 ـ ئەسىردە ياشىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بولغان ئىشلارنى خاتىرىلىگەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار كەڭ كۆلەمدە دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا كىرمىگەن. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇيغۇر قاغانلىرى مانى دىنىدىكى دىناۋىر مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىكەن. يەنە ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شەھەردىمۇ خىرىستىئان مۇرتلىرىمۇ، ئىككى مەنبەچىلەرمۇ، بۇددا دىنى مۇرتلىرىمۇ بار ئىكەن. ئۇيغۇر ئاھالىلىرىدىن كۆپىنچىسى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە «ئوردا چوڭ دەرۋازىسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا ھەر كۈنى 3 ـ 4 يۈز دەنەۋەر دىنىي مەزھەپتىكىلەر يىغىلىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا مانى دەستۇرلىرىنى ئوقۇيدىكەن. ئاندىن پادىشاھقا ھۆرمەت بىلدۈرىدىكەن. تۈگىگەندىن كېيىن تارقىلىپ كېتىدىكەن. مەسئۇدمۇ قوچو پادىشاھلىقىنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. گەردىزىنىڭ كىتابىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاقىدار بايانلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئۈچىسىغا جۇڭگوچە تاۋار ـ دۇردۇنلاردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىدىكەن. ئادەتتىكى كىشىلەر يىپەكتىن ياكى پاختىدىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىدىكەن. كىيىملەر ناھايىتى كەڭ بولۇپ، پۈتۈن بەدەننى يېپىپ تۇرىدىكەن، يېڭى كەڭ، ئېتىكى ئۇزۇن بولىدىكەن [22]، بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدىكى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى قوچو ئۇيغۇر ئاھالىلىرىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ خىل تەسىر ھەتتا ئادەتتىكى كۆچمەن چارۋىچىلارغىمۇ يېتىپ بارغان. ئۇيغۇر پادىشاھى توغرىسىدا ئۇ يەنە «ئالتۇن بەلباغ باغلاپ، بېشىغا پادىشاھلىق تاجىسىنى كىيىپ، ئېگىزدە تۆردە ئولتۇرىدىكەن. ئەتراپىدا مىڭدەك ئەسكەرلەر قوللىرىدا ئۇزۇن نەيزە تۇتۇپ تۇرىدىكەن»، دېگەن.

12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يازغۇچى مەرۋازى ئۇيغۇر قاغانىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىنى تىلغا ئالغان. ئۇ «ئۇلارنىڭ قاغانىنىڭ ئىسمى توققۇز قاغان بولۇپ، مىڭغا يېقىن قوغدىغۇچى چاكىرى ۋە 400 دەك كېنىزىكى بار. قوغدىغۇچىلىرى بىر كۈندە ئۈچ ۋاق غىزالىنىدۇ، غىزادىن كېيىن شاراپ ئىچىدىكەن. . . » [23] دەپ يازغان.

گەردىزى قوچو پادىشاھلىقىدىكى ئادەتتىكى ئاھالىلەرنى تەسۋىرلەپ يازغاندا «ئاھالىلەر ھەممىسى بىلىگە بەلباغ باغلاپ پىچاق ياكى كىچىك خەنجەر، ھەتتا لازىملىق نەرسىلەرنى ئېسىۋالىدىكەن» دەپ يازغان. ئومۇمەن رۇسىيىدىكى ئېرمىتاژ بىرلىن موزېيىدىكى كۆرگەزمىگە قويۇلغان، تۇرپان ياكى قاراشەھەر، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن كېسىۋېلىنغان تام رەسىملەردىكى كىشىلەرنى كۆرگەندە، ھەممەيلەن بۇ تام رەسىملەردىكى تەسۋىرلەرنىڭ چاكارلارنىڭ ئوبرازى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ.

گەردىزى كىتابىدا قوچو ئۇيغۇر پادىشاھلىقىنىڭ ئەدلىيە جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىنىمۇ تىلغا ئالغان. بۇنىڭدا جۇڭگونىڭ ئىچكىرى جايلىرىدىكى ئەدلىيەنىڭ ئۇيغۇر كۆچمەن ئاھالىلىرىنىڭ ئەدلىيە قائىدىلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ [24].

قوچو پادىشاھلىقىنىڭ ھاۋا كىلىماتىنى تىلغا ئالغاندا، گەردىزى: «ئۇ يەردە يازدا تومۇز ئىسسىق، قىشتا قاتتىق سوغۇق بولىدىكەن. . . » دېگەن. «ھودۇدول ئالەم»دە مۇئەللىپ ئۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازغان: «يازدا قاتتىق ئىسسىق بولۇپ كۆيدۈرىدۇ، قىش كۈنلىرى ئادەمگە ياقاتتى. «ياقىماق» (khosh) بۇ سۆزنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ سوغۇقمۇ ياكى ئىللىقمۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. بۇنىڭدا ھەر بىر ئادەمنىڭ ھېسسىياتىغا تايىنىش كېرەك. گەردىزى يەنى «قوچو پادىشاھلىقىدا 22 يېزا ـ بازار بارلىقى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنلىرى بولسا بېنچۇل، پېنچۇل (Benchul/ penchul)، كۇچا (kcha)، ئازال / ئارال Azal / AraL/]، سېكىت siket, Makshimignasur چىنانچىكەند (chinanchket) قاتارلىقلار. سەل ئالدىدا بىر جايدا ئۇ يەنە پەنجىكەتنى تىلغا ئالغان. بۇ (بەشبالىق Bishbaliq «بەش شەھەر» دېگەن مە-

نىگە يېقىن.
«ھودۇدۇل ئالەم» دېگەن كىتابتا، يەنە
تېخىمۇ كۆپ يېزا ـ بازارلارنىڭ نامى تىلغا
ئېلىنغان. مەسىلەن، چىنانچىكەنت chi
nanchket بۇ پادىشاھلىقنىڭ پايتەختى
(kasaba). ئۇيغۇر پادىشاھىنىڭ تۇرار جايى.
شەھەر ئەتراپىدا T. fqan دەپ ئاتىلىدىغان تاغ
بولۇپ، تاغ كەينىدە بەش شەھەر ـ بازار بار. يەنى
: گۇزار (Guzar) جەملىكەنت (J. M. iket)، پەن-
جىكەنت (pianjikent)، بارلۇغ (Barlug)، جام-
غار Jamgar ئۇيغۇر پادىشاھى يازدا پەنجى-
كەنت Piaanjiket تە تۇرىدۇ كىمىسىگا
(جىمسار) k. msigiya بولسا ئىككى تاغ ئارىسى-
دىكى بازارنىڭ ئىسمى. سىكەنت s. tket بولسا
ئانچە چوڭ بولمىغان ئۈچ كەنتى بار يېزا قاتارلىقلار.
(قاراشەھەرنى كۆرسىتىدۇ) Ark khu
landgun دەرياسىغا يېقىن جايغا جايلاشقان
شەھەرچە بولۇپ، بۇ يەردە نۇرغۇن مېۋە ـ چىۋە
بار. ئەمما ئۈزۈم يوق. Ark قا تەۋە يەتتە كەنت
بولۇپ، شەھەرگە تۇتاشقان رايونلار بولۇپ، پۈ-
تۈن شەھەرنىڭ 2000 نوپۇسى بار. kararkhum
قاقاسلىقتىكى بىر يېزا بولۇپ، بۇ يەرنىڭ تىلغا
ئالغۇدەك يېرىمۇ يوق، ئەمما نوپۇسى كۆپ.
ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمان ۋەسىقىلىرىدە
تىلغا ئېلىنغان يەر ناملىرى بىلەن باشقا ھۆج-
جەت ـ ۋەسىقىلەردە خاتىرىلەنگەن ناملارنى سې-
لىشتۇرۇپ ئۇنىڭ ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا
بولىدۇ. بۇ قوچو پادىشاھلىقىنىڭ تارىخىنى
تەتقىق قىلىشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپە.
ئىلگىرىكى ئارخېئولوگلار، ساياھەتچىلەر بۇ
رايونغا، شۇنىڭدەك بۇ جايدىكى خارابە ـ ئىزلارغا
قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ جەھەتتە
ماكارتنى (Marquart)، مىنورسكىي
(minorsky) ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا
كەلتۈرگەن. شۇنداق دەپ ئېنىق ئېيتىشقا بو-
لىدۇكى «چىنانجىكەند» (chinanchket) ئۇيغۇر
پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى. ئۇ باشقا شەھەرلەر-
نىڭ ئورنىغا قارىغاندا قولايلىق تەرەپلىرى كۆپ.
چۈنكى 10 ـ، 11 ـ ئەسىرلەردە ئۆتكەن ئەل بې-
رونى (al – Bironi) ئۆزىنىڭ جۇغراپىيە ئىل-
مى بويىچە داڭلىق ئەسىرى ئەلقانۇن ئەل مەس-
ئۇد «al – kanun. al – masudi» دا بىۋاسىتە
Chinanchke نى قوچو دەپ كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر

قاغانلىرىنىڭ تۇرار جايىدۇر دېگەن. ھازىر بۇ
جاي ئىدىقۇت شەھىرى (Idiqut shari) نىڭ خا-
رابىسىدۇر. «ھودۇدۇل ئالەم» دە تىلغا ئېلىنغان
«چىنانچىكەند» بىلەن Tafqan تېغى ئايرىپ
تۇرغان تاغ شەرقىي قىسىم (بۆلەك) تەگرىتې-
غىدۇر. پەنجىكەنت (بەش شەھەر) مۇئەللىپنىڭ
قارىشىچە قوچو قاغانلىرىنىڭ يازلىق تۇرار جايى
بولۇپ، ئورنىنى بېكىتىش ئاسان. چۈنكى ئوت-
تۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى كىشىلەر بۇ جاي-
نىڭ بەشبالىق دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى.
بۇ ئۇيغۇرچە نام بولۇپ، «بەش شەھەر» دېگەن
مەنىدە. دەل ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تىلىدىكى
پەنجىكەنت Pianjiket نىڭ مەنىسى «بەش شەھەر
» بىلەن ئوخشاش. بۇ خارابە ئىزىغا قارىتا دەس-
لەپ 1908 ـ يىلى B. V. Dolbezhev تەكشۈرۈش
ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتى «-
رۇسىيە ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ
شەرقشۇناسلىق شۆبە جەمئىيىتى ماقالىلەر
توپلىمى» دا، «بەشبالىق خارابىسىنى تەكشۈ-
رۈش» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ
دېيىشىچە مەزكۇر شەھەرنىڭ خارابىسى قەدىمكى
شەھەر جىمسار (كىمسىگىيا) نىڭ يېقىن ئەت-
راپىدا ئىكەن. قوچو پادىشاھلىقى چېگرىسى
ئىچىدىكى باشقا شەھەر، يېزىلارنىڭ ئورنى
توغرىسىدا مىنورسكىي «ھودۇدۇل ئالەم» دې-
گەن كىتابتىكى ئىزاھلاردىن پايدىلانغان. ئەپ-
سۇسلىنارلىقى، ئەرەب ـ پارس ماتېرىياللىرىدا
9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر قاغانلىرى
توغرىسىدىكى ماتېرىياللار كەمچىل. بولۇپمۇ
ئۇلارنىڭ ئىسمىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان، بۇ جە-
ھەتتە بىزنى تەمىنلىگەن خەنزۇچە ھۆججەتلەرمۇ
ئانچە كۆپ ئەمەس.
(بۇ ماقالىنىڭ كېيىنكى يېرىم قىسمى،
خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغان «-
سۇڭ تارىخى»، «لياۋ تارىخى» قاتارلىق غەرب
ئالىملىرىنىڭ ماقالىلىرىدىن تەرجىمە قىلىن-
غان قوچو پادىشاھلىقى توغرىسىدىكى بايانلار
بولۇپ، پايدىلىنىش قىممىتى يوق بولغاچقا
ئىزاھى بىلەن قوشۇپ قىسقارتىلدى.

تەرجىمان: زۇلپىيە مۇھەممەت
پەرىدە سەئىدى
تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم



2005.2

# قوچو ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا نەزەر

گۇ پېڭلياڭ

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى تۇرپاندىن ئورغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ھۆججەتلەر ۋە خارابە ئىزلىرىنىڭ تېپىلىشى بىلەن دۇنياغا تونۇلدى. مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭمۇ كۆپىنچىسى مۇشۇ تېما ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە. خەلقئارادا داڭقى بار گېرمانىيىلىك ئالىم ئاننېمارىيە فون گابائىن تۈزگەن «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى» (بۇ كىتابنى زۇ رۇشەن تەرجىمە قىلغان، تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن 1989 - يىلى باستۇرۇلغان. تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى» دەپ ئاتىلىدۇ) ناملىق كىتاب دەل مۇشۇ تېمىنىڭ مۇھىم نەتىجىسى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تۇرپاننىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردىن تاللانمىغا ئىزاھ» (لى جىڭۋېي تەرجىمە قىلىپ ئىزاھات بەرگەن بۇ كىتاب، تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ھۆججەتلەردىن تاللانما» دەپ ئېلىنىدى) ناملىق كىتابمۇ مۇشۇ تېمىغا قوشۇلغان يېڭى تۆھپە ھېسابلىنىدۇ.

تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ئىچىدە دىنىي دەستۇرلار، ئەدەبىي ئەسەرلەر، پالناملار، تېببىي رېتسېپلار، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر بار. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ پەقەت ئاز بىر قىسمى مەملىكەت ئىچىدە بولۇپ، كۆپ قىسمى چەتئەللەردە تارقىلىپ يۈرمەكتە. بۇ ھۆججەتلەر ھەققىدە ئېلان قىلىنغان تەتقىقات ماقالىلىرى چەتئەللەردىكى مەتبۇئات ۋە كىتابلاردا ساقلانماقتا. يولداش لى جىڭۋېي كۆپ يىل تىرىشىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىشلارغا دائىر قەدىمكى ھۆججەتلەرنى يىغىپ، مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا رەتلەش، رەتكە تۇرغۇزۇش، تەرجىمە قىلىش، ئىزاھلاش ئارقىلىق «ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردىن تاللانما» تۈزۈپ چىقتى.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ ھۆججەتلەردىن تاللانمىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول بولۇپ، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئاساسلىق ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇ توپلامنى كۆرگەن كىشى خۇددى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ دېرىزىسى ئۆزىگە قاراپ ئېچىلىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالىدۇ. تۆۋەندە مەن ئاساسلىقى مۇشۇ «تاللانما» ۋە «تۇرمۇشى»دا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن ۋە بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

① قوچو رايونى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپلا يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىمۇ بۇ يەردە يەنىلا يېزا ئىگىلىكى ئاساس قىلىنغان. ۋاڭ يەندېنىڭ ئېيتىشىچە، قوچو دىيارىدا «دانلىق زىرائەتلەر مول ئىكەن»، يەنە «پاختا ۋە گۈللۈك رەختلەرمۇ بار ئىكەن» ①. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا پاختا رەختلەر بولغان ②. بۇ شۇ مەزگىلدە ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنلا بۇ يەردە پاختا بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. قوچو رايونىدا پاختا چىقىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى خاتىرىلەر جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە كۆرۈلىدۇ. «لياڭنامە»دە قوچو دىيارىدا «كۆپ ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بار، ئۇنىڭ غوزىسىدىن ئايپاق تالا چىقىدۇ، ئۇ پاختا دەپ ئاتىلىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن رەخت توقۇيدۇ» ③ دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە»دە قوچودا «كېۋەز دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بار، ئۇنىڭدىن چىققان پاختا بىلەن رەخت توقۇشقا بولىدۇ» ④ دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قوچو رايونىدا پاختا ئىشلەپچىقىرىش تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن، ئىچكى ئۆلكىلەردىن نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دەۋر (ئاساسلىقى موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرى) گە كەلگەندىمۇ ئەھۋال يەنىلا شۇنداق. «قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى»غا ئاساسلانغاندا، قوچو ئۇيغۇرلىرى يەردە ئۆستۈرىدىغان پاختىنىڭ ئۆسۈملۈكىنى كېپەز(kapaz)، ئىگىرىلمىگەن پاختىنى

2005·2

باتاتۇر (batatu) ياكى بىتاتۇر (bitatu)، يىرىك پاختىنى تىز (taz)، يۇمشاق پاختىنى يۇمشاق (yumšaq) دەپ ئاتىغان ⑤؛ بۇ خىل ئايرىش ئۇسۇلى قوچو ئۇيغۇرلىرى كېۋەزنى كۆپ تېرىغانلىقى، پاختا كۆپ چىققانلىقى، پىششىقلاش جەريانىنىڭ ناھايىتى ئىنچىكە ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «ھۆججەتلەردىن تاللانما»غا كىرگۈزۈلگەن 108 پارچە ھۆججەتنىڭ 18 پارچىسىدە يىرىك توقۇلغان پاختا رەخت ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەر، تەكلىك سېتىۋېلىش، مال ئارىيەت ئېلىش، ئېشەك، پاختا، مال ئىجارىگە ئېلىش، ئولپان تاپشۇرۇش، ئادەم ئىشلىتىشكە ئائىت مەزمۇنلار بار. «قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى»دا يەنە قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ پاختىنى مەلۇم ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكتە، مەلۇم سۈپەت بەلگىسىنى بېسىپ تايلىيدىغانلىقى ئېيتىلغان. بىر قانچە يەردە يەنە قەشقەر ۋە يىراقتىكى ئۇدۇن پاختىسىنىڭ سۈپىتى تىلغا ئېلىنغان. بىر پارچە ھۆججەتتە «قەشقەرنىڭ بەلگىسى بېسىلغان 23 تاي پاختا لۈكچۈن تەرەپتە سېتىلدى» ⑥ دەپ يېزىلغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى پاختا ۋە پاختا بۇيۇملىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكى، تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شىنجاڭدا خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئۈزۈم ئۆستۈرۈلگەن، قوچودا تېخىمۇ بۇرۇنقى زامانلاردىلا ئۆستۈرۈلگەن. ئىلگىرىكىنى دېمىگەندىمۇ، قوچو ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدە قوچودا ئۈزۈم ئۆستۈرۈش تېخىمۇ راۋاج تاپتى. چيۇ چۈجى: «تەڭرىتاغنىڭ ئالدى تەرىپىگە 300 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە قوچو دېگەن جاي بار، ئۇ يەر ناھايىتى ئىسسىق، ئۈزۈم كۆپ چىقىدۇ» ⑦ دېگەن. «ھۆججەتلەردىن تاللانما»غا كىرگۈزۈلگەن ھۆججەتلەردە ئۈزۈمگە ياكى تەكلىككە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەزمۇنلاردىن 13 پارچە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەكلىكنى ئىجارىگە ئېلىپ كېۋەز تېرىشقا، تەكلىكنى ئىجارىگە ئېلىشقا، تەكلىكنى ئېلىپ سېتىشقا، تەكلىكنى گۆرۈگە قويۇشقا دائىر ھۆججەتلەر بار. تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى، «ھۆججەتلەردىن تتاللانما»غا كىرگۈزۈلگەن 3 — 15 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتلەردە «قوچودا تايسالڭ (taysang) دەپ ئاتىلىدىغان تەكلىك شەھەرچىسى بار» دېيىلگەن. بۇ ئەينى ۋاقىتتا قوچو دىيارىدا ئۈزۈم كۆچىتىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئۆستۈرۈلىدىغانلىقىنى، كەسپلىشىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى»دا ئۈزۈمنى مېۋە سۈپىتىدە يېگىلى ۋە ئۇنىڭدىن مەيزاب ئېچىتقىلى بولىدىغانلىقى، بۇ خىل مەيزاب bor دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان. ئۈزۈم مەيزابى بۇ يەردە ناھايىتى مۇھىم باج ئېلىنىدىغان تاۋار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۈزۈمدىن يەنە مېۋە ھارىقى سۈچۈك (süqük) ۋە سىركە بورسىركە (borsirka) ئىشلىنىدۇ.

قوچو دىيارىدا كۇنجۇت ئۆستۈرۈلىدۇ، مېنىڭ بىلىشىمچە بۇ ئىش باشقا ھۆججەتلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن. كۇنجۇت دېگەن بۇ نام پارسچىدىن كەلگەن بولۇپ، تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا كۇنجۇت پامىرنىڭ غەربىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كۆپ ئۆستۈرۈلگەن ⑧. بىراق پاكىستلار ئېلىمىزدىمۇ خېلى بۇرۇنلا كۇنجۇت ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. 5000 يىل ئىلگىرىلا ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى خەلقلەر كۇنجۇت ئىشلىتىشنى بىلگەن ۋە ئۇزۇندىن بۇيان كۇنجۇت يېغىنى كۆيدۈرۈپ كۆلگە ئايلاندۇرۇپ ئېسىل سىياھلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن ⑨. «دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى»دا «شىئىلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش تەزكىرىسى»دىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلگەن. «گۆشىنى كاۋاپ قىلغاندا كۇنجۇت سۈركىمەك كېرەك، شۇنداق قىلغاندا گۆشنىڭ يېغى ئېقىپ كەتمەيدۇ». ئەمما، ئىچكى ئۆلكىلەردە كۆپ ھاللاردا كۇنجۇت بىلەن زىغىرنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. «ھۆججەتلەردىن تاللانما»غا كۇنجۇتكە دائىر ھۆججەتتىن تۆت پارچە كىرگۈزۈلگەن، بۇ قوچو ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا كۇنجۇت دائىملىق زىرائەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

باشقا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن قوناق (qonaq)، yürtياكى tukiyür ögü، ئارپا، بۇغداي، گۈرۈچ، پۇرچاقلار بار. ئارپا بۇ يەردە دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق زىرائەتتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئارپىدىن ياسالغان يېمەكلىكنى تۇتۇرقان (tuturqan) دەپ، قورۇلغان ئارپا ئۇنىنى تالغان (talqan) دەپ ئاتىغان ⑩. غەلىتە يېرى شۇكى، «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا تۇرپاندا «گۈرۈچ چىقمايدۇ» دېيىلگەن. بۇ يەردە تۇرپاندا يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە گۈرۈچ چىقاتتى، كېيىن يوقاپ كەتتى دېمەكچىمۇ ياكى خاتا خاتىرىلەنگەنمۇ؟

بۇ يەردە ئۈزۈمدىن باشقا مېۋىلەردىن يەنە ئۆرۈك، سېرىق ئۆرۈك، تۈكلۈك ئۆرۈك، شاپتۇل، قاپاق ۋە قوغۇن (قاغۇن) لارمۇ ئۆستۈرۈلگەن. قوغۇنلارنىڭ ئىچىدە

سوقۇچاق، يۇمىلاقلىرى بار ئىدى. ئۇلار quɤ un (قوغۇن)، ياۋا ئەتىرگۈل ئىت بۇرۇن، ياغاچ قوز، ياغاچ دەرىخى ياغاچ دەپ ئاتالغان، ئۇلاردىن باشقا بۇ يەردە يەنە نەشپۈتمۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى رەسىملەردە نەشپۈت يوپۇرمىقىمۇ سىزىلغان. ھەسەلمۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ يەردىن تېپىلغان ھۆججەتتە «ھەسەل مىر (m i r)» دېگەن سۆز بار. بۇ يەردە يەنە باغۋەنچىلىك، گۈلچىلىك كەسىپلىرىمۇ بولغان، بۇ يەردىكى كىشىلەر كۆتاتلىقنى قاۋلالىق qawlqliɤ، گۈللۈكنى چېچەكلىك Čäčäklik دەپ ئاتىغان(11).

ئۈجمە ۋە ئۈجمە كۆچىتى ئۆستۈرۈپ پىلە بېقىش تېخنىكىسىنىڭ ئىچكىرىدىن قوچو دىيارىغا قاچان كىرگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق تارىخىي پاكىت يوق، ئەمما چوقۇم 5 ـ ئەسىردىن بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان 63TaM 1: 116 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە:

1. جيەنچۇ 14 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، يەنفۇيۈەن كەندىن

2. يۇڭ ئەديال قىممىتىدە ئۈچ دېتەر پىلە غوزىسى ئالدى (كەينى قىسمى كەمتۈك).

يەنە شۇ قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان 63TaM 1: 24 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە:

(ئالدىنقى قىسمى كەمتۈك)

1. ياڭ تيەنمىن ليۇ يۈدىن تۆت خو پىلە غوزىسى ئېلىپ، 13 سەر يىپەك تارتتى.

2. □□ پىلە غوزىسىدىن 11 خو ئېلىپ، ئىككى جىڭ ئۈچ يىگىرمە سەر يىپەك تارتتى،

بۇنىڭ نەرقى يەننىڭ ئوغلى ئىلگىرى سېتىۋالغان كىگىزنىڭ باھاسىدا

يەنە شۇ قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان TaM 1: 17 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە:

1. تورقۇدىن يەتتە جىڭ...

2. خام يىپەكتىن بىر جىڭ، سولۇلاي يىپەكتىن 10 سەر...

3. دېتەر بېگى كۆزدىن كەچۈرگەيلا

4. 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ليۇ پۈرىن

جيەنچۇ شىمالىي لياڭ سۇلالىسىنىڭ يىلنامىسى ئىدى، جيەنچۇنىڭ 13 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىمالىي لياڭ سۇلالىسىنىڭ يىلنامىسى جياشىڭغا ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، قوچو يىراق بولغاچقا خەۋەر كېچىكىپ يېتىپ كەلگەن. شۇڭا، يۇقىرىقى ھۆججەتتە جيەنچۇنىڭ 14 ـ يىلى دېگەن ئىبارە ئۇچرايدۇ. بۇ مىلادىيە 418 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ (12). بۇ ھۆججەتلەردىكى پىلە ئۈجمىسى، يىپەك، مەشۇت دېگەن سۆزلەر ئەينى ۋاقىتتا قوچو دىيارىدا جۇجەم ئۆستۈرۈش، پىلە بېقىش، يىپەك ئىگىرىش پائالىيەتلىرىنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. «ۋېينامە»، «جۇنامە»، «سۈينامە»لەردىمۇ قوچو «پىلە بېقىشقا باب ئىدى» دېيىلگەن (13). «ھۆججەتلەردىن تاللانما» ۋە «قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى»دىمۇ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۈجمە ئۆستۈرۈپ پىلە باققانلىقىغا دائىر خاتىرىلەر بار. ئۇلار ئۈجمە كۆچىتىنى بەزىدە جۇجۇم سۆگۈت (cusum sögut)، يەنە بەزىدە تورقۇ (torqu) دەپ ئاتىغان؛ تاۋار (tawar) سۆزى بەزىدە مال ـ مۈلۈك مەنىسىدە كەلسە، يەنە بەزىدە تاۋار رەخت مەنىسىدە كەلگەن. بەزىلەر يىپەك (yipaq) سۆزى يىپەكنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. بىرلىق ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا پىلە بېقىپ يىپەك ئىشلەش تېخنىكىسى ئانچە تەرەققىي قىلمىغاندەك تۇرىدۇ. چۈنكى ھۆججەتلەردە بۇ ھەقتىكى بايانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. ئەزەلدىنلا شۇنداقمۇ ياكى شۇ چاغلاردا ئارقىدا قالغانمۇ؟ دېگەن مەسىلىنى يەنىمۇ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

قوچو ئۇيغۇرلىرى يەرنى يېر ـ yir ئەدىز (adiz)، ئېتىزنى قىر (qira)، تېرىقچىلىقنى تەرىن (tarin)، يەر ئاغدۇرۇشنى كۆم (köm)، زىرائەتلەرنى تېرىغ (tariɤ)، ئېكىنزارلىق يەنى ئېتىزلىقلارنى ئەكىن (akin)، خامانىنى (örkün) دەپ ئاتىغان. سۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى، قوچودەك ئىسسىق، يامغۇر ئاز ياغىدىغان جايدا تېخىمۇ شۇنداق. قوچونىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالى يەنى كۆي خانلىقى دەۋرى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوچو ئايمىقى ۋاقتىدىكى ئەھۋالىنى تۇرپاندىن تېپىلغان خەنزۇچە ھۆججەتلەرنى ئاغدۇرۇپ كۆرسەكلا بىلەلەيمىز. بەزىلەر تېپىلغان يازما يادىكارلىقلارغا ئاساسەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوچو ئايمىقىغا قارايدىغان قوچو ناھىيىسىنىڭ ئېرىقلىرى، ئېرىقلارنىڭ ئىشلىتىلىش، باشقۇرۇلۇش ئەھۋالىنى مەخسۇس بايان قىلغان (11). ۋاڭ يەندې مۇنداق دەيدۇ: قوچودا «سۇ بار ئىكەن، بۇ سۇ بۇغدا تېغىدىن كېلىدىكەن، قوچو دۆلىتىنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن شەھەرلىرى بار ئىكەن، قوچو خانلىقىنىڭ ئەتراپىتىكى يەرلەرگە سۇ باشلىنىپ ئېتىزلار سۇغىرىلىدىكەن، سۇ تۈگمەنلىرى بار ئىكەن» (15). «ھۆججەتلەردىن تاللانما»غا كىرگۈزۈلگەن 2 — 13 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت تۇرمىش تىگىنىنىڭ يەر ساتقان خېتى بولۇپ،

ئۇنىڭدا «بۇگۈندىن باشلاپ يەرگە، سۇۋغا، ئەۋگە، بارقتا » [بۇگۈندىن باشلاپ بۇ تەكلىك، يەر، سۇ ۋە ئۆي مۈلۈكلەر سېتىۋالغۇچىغا تەۋە] دېيىلگەن. 2—17 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە «ئالتىمقى ئۇلۇغ قاۋلالىقتا» [سۇ يولى ئالدىنقى كۆكتاتلىقتا تەۋە] دېيىلگەن. بۇ سۇ ۋە سۇ يوللىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سۇغىرىش ئېرىقى ئىكەنلىكى ئېنىق. 2—8 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت ئوسمىش توقالىنىڭ تەكلىكنى ساتقان خېتى بولۇپ، ئۇنىڭدا «تاغتىن يىڭاق بولات بۇقانىڭ ئۆگەن ئادىرلار» [بولات بۇقانىڭ ئېرىقى پاسىل بولىدۇ] دېيىلگەن. 2—10 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت ئوسمىش توغرىل بىلەن تۆگەلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەر سېتىش خېتى بولۇپ، ئۇنىڭدا «بۇ يەرنىڭ سىچىس ئۆڭتۈن يىڭاق باۋر، باچاق ئۇلارنىڭ ئۆگەن (ögän) ئادىرلار» [شەرقتە باۋر ـ باچاقلارنىڭ ئېرىقى پاسىل] دېيىلگەن. 2—9 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت سادانىڭ تەكلىكنى ساتقانلىقى ھەققىدىكى خەت بولۇپ، ئۇنىڭدا «كۈنتۈنى يىڭاق سىچىس ئۆگەن ئادىرلار(ögän)، كىدىن يىڭاق سىچىس ئۆگەن ئۆك ئادىرلار» [جەنۇبىمۇ ـ شىمالىمۇ ئېرىق پاسىل] دېيىلگەن. يەنە 4 ـ 14 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە ئۆتكەن ـ كەشكۈچىلەر، سۇۋچى «ئېرىق ـ ئۆستەڭ سۇلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى باشقۇرغۇچى (suwei)» دېگەن سۆزلەر بار. بۇلار ئەينى ۋاقىتتا قوچو دىيارىدا سۇچىلىق ئىشلىرىنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 1—10 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە بىنتوڭنىڭ ئۈزىنى ساتقانلىقى ھەققىدىكى تىلخەتكە گۇۋاھ بولغان ئىككى كىشىنىڭ ئىچىدە قۇدۇقچى (quduq- Ĉi) ئاسەن قىتاي ئىسىملىك بىرىيلەن بار. ئادەتتىكى قۇدۇقلارنى قېزىشقا مەخسۇس قۇدۇقچى ئىشلىتىلمەيدۇ، ئاددىي ئەمگەك كۈچى بولسىلا كۇپايە قىلىدۇ. قۇدۇقچى دېگەن بۇ نام كىشىگە تۇرپاننىڭ يېقىنقى دەۋردىكى قۇدۇقچىلىرىنى ئەسلىتىپ قويىدۇ، مانا بۇلار مەخسۇس قۇدۇقچىلاردۇر. قوچو دەۋرىدىكى قۇدۇقچى سۆزىمۇ كارىز قۇدۇقلىرىنى قازىدىغان قۇدۇقچىلارنى كۆرسىتەمدۇ؟ بۇ تېخى ئېنىقلانمىغان مەسىلە، ئاخىرقى يەكۈننى چىقىرىش تەس.

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا چارۋىچىلىق يەنىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. ۋاڭ يەندېنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بەشبالىققا كەلگەندە «(بەشبالىق) خانىنىڭ مول داستىرخان تەييارلاپ قويي، ئات گۆشلىرى بىلەن كۈتۈۋالغانلىقى، ئاتلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى، خان، خانىش، تېگىنلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا يىلقىسى بارلىقى، بۇ يىلقىلارنىڭ يايلاقتا بېقىلىدىغانلىقى، يىلقا بېقىلىدىغان جايلارنىڭ 100 چاقىرىمدىن ئاشىدىغانلىقى، يىلقىلار رەڭگىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن توپلارغا ئايرىلغانلىقى، سانىنى بىلگىلى بولمايدىغانلىقى»، ⑯ نى ئېيتقان. بۇلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەھۋال بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ماس كېلىدۇ. قوچو ئۇيغۇرلىرى ئاتلارنى يىلقا (yilqa)، ئاتلار توپىنى سۈرۈك (sürüg) دەپ ئاتىغان. بۇ يەردە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ھايۋان ئات بولۇپ، ئۇلار ئەركەك ئاتنى ئايغىر (ayrir)، بوغاز ئاتنى بوغۇزلۇغ ئات (buɤ uzluɤ at)، مىنىدىغان ئاتنى مۈگۈ ئات (mügüat)، سەپەردە مىنىدىغان ئاتنى يول ئېتى (yolati)، پوچتا ئېتى ياكى ئىشەنچلىك ئاتنى ئۇلاق (at ulaqi) ⑰ دەپ ئاتىغان. ئۇلاق سۆزى بەزىدە «ئۇلاغ» (ular) دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. بۇ سۆزلەر ھەممىدىن بۇرۇن خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا ئۇچرىغان. خۇيچاۋ قوچودىن ئايرىلغاندا قوچو خانى كۇ ۋېنتەي غەربىي تۈركلەرنىڭ تولۇق يابغۇ قاغانىغا خەت يېزىپ بەرگەن. خەتتە ئاچارىيا ئۆزىنىڭ ئىنىسى ئىكەنلىكىنى، براھمان بەگلىكىگە نوم ئالغىلى بارىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئۆزىگە قارىغان كۆزدە قارىشىنى، غەربتىكى ئەللەردىن تۇرالغۇ بېرىش ۋە ئات ئۇلاغ بېرىپ چېگرىدىن چىقىرىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈشنى ئېيتقان. خۇيچاڭ (ـ شۈەنزاڭ) قۇندۇز بەگلىكى (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىدىكى قۇندۇز ئۆلكىسى) گە يېتىپ كەلگەندە «ئاچارىيا براھمان دۆلىتىگە بېرىش ئۈچۈن، ئۇلاغ تەييارلاپ بەرگەن بولسىلا» دېگەن⑱. كېيىن ئۇ موڭغۇل، تىبەت، بېرمالارنىڭ زېمىنىغا بارغاندىمۇ چاپارمەنلەر (ئۇلاغلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) غا بۇ سۆزنى كۆپ قېتىم ئىشلەتكەن. قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاتلىرى ئۈچۈن مەخسۇس باج تەسىس قىلىنغان. مەسىلەن، 4—7 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

1. چوبا ياغمىش ئاتى بىش باقىر
2. ق. . . ي تۇغرىر ئاتى بىش باقىر
3. قىر چەچەك ئاتى بىش باقىر
4. باغمىش تان ئاتى بىش باقىر
5. بەگۈنچۈك ئاتى بىش باقىر
6. تەمىر ئاساغ ئاتى بىش باقىر
7. ئىرچۈك ئاتى بىش باقىر
8. ئىق پا ئاتى بىش باقىر

9 . بىرىپ چوڭ ئالزۇن

10 . قوپچىر (qopcer) قا

[1 . چوقا ياغمىشنىڭ ئىبتى ئۇچۇن بەش باقىر (baqir قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ پۇل بىرلىكى) تۆلەندى؛

2 . كې . . . . . . تۇغرىرنىڭ ئىبتى ئۇچۇن بەش باقىر تۆلەندى؛

3 . قىر چىچەكنىڭ ئىبتى ئۇچۇن بەش باقىر تۆلەندى؛

4 . ياغمىشنىڭ ئىبتى ئۇچۇن بەش باقىر بەش باقىر تۆلەندى؛

5 . يارگەنچۈكنىڭ ئىبتى ئۇچۇن بەش باقىر تۆلەندى ؛

6 . تۆمۈر ئاساقنىڭ ئىبتى ئۇچۇن بەش باقىر تۆلەندى؛

7 . ئىرچۈكنىڭ ئىبتى ئۇچۇن بەش باقىر تۆلەندى؛

8 . ئىرپانىڭ ئىبتى ئۇچۇن بەش باقىر تۆلەندى؛

9 ـ، 10 ـ قوپچىر بىجىغا پۇل تەييارلاڭلار! ]

قوچو دىيارىدا مىنىدىغان ھايۋانلاردىن يەنە تۆگە (tärä) ، ئېشەكلەر (äšäk) مۇ بار بولۇپ، كالىمۇ بۇ يەردە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئۆي (uy) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەركەك كالا بۇقا (buqa) ، چىشى كالا ئىنەك (ingäk) ، موزاي بۇزاۋ دەپ ئاتىلىدۇ. قوي (qoyn) بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم يېمەكلىك بولۇپ، ئۇلار ئەركەك قوينى قوچقار (qocqar) ، چىشى قوينى تۇغۇ قوي (tuɣ uqoyn) ، ساغلىق، بالىسىنى قوزا (qozi) ، ئۆچكىنى ئەچكۈ (äckü) ، ئەركەك ئۆچكىنى تېكە (täkä) ، چىشى ئۆچكىنى ساغلىق ئەچكۈ (sarliɣ äckü) ، ئۆچكىنىڭ بالىسىنى ئوغلاق (oɣ laq) ، يەيدىغان چارۋا ـ ماللارنى سايغۇ (sayru) دەپ ئاتايدۇ. بۇلاردىن باشقا ، يەنە ئىت، بۆرە ئىتى، ئوۋ ئوۋلاشقا ئىشلىتىلىدىغان قارىچۇغا ھەمدە توخۇ، غاز، ئۆردەك، دەدە، كەپتەر قاتارلىقلار بار. ئۇلار چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن سۈتنى سۈت (süt) ، قېتىقنى يوغۇرت ياكى يورغۇرت (yorɣ urt) ، قايماقنى ئىنەك يېغى (ingäk yaɣ i) ، ھايۋان تېرىسىنى تەرى (täri) ، كىگىزنى كىدىز (kidiz) ، توخۇ تۇخۇمىنى تاقىقۇ يۇمۇرتقا (taqiqu yumurtqa) دەپ ئاتىغان ⑭.

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆي سېلىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق سايمانلىرى، ئۆي جاھازلىرىنى ياساش، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ، ياراغ ، سازلارنى ياساش قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپى خېلى تەرەققىي قىلغان. تۆۋەندە 5 ـ 6 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان سايمانلىرىغا دائىر ئەھۋاللار بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتىمىز :

1 . تۇڭگۇز يىل تۆرتۈنچ ئاي مەن قاراچۇق ئاغىر ئىگلە مىش ـ تە ئوغلام

2 . [ ـ قا] قالمىش تاۋار ـ نى ئۆتەگلىپ قودتۇم. ئون ئۇلۇغ خو ـ ئاچان ( ؟ ) تۆشەگ

3 . [ئۇ] چ تۆرتكىل تۆشەگ. يىتى يۈرۈڭ تارتتا تۆشەگ. بىش بوز ـ ئاق

4 . [تا] رتا تۆشەگ. بىر تۆكلۈك تۆشەگى. بىر مانمۇر. بىر سىلىگ

5 . . . . ي قىدىغ كىيىمز. ئالتى ي ( ى) گ ( ى) ىرمى ياغاق ئاياق بىش ياغاق تەپسى

6 . [تـ] ۋرت يىغاچ تەپسى. ئىكى ياغاق كۆنەك. بىر بەدىر ـ لىگ سىر ـ ر

7 . كۆنەك. بىر تاغاق قابان. بىر يىغاچ قابان. بىر ياغاق

8 . [ئىر] كۈن. ئىكى سۆگۈت ئىركۈن (؟ ) . بىر سىر يانىياق ( ؟ ) . ئۇجىياغاق مۈن

9 . . . . ز ـ لۇق. ئىكى ياغاق قادىڭ. متى تەرەگ قادىڭ. بىر قۇرۇق سىر

10 . . . . گ. بىر چەچەن. ئىكى سىر قاشۇق. ئالتى كىشلىگ سىر چۆگى. سەكىز

11 . ئون كىشلىگ قىز ـ ىل چۆگى. بىر بەدىز ـ لىگ سۇتقۇ. ئۈچ ئۇيىر قاپلىغ

12 . پ. ئۈچ ئۇرۇر ( ؟ ) قاپلىغ ئىدىش

[1 . تۇڭگۇز يىلى 4 ـ ئايدا مەن ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ يېتىپ قالغىنىمدا ئوغلۇمغا

2 . قالدۇرۇلىدىغان نەرسىلەر دەپ تۆۋەندىكىچە ۋەسىيەت پۈتتۈم: چولڭ گۈللۈك كۆرپە ئون؛

3 . چاسا كۆرپە ئۈچ، ئاق تار كۆرپە يەتتە، كۈلرەڭ تار كۆرپە

4 . بەش؛ تۈۋىت كۆرپە بىر؛ سىپتا ئىشلەنگەن

5 . . . . گىرۋەكلىك كىگىز ، ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان 16 ھەجىر ، ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان بەش لەگەن؛

6 . تۈت ياغاچ تاۋاق ، ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان ئىككى چىلەك؛ بىر دانە گۈللۈك

7. سىر چىلىكى، ياغاق ياغىچىدىن ياسالغان بىر تاۋاق؛ بىر ياغاچ تاۋاق؛ ياغاق ياغىچىدىن ياسالغان بىر ئېركون. ئىككى سوگەت ئېركون. بىر سىر تاۋاق. . . (ئاخىرى ئېلىنمىدى]

دىققەت قىلىشقا تېرزىيدىغىنى سىر(sir) لىق قاچىلارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى. بۇ سىر ۋە سىرلىق قاچىلارنى يەرلىك كىشىلەر ياسىغان، چۈنكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىلا قوچو دىيارىدا «سىر ئىشلەپچىقىرىلغان» [20]. سىر دەرىخى ئەڭ بۇرۇن ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە ئۆستۈرۈلگەن، دەسلەپتە بامبۇك تارشىلارغا خەت يېزىشتىن باشلانغان، كېيىن تەدرىجىي سۇۋالغۇ سۇپىتىدە نەرسە - كېرەكلەرنى سىرلاشقا ئىشلىتىلىدىغان بولغان. ئىچكىرىنىڭ سىر دەرىخى قوچو دىيارىغا قاچان تارقالغانلىقى هازىرغىچە نامەلۇم.

قوچو قەدىمدىن تارتىپلا يىپەك يولىدىكى مۇهىم جاي بولۇپ، بۇ يەردە سودا - سېتىق ناهايىتى تەرەققىي قىلغان. ئۇيغۇرلار هاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن چوڭ تەرەققىياتلار بولمىغان بولسىمۇ، ئانچە ناچارلىشىپ كەتمىگەن. ئۇيغۇرچە هۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ئادەم (قۇل ياكى باشقىلار)، يەر ۋە باشقا بۇيۇملارنى ئېلىش - سېتىشتا يول قويۇلغان. 6—11 - نومۇرلۇق هۆججەتتە «ئېلىش - بېرىش» (ališ – birš) دەپ خاتىرىلەنگەن. سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، پۇل ياكى پۇل ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغان بۇيۇملارمۇ مەيدانغا كەلگەن، بۇ يەردە نۇقتىلىق هالدا مۇشۇ هەقتىكى مەزمۇنلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

6—8 - نومۇرلۇق هۆججەتتە: «بەش قاداق ئالتۇن ياستۇق (پۇل)» دېيىلگەن.

6—4 - نومۇرلۇق هۆججەتتە: «بىر قاداق ئالتۇن ياستۇق» دېيىلگەن.

1—6 - نومۇرلۇق هۆججەتتە: «ئالتامىش ئالتۇن» دېيىلگەن.

يۇقىرىقىلار ئالتۇننىڭ ئوبوروت قىلىنغانلىقىغا دائىر مىساللار؛ ئېھتىمال بۇ ئالتۇنلار مەلۇم شەكىل ياكى ئېغىرلىقتا قويۇلغان پۇل بولماستىن، بەلكى بىر پارچە ئالتۇن بولۇشى مۇمكىن. كۈمۈش پۇلنىڭ ئوبوروت قىلىنىشى ناهايىتى ئادىي بولغان، مەسىلەن، تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراپ باقايلى:

1—4 - نومۇرلۇق هۆججەتتە: «ئەللىك ساتىر يارماق كۈمۈش» دېيىلگەن.

1—5 - نومۇرلۇق هۆججەتتە: «يەتتى ئەللىك ساتىر يارماق كۈمۈش» دېيىلگەن.

1—7 - نومۇرلۇق هۆججەتتە: «يارىم ياستۇق كۈمۈش» دېيىلگەن.

3—1 - نومۇرلۇق هۆججەتتە: «ئالتى ساتىر كۈمۈش» ۋە «بىر يارىم باقىر كۈمۈش» دېيىلگەن.

3—2 - نومۇرلۇق هۆججەتتە: «ئۈچ ساتىر كۈمۈش» ۋە «بىر باقىر كۈمۈش» دېيىلگەن.

3—3 - نومۇرلۇق هۆججەتتە: «تۆرت ساتىر كۈمۈش» ۋە «بىر باقىر كۈمۈش» دېيىلگەن.

3—6 - نومۇرلۇق هۆججەتتە: «ئون ساتىر كۈمۈش» دېيىلگەن.

4—11 - نومۇرلۇق هۆججەتتە: «ئالتى ساتىر ئالتى باقىر كۈمۈش» دېيىلگەن.

بۇندىاق مىساللار ناهايىتى كۆپ. بۇ يەردە يەنە مىسال كەلتۈرۈپ ئولتۇرمايمەن. شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە قوچو خانلىقى تارتۇقىنى كۈمۈش تەڭگە بىلەن تۆلىگەن [21]. بۇنىڭدىن بۇ يەردە كۈمۈش تەڭگە ئىشلىتىشنىڭ ناهايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قوچو خانلىقىدا قەغەز پۇلمۇ ئىشلىتىلگەن، قەغەز پۇلنى يۈەن سۇلالىسى هۆكۈمىتى تارقاتقان، ئادەتتە پۇل دەپلا ئاتالغان، بۇ پۇللارنىڭ ئىچىدە جىيۈەن پۇلى، جۇڭتوڭ پۇلى دېگەنلەردەك پۇللارمۇ بار ئىدى. ئۇيغۇرچە هۆججەتلەردە «ئالتى يۈز ياستۇق چاۋ»، «يەگىرمى ياستۇق چۇڭتۇڭ باۋچاۋ (Cungtung paocao)» [22] دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. بۇ خىل قەغەز پۇل ئىلگىرى تۇرپاندا بايقالغان، بۇ پۇلنىڭ باش تەرىپىگە «ئورتاق قوللىنىلىدىغان جىيۈەن پۇلى» دېگەن خەتلەر، ئوتتۇرىسىغا «ئىككى مىڭ يارماق» دېگەن خەتلەر بېسىلغان [23]. جىيۈەننىڭ 17 - يىلى (1280) 3 - ئايدا يۈەن سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىدا ئاقچا - پۇل باشقۇرۇش مەھكىمىسى تەسىس قىلغان [24]. 20 - يىلى (1283) ئۇيغۇرلار رايونىدا جام - ئۆتەڭ ۋە ئاقچا - پۇل خەزىنىسى تەسىس قىلغان [25]. ئەينى ۋاقىتتا قوچو خانلىقى مەركىزىي هۆكۈمەت تارقاتقان پۇلنى ئىشلىتىپلا قالماي، يەنە ئۆزىمۇ پۇل تارقاتقان بولۇشى مۇمكىن.

2—13 - نومۇرلۇق هۆججەتتە:

1. . . . كە ماڭا تۇرمىش تېگىنكە تايتۇ

2. [ت] ا بوڭلاق - لىغ چاۋ ياستۇق كەرگەك بولۇپ

، قوچو تاقى قوچىلق ئاپام

3. بىرلەكى

[ مەنكى تۇرمۇش تېگىنىگە تايتۇ (taytu) پول كېرەك بولۇپ قالدى. قوچۇ(qocu) دېگەن قوچىڭ(qocing) دېگەن خەت شەكلىدە يېزىلغان دېيىلگەن. يەنە بىر خىل پۇل بەلكىم قەغەز پۇل بولۇشى مۇمكىن، مەسىلەن، «ئۈچ ساتىر تامغا كۆمۈش»، «يونت يىلقى تامغا كۆمۈش» دېگەندەك. بۇ بەلكى نەق كۆمۈشكە تېگىشلىك بولىدىغان قەغەز پۇل بولۇشى مۇمكىن[25]. پۇل بىرلىكى جەھەتتىمۇ مەخسۇس ئىسىملار بولغان. مەسىلەن، ياستۇق (yastuq) دېگەندەك، ياستۇق سۆزى ئىچكىرىنىڭ تىزىقىغا توغرا كېلىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ نام تىزىق، يەنى يامبۇ شەكلىنىڭ ياستۇققا ئوخشاپ كەتكەنلىكىگە قاراپ قويۇلغانمىش. ساتىر (sätir) بىلەن يارماق(yarmak) ئوخشاش، ئىنچىكە ئايرىپ، بىر ساتىر ياكى بىر يارماق تەخمىنەن ئىچكىرىدىكى بىر سەرگە توغرا كېلىدۇ. باقىر ساتىرنىڭ ئوندىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. ئىچكىرىدە بولسا ئوندىن بىر سەرگە، يەنى بىر مىسقالغا توغرا كېلىدۇ. بۇ بەزىدە يەنى مىس تەڭگىنى كۆرسىتىدۇ[26]. مېتال پۇل، قەغەز پۇللاردىن بۆز رەخت پۇل (qanpu) باشقا، يەنە پاختىمۇ ئوبوروت ۋاستىسى قىلىنغان، مەسىلەن، 1 — 1 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە، 150 «قالىن بۆز»غا بىر ئايالنى تېگىشكىلى بولىدىغانلىقى، 1 — 2 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە 100 «قالىن بۆز»غا بىر ئايال قۇلنى تېگىشكىلى بولىدىغانلىقى، 1 —3 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە 80 «قالىن بۆز»غا بىر كىچىك ئايال قۇلنى تېگىشكىلى بولىدىغانلىقى يېزىلغان. ئوبوروت ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بەزىدە يەنە بۆزگە ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلغان، مەسىلەن، 1— 3 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە «ئالتى سىڭار سۇلۇغ تامغالىغ سەكىز ئون بۆز»، 2—11 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە «لۈكچۈڭ كىدىنى ـ تە يورىر سۇئۇ ـ لۇغ تامغالىغ: ئۈچ ئوتۇز [يورىغ] بۆز»، 2—10 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە «لۈكچۈن كىدىنى يورىغ سۇئۇ ـ لۇغ تامغالىغ يۈز يىتمىش ئىككىلىگ يورىغ بۆز» دېگەندەك. قوچو دىيارىدا رەختنى پۇل ئورنىدا ئىشلىتىش ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. «لياڭنامە» دە قوچونىڭ پاختىسىدا توقۇلغان رەختنىڭ «رەڭگى ئاق، ھەم يۇمشاق، بازاردا سېتىلىدىكەن دېيىلگەن[27]. ۋاڭ يەندې ئىلگىرىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ياخشى ئات بىر توپ يىپەككە يارايدىغانلىقى

، ناچار ئات سويۇپ يېيىلىدىغانلىقى ياكى ئون چى يىپەككە يارايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىپ، پاختا رەختنىڭ سودىسى تىلغا ئېلىنمىغان، ئېھتىمال خاتىرىلەنمىگەن بولۇشى مۇمكىن[28]. يۇقىرىقى پۇل ئوبوروتى ۋە پۇل ئورنىدا ئوبوروت قىلىنغان بۇيۇملارنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىدىن قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

(2) قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، سىنىپ مۇناسىۋىتى، ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالار مۇناسىۋىتى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ھۆججەتلەردىن تاللانما»دا خېلى كۆپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئادەم سودىسى ھەققىدىكى تىلخەتلەردىن قوچو ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا قۇل بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار قۇللارنى قۇل (qul)، ئايال قۇللارنى كۈڭ (küng) دەپ ئاتايدۇ، قاراباش (qarabas) سۆزى بەزىدە ئايال قۇللارنى كۆرسەتسە، بەزىدە ئەر قۇللارنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلاردىن باشقا، يەنە تاپىچى (tapici) دەپ ئاتىلىدىغان مۇلازىملارمۇ بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشايدۇ. ئادەم سودىسى ھەققىدىكى تىلخەتلەردىن قارىغاندا سېتىلغان قۇللارمۇ، سېتىلغاندىن كېيىن قۇلغا ئايلانغانلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار سېتىۋېتىلگەندىن كېيىن سېتىۋالغۇچىغا «مەڭگۈ» تەۋە بولۇپ كېتەن، سېتىۋالغۇچى «تاپلاسار ئۆزى تۇتۇزۇن، تاپلاماسار ئادىن كىشىكە ئۆتكۈزۈ ساتىزۇن»؛ قۇللار سېتىۋېتىلگەندىن كېيىن ساتقۇچى قايتۇرۇۋالماقچى بولسا، سېتىۋالغۇچىغا ئەسلىدىكىگە ئوخشاش ئادەمدىن ئىككىنى تېپىپ بېرىشكە توغرا كەلگەن. ئەمما، بىنتۇڭنىڭ ئۆزىنى ساتقانلىقى ۋە سېتىۋالغانلىق ھەققىدىكى تىلخەتتىن قارىغاندا، بەزى قۇللارنىڭ ئورنى ئۇنچىۋالا تۆۋەن ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بىنتۇڭ سېتىۋېتىلگەندىن كېيىن سېتىۋالغۇچىنىڭ ئايالى ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىغا ياردەملىشىپ ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرغان، شۇڭا سېتىۋالغۇچى:

11. ئۆلسەر شىنىكىڭ شىنىن باشلاپ ئوغلان ـ لارىم بىلەن ئەۋىم ـ نى تۇتۇپ ئايتىشىپ

12. كەڭەشىپ يورىزۇن ـ لار. ئوغلان ـ لارىم بىلەن سىغىشۇ ياراشۇ ئۇماسار. بىنتۇڭ ئەۋىم ـ تەكى

13. نەگۈ ـ كە كىم ـ كە ساتىلماتىن ئۆز بودى ئۆرۈ تاغ ـ قا قودى قۇمقا باسار تۆرت بولى

14. بوش بوزۇن

[ئەگەر كېيىن بىز ئۆلۈپ كەتسەك شىن كىلىڭ، شىن ئېن باشلامچىلىقىدىكى ئوغۇللىرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئائىلىمىزنىڭ ئىشلىرىنى بىرلىكتە باشقۇرسۇن، ئەگەر ئۇ ئوغۇللىرىم بىلەن چىقىشالمىسا ئۇنى ئائىلىمىزدىكى ھېچ كىشىگە ساتماي ھۆرلۈككە چىقىرىڭلار] دېپ ۋەسىيەت قالدۇرغان. ئەينى ۋاقىتتا قۇللارنى ھۆرلۈككە چىقىرىشقا يول قويۇلغان، بىراق ھۆرلۈك بەرگۈچى مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولۇشى، ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ئالدىنقى شەرت قىلىنغان. بىنتۇڭ ئىسىملىك قۇلنىڭ ئۆز خوجايىنى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانلىقى ھەققىدىكى ھۆججەتتە ئېيتىلىشىچە، خوجايىنى ئۇنى تايپى (官民) دېگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۇنى قويۇپ بېرىش ھوقۇقى بارلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىڭغا ھۆرلۈك گۇۋاھنامىسى بەرگەن. كېيىن بۇ گۇۋاھنامىگە مىڭبېشى ئىمزا قويغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولغان. ئەڭ قىزىقارلىقى تۆۋەندىكى 1—8 - نومۇرلۇق ھۆججەتتۇر.

1. بارس يىل توقۇز - ئۈنچ ئاي ئالتى ئوتۇز - قا
2. بىز ئوتۇز - تۆڭ با... لتۇر ئائىلىغ تەمىرچى
3. قاراباش تويىن چوق - لۇڭ ئا... بىلىغ
4. [ئات]بىلىغ ئەبچى قاراباش بۆز - چى بۇ ئىكەگۇ
5. بەگەر - لەر - ىڭە ئايتماتىن ئەر ئەبچى
6. بۇلمىش - لار كىمن مەن تويىن چوڭ
7. ئوتۇز بىلگە ئەشىنىپ ئادرماتىن
8. تويىن چوق - نۇڭ ئەبچى قاراباش - نىڭ
9. بىرتىن تويىن چوق ئوق ئالىر - مەن
10. مەن ئوتۇز - نۇڭ تەمىرچى قاراباش - نىڭ
11. بىرتىن مەن ئوتۇز ئوق ئالىر - مەن: مەن
12. ئوتۇز قۇلۇم - نۇڭ ىنگۇ ئىرسەر بار
13. تىپ تويىن چوق - قا ئەبچى - كە چام قىلماز
14. مەن: مەن تويىن چوق مىنىڭ كۆڭ - نۇڭ نەگۇ
15. ئەسىر بارتىپ ئوتۇز - قا قۇلغا
16. چام قىلماز مەن

[1. يولۋاس يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى

2. بىزنىڭ ئوتۇزنىڭ ئىسمى... ئىچىدىكى ئوتۇزى تۆمۈرچى

3. نىڭ ئەر قۇلى (ۋە) دورىن چوقىنىڭ ئا... يلىق

4. ئىسىملىك رەخت توقۇيدىغان ئايال قۇلى بىلەن

5. خوجايىنىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي توي قىلىۋالغان

6. كېيىنچە مەن (دورىن چوقا)

7. ۋە ئوتۇز بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇلارنى ئايرىۋېتەلمەي

8. (مۇنداق كېلىشتۇق): دورىن چوقىنىڭ ئايال قۇلى تاپشۇرغان

9. ئەمگەك ھاسىلاتى دورىن چوقىغا تەئەللۇق بولىدۇ.

10. مەن ئوتۇزنىڭ تۆمۈرچى ئەر قۇلى تاپشۇرغان

11. ئەمگەك تاپاۋىتى مەن ئوتۇزغا تەئەللۇق بولىدۇ

12. مەن ئوتۇز ئەر قۇلۇمنى مەيلى قانداق ئىشقا بۇيرىسام

13. دورىن ۋە (ئۇنىڭ) ئايال قۇلى قارشى چىقماسلىقى كېرەك؛

14. مەن (دورىن) ئايال قۇلۇمنى مەيلى قانداق ئىشقا بۇيرىسام

15. ئوتۇز (ۋە ئۇنىڭ) ئەر قۇلى

16. (قارشى چىقماسلىقى كېرەك)........

(ئاخىرى ئېلىنمىدى)

ئەينى ۋاقىتتا قۇللارنىڭ توي قىلىشىغا يول قويۇلغان، گەرچە خوجايىنىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشقا توغرا كەلسىمۇ، ئۆز ئالدىغا توي قىلىۋالغانلار چوقۇم ئاجرىشىپ كېتىشى ناتايىن. بۇنىڭدا پەقەت بىرلا نۇقتا ئېنىقكى، ئۇ بولسىمۇ قۇللار توي قىلغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئۆز خوجايىنىنىڭ قۇلى ھېسابلىناتتى، تاپاۋىتى يەنىلا خوجايىنلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشەتتى. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ ئىككىسىلا قۇل، يەنە كېلىپ ئىككىسىلا ھۈنەرۋەن، بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا قۇللار بىلەن ھۈنەرۋەنلەر گىرەلەشمە مۇناسىۋەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۈنەرۋەنچىلىكى ھەققىدە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قوچو دىيارىدا قانچە خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپى بولسا شۇنچە خىل ھۈنەرۋەن بولغان. قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ھۈنەرلەرنىڭ ئىچىدە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆمۈرچى، توقۇمىچىلاردىن باشقا، يەنە قورۇلۇشچى، ياغاچچىسى (iɤ acci)، تامچى - سۇۋاقچى (ھۆججەتتە «تىتىگچى» (titigci) دېيىلگەن) بار ئىدى ⑪. تىلغا ئېلىپ ئۆ-

تۇشكە ئەرزىيدىغىنى ، ئادەم ياللاشقا ئائىت تىلخەتنىڭ تېپىلغانلىقىدا. بۇ تىلخەتنىڭ نومۇرى 6—10 بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1. توققۇز يىلى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى
2. مەنكى ئۇسە پاختا لازىم بولۇپ قىلىپ سابىن،
3. سادىن تۆت ئادەمنى ئارىيەتكە ئېلىپ كېۋىز تېرىدۇق،
4. باش كۆز پەسلىدە ئۇلار يەتتە تەڭ تىرىپ بولۇشى كېرەك،
5. ئىش تۈگەشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى مەن بېرىمەن، ئىشىم تۈگىگەندە ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى
6. مەن بىراقلا بېرىمەن. مۇبادا مەن ئارقىغا سۈرەپ بەرمىسەم، ئەل ئىچى قائىدىسى بويىچە
7. ئۇسۇمى بىلەن قوشۇپ تۆلەيمەن. بۇ ئىشقا گۇۋاھچى بولغۇچى: پۇت قايا
8. . . . . . . . . گۇۋاھچى بولغۇچى: سالى قۇتلۇق قايا
9. . . . . . . بۇ نىشان تامغا مەن ئۇسەنىڭ
10. بۇ تىلخەتنى مەن تۇلۇق ئۇكە ھاۋالە بويىچە پۈتتۈم.

بۇ خىل ئادەم ياللاش ھەققىدىكى تىلخەت ئۇيغۇرلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشتىن بۇرۇنلا قوچودىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەۋجۇت ئىدى. تۆۋەندە ئىككى خەنزۇچە ھۆججەتتىن مىسال كەلتۈرىمەن . ئۇلارنىڭ بىرى 64Tam 15: 29/ 1نومۇرلۇق ھۆججەت ⑪:

1. . . . 3 ـ كۈنى كاڭ باۋچيەن ليۇ جىخەينى ياللاپ . . .
2. يەتتە يارماق كۈمۈش پۇل، بىر يۈز تۆت كۈرە ئاشلىق ھېسابىدا
3. . . . ئىككى يارماق كۈمۈش پۇل، بەش يارماق پۇلنى تەييارلاپ. . . كەلگەن.
4. ليۇ جىخەينى ياللىۋالدى. ئىككى خوجايىن. . .

(ئاخىرى كەمتۈك )

بۇ ھۆججەتتە يىل ئەسكەرتىلمىگەن، بۇ ھۆججەت «قوچو يەنشوننىڭ 14 ـ يىلى (637 ـ يىلى) كاڭ باۋچيەننىڭ باغ سېتىۋېلىشى » ناملىق ھۆججەت بىلەن ئوخشاش بىر قەغەز ئاياغنىڭ ئىچىدىن سۆكۈۋېلىنغان، ئىككى خوجايىننىڭ نامىمۇ ئوخشاش، پوچۇركىسىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا يىلىمۇ يېقىن بولۇشى كېرەك. يەنە بىرى 64 Tam 337: 11/ 2 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت: ⑫

1. يوڭخۇينىڭ 7 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى = = = = = = = = = = = = = = =
2. يېرىم يارماق بېرىپ، نىڭچاڭ يېزىسىنىڭ ئادەمنى ياللاپ ئىشلەتكەن = = = = = = = = = = = = = =
3. = = = = 15 ـ كۈنى ئوت قويۇش جىنايىتى بىلەن تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەن ئەمەلدار.
= = = = = = + + + + + + + + + +
4. = = = = بىلمەيمەن، ھېچنېمىنى بىلمەيمەن، 18 يارماق ئۆتەپ بەردى
+ + + + + + + + + + +
5. = = = = = = = = = = = = = =
= = = = = = = = = = = = = = = = = = =
6. ؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟
7. ؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟

(ئاخىرى كەمتۈك )

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۆ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قوچو دەۋرى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوچو مەزگىلىدە قوچودا ئادەم ياللاپ ئىشلىتىش تۈزۈمى خېلىلا ئومۇملاشقان. بۇ خىل ئادەم ياللاش كېيىنكى قوچو ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدىكىگە ئوخشاش، مەلۇم ئىش ھەققى بېرىپ مەلۇم مەزگىل ئىشلىتىش، تىلخەت پۈتۈپ ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان.

ئەينى ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قوچو ئۇيغۇرلىرى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقان ـ چارۋىچى بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق، ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئەھۋالى بىۋاسىتە تىلغا ئېلىنغانلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس، شۇڭا بۇ يەردە بۇ ھەقتە توختىلىپ ئولتۇرمايمەن.

ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنىڭ ئىچىدە، بىز سودىگەرلەرگە ئائىت تۆۋەندىكىدەك بىر ھۆججەتنى بايقىدۇق، ئۇنىڭ نومۇرى: 6—9.

1. ئىت يىل ئونۇنچ ئاي سەكىز ياڭى ـ قا
2. مەن ساتى ياراغ ـ نىڭ تورتۇلۇغ [ مال]
3. ئادلىق تۇتۇق ـ تاقى ئۈچ باغچا
4. مال ـ نى مەن ساتى ئۆلۈك ـ تۇن كىدىن
5. ساتىغ ـ قا يورىپ يۈز ياستۇق

2005 · 2

6. - قا كەسىشتىمىز يۈز ياستۇق - قا
7. بارس - ئا ( ر ) ئەلىگ باستۇق - لۇغ
8. ئەدنى مەن ساتى
9. ئاداق تۇتۇق - قا كەلۇرۇپ بىرۇرمەن
10. يۈز ياستۇق - قا تىمەسىر بۇ ئۇق
11. مال - نى كەلۇرۇپ بىرۇرمەن
12. تانۇق ئورۇس تانۇق سوماچى
13. بۇ نىشان مەن ساتى - نىڭ ئول
14. مەن ياراغ ساتى - قا ئايتىپ بىتىتىم

ئۇنداقتا ياستۇق (yastuq) قانچىگە يارايدۇ ؟ 1— 7 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە دېيىلىشىچە، يېرىم ياستۇق 25 ساتىرغا، بىر ياستۇق 50 ساتىرغا، 100 ياستۇق 5000 ساتىرغا توغرا كېلىدىكەن. بۇ كىچىك سان ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە 1 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە دېيىلىشىچە، بىر ئايال قۇلنى سېتىۋېلىشقا 50 ساتىر كېتىدىكەن. 100 ياستۇققا 100 دىن ئارتۇق قۇلنى سېتىۋالغىلى بولىدىكەن. مۇشۇنىڭدىنلا بۇ ئىككى سودىگەرنىڭ خېلى باي ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قوچو دىيارىدا بۇرۇنلا دىن ئۈچ ئالغان، بولۇپمۇ بۇددا دىنى تېخىمۇ شۇنداق. ئۇيغۇرلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئەھۋال يەنىلا شۇنداق بولغان. ژاڭ يەندېنىڭ دېيىشىچە، قوچو دىيارىدا «50 تىن ئارتۇق ساڭرام بولۇپ، ھەممىسىگە تاڭ سۇلالىسى بېغىشلىما يېزىپ بەرگەنىكەن، بۇ ساڭراملاردا «گادىنجۇر نومى» ، «تاڭ ئاھاڭلىرى» ، «سۆزلەر جەۋھىرى» ، «سۇتراسۋادا » قاتارلىق كىتابلار بار ئىكەن، قوچو ئاھالىلىرى ئەتىيازدا توپلىشىپ بۇ يەرگە تاۋاپ - سەيلىگە كېلىدىكەن »⑪. «تۇرپاننىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردىن تاللانمىغا ئىزاھ » دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ھۆججەتلەردە ساڭراملار ئارىيادان (aryadan) ، دىندارلار شىلاۋانتى (šilawanti) ، باشىن (bašin) ياكى بۇيانچۇغ شىلاۋانتى ( buyancu ɣ šilawanti) ، دىنىي ئاقساقال ساز ئىنۇلۇغ ( saz- inu ɣ lu ɣ) دەپ ئاتالغان. دىندارلار پەقەت سان جەھەتتىلا مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەپ قالماي، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولغان. 4—14 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

( ئالدى ئېلىنمىدى )

6. تۈزغۈچى: تىنتىسۇ ئاياغ - قا تەگمىلىگ، يابۇنسۇ شىلاۋانتى
7. باش - ىن شىلاۋانتى - لار - قا ئالىپ تۇتۇپ يىرلەر - ىڭە:
8. بۇرلۇق - لەر - ىڭە: ئا. . . باشلاپ: نەگۇ يەمە ئىشكۈچ
9. تەگۈرتمەگۇ ئۈز - ە: ئۇلاغ يى ( ا ) رلى ( ـ ) ىق: بىر تۇرۇ ( يا ) رلى ( ىى ) ىقتا
10. ئەرمىش: ئول يە ( ىا ) رلـ ( ـ ) ىق قى. . . لەر - تە شىلاۋانتى - لار - ىنىڭ
11. كۆڭۈل - لەر - ىگە: ئىش بولمىش - ىن ئۇقا يە ( ىا ) رلـ ( ـ ) ىقاپ:
12. - لۇق ئارىيادا - ىغ: ساڭىگىك بورلۇق - نى يىر - لەر - نى
13. بىرلە: بىز - ىنىڭ قۇت تىلەتۇ يە ( ا ) رلـ (ـ ) ىقـ ( ا ) پ ئەنچەكەتگۇ ئىل
14. ئىش - سىز: بىرت - سىز: بۆز - سىز: تىنتىسۇيى - سىز قىلتۇرۇ
15. باش - تا بىز - ىنىڭ قۇت - قا باسائىل - كە: ئۇلۇش - قا
16. بۇيان بىرز - ۇن تىپ: يابۇنسۇ شىلاۋانتى: تويىن
17. شىلاۋانتى: قۇتـ ( ا ) دمىش ئۆك شىلاۋانتى: نومداش شىلاۋانتى
18. بۇيانچۇغ شىلاۋانتى: باش - ىن شىلاۋانتى - تىلەر - قا: ياڭىر - تۇ
19. تۇتۇز - ۇپ: بورلۇق - نى بىر - لەر - نى بىرلە ئەلب
20. تۇتۇپ: مۇرۇت - لۇق ئارىيادان - تۇرغۇچى شىلاۋانتى
21. - لەر - ىنىڭ كىچىك - لەر - نى سەلملەرنى قۇۋراقى -ىتى - ىىن
22. ئىل - تىن: بۇدۇن - تىن: ئىش - كە كۈچ - كە تارتماغۇ
23. قىلتۇرۇ يارلـ ( ـ ) قـ ( ا ) دىمىز بۇ كۈنتە ئىنارۇ: مۇرۇت - لۇق
24. ئارىيادان - ىغ: بىز - ىنىڭ قۇت ئەگدىلەتىپ: ئەلپ تۇتا
25. يارلىنغۇچى: ساڭىگىك بورلۇق يىر - لەر - ى بىرلە: يابۇنسۇ
26. شىلاۋانتى باشلاپ: مۇرۇت - لۇق - تا تۇرغۇچى شىلاۋانتى

27 . ـ لەر : سالى ـ لەر ئەرلىسىنىپ : كىرمىش تۇشى ئۇز ـ •

28 . ئارىيادان ىغ ئەگىنىپ سەبىك ئارتمىش ـ ىن كەڭەشىپ

29 . ئىشلەتىز ـ ۋن ـ لەر : بارلىق ـ تاقى ۋالڭ ( ؟ ) ياڭلىغ ساڭشىدۇرى

30 . سەلى بولۇپ : لىۋ يىمەز ـ ۋن ـ لەر : بۇ شىلاۋانتى ـ لەر :

31 . بار ئەركىنچە : بۇلار ئىلەنىز ـ ۋن ـ لەر : ئەركىنىسىز ـ ۋن ـ لەر :

32 . بۇلار ـ تا كىن مۇنى تەگ ئۇك : ئارىيادان ـ تا تەبرىمەدىن

33 . تۇرغۇچى : شىلاۋانتى ـ لەر : سەل ـ لەر ئەرك ـ سىنىز ـ ۋن ـ لەر : بالىق

34 . ـ تا ئۇلۇش ـ تا تۇرغۇچى قۇۋراق قاتىلماز ـ ۋن بۇ تۇرغۇچى

35 . شىلاۋانتى ـ لار ـ تا سەلى ـ [ لەر ] ـ تەيمەكىن بارلىق ـ تا ئۇلۇش

36 . ـ تا تۇرۇپ : مۇرۇت ـ لۇق ئارىيادان ـ ىغ ئەركىنىسىپ :

37 . تەبرىمەدىن تۇرغۇچى ـ لار ـ نىڭ كۆڭۈل ـ لەر ـ ىڭە : ئىش

38 . قىلماز ـ ۋن : بۇ مۇرۇت ـ لۇق ئارىيادان ـ نىڭ : بورلۇق ـ ىڭا

39 . قاپ : بىررت بۆز : يىر ـ لەر ـ ىڭە تىنىتىۋي ـ لار ـ ىن

40 . تىساڭچى ئاغچى ـ لار ئالماز ـ ۋن : ئەشىلۇ ئۇلۇغ بىرىم :

41 . قىۋا نىبۇ سى : كۇنچىت كەبىز بورچوبرا باشلاپ ئىرت

42 . بىرت ئالمادىن : ئىشكۇچ ئىشلەتمەز ـ ۋن : مۇرۇت ـ لۇق

43 . ئارىيادان ـ تا : تۇرغۇچى سەلى ـ لەر ـ كە بالىق ئارا ـ سىنتىن

44 . ساز ـ ۋن ـ تىن : قۇۋراغ ـ تىن : باشىق تەسىك تۇتۇن قوۋچى ( ـ ) ىر تۇتۇن

45 . ئوتى باشلاپ : قايۇ يەمە ئىش كۇچ تەگۇر ـ مەدىن بورلۇق

46 . ـ ىڭا : ئۆكەن كەسگۇچى ـ لەر : سۇۋچى كىر ـ مەدىن ئاسغۇ ئۇز

47 . ـ ۋم ئىسىغ تىرگۇك يەمە ئالماز ـ ۋن : ئانىن بۇ تۇتا

48 . تۇرغۇ بىتىگ يارلىق بىر تۇرۇ يارلىقا دىمىز ( ئاخىرى كەمتۈك )

بۇ پەرماننى جاكارلىغان كىشى قادىر بىلگە تەڭرى ئىلىك بولۇپ، قايسى دەۋرنىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . بۇ هۆججەتتىن مۇرۇتلۇق ساڭرامنىڭ ناهايىتى چوڭلىقى ، راهىبلىرىنىڭ كۆپلۈكى ، ئورنىنىڭ ناهايىتى يۇقىرىلىقى ، يېرى ۋە تەكلىكى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ يەردە يەنە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىككى نۇقتا بار : بىرى ، دىن رايونى ( يەنى سازۇن ) دېگەن سۆز . ئەگەر خەنزۇچە تەرجىمىسى توغرا بولسا ، بۇ سۆز ۋاڭ يەندې ئوتتۇرىغا قويغان بۇددا دىنى رايونىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك ، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ساڭراملىرى بۆلەكلەردىن تەركىب تاپقان رايونغا مەركەزلەشكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ؛ يەنە بىرى ، سالى دېگەن سۆز ، ئەگەر بۇ سۆز دىندىن خالىي كىشىلەرنى كۆرسەتسە ، بۇددا دىنى رايونىدا يەنە دىندىن خالىي كىشىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ ، ئۇنداق بولسا ، بۇ كىشىلەر قانداق كىشىلەر ؟ ئەگەر بىز ئاقىلانە تەپەككۇر قىلساق ، بۇ كىشىلەرنىڭ ساڭرامدا هاشارغا ئىشلەيدىغان ئەمگەكچىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . هەممىمىزگە مەلۇمكى ، ئۇيغۇرلارنىڭ قومۇلۇقنىڭ شىمالىدا ياشىغان چاغدا ئاساسلىقى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ، شۇڭا قوچو دىيارىدىمۇ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەهۋال ، شۇڭا يېقىنقى دەۋردە تۇرپاندا مانى دىنىغا ئائىت كىتابلار بايقالغان . ئەينى ۋاقىتتا بۇددا دىنى بىلەن مانى دىنى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يېقىن ، ئۆزئارا كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ كۈچلۈك بولغان . شۇڭا ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار ۋە غەربتىكى ئەرەبلەر كۆپ هاللاردا بۇ ئىككى دىننى ئارىلاشتۇرۇپ قويغان⑪ .

بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىدىن باشقا ، ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دىنى تارقالغان بولۇشى مۇمكىن . تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا ، ئىسلام دىنى مۇرتلىرى ئارىسىدا تارقالغان «تۇپۇنچى» بىلەن «. . . نىڭ قۇلى» مەسىلەن : «بۇرهان قۇلى» ، «نوم قۇلى» دېگەندەك سۆزلەر ئەينى ۋاقىتتا قوچو ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىمۇ پەيدا بولغان . بۇنىڭدىن باشقا ، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى هۆججەتلەردە مۇسۇلمانچە

كىشى ئىسىملىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، تۇتۇس تۇتۇق (tütüs tutuq) نىڭ ئىنىسى ئەلى ۋە مۇبارەك قوچ دېگەندەك [11]. ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرگەنلىكىگە ئائىت خەۋەرلەر باشقا ماتېرىياللاردا ئىسپاتلانغان. 10 ـ ئەسىردە ياشىغان ئەرەب يازغۇچىسى نادىنىنىڭ دېيىشىچە، سامانىلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى سەمەرقەندىكى مانى دىنى جەمئىيىتىدىكىلەرنى يوقاتماقچى بولىۋاتىدۇ دېگەن ئۇسەك سۆزلەر توققۇز ئوغۇزلار ئارىسىدا تارقالغان. بۇنى ئاڭلىغان توققۇز ئوغۇز خانى سامانىلار سۇلالىسى ئەمىرىگە «توققۇز ئوغۇز رايونىدىكى ئىسلام مۇرتلىرى سامانىلار سۇلالىسىدىكى مانى دىنى مۇرتلىرىدىن خېلى كۆپ، ئەگەر ئىسلام دىنى مۇرتلىرى ئۆز ئېلىدىكى مانى دىنى مۇرتلىرىنى يوقاتسا، ئۇنداقتا ئۇلار ئۆز ئېلىدىكى ئىسلام مۇرتلىرىنى يوقاتقانلىق بولىدۇ» دېگەن. يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئاڭلىغان شامانىلار سۇلالىسىنىڭ ئەمىرى ھۆكۈمرانىنى نىيىتىدىن ياندۇرغان[12]. موڭغۇللار زامانىسىدا مەڭگۇ (مۆنكە)، خانلىق تەختكە چىققاندا، بەشبالىق (قوچو تەۋەلىكىدە ئىدى) تا مۇسۇلمانلارغا قارشى سۇيىقەستتە بولىۋاتقانلارنى يوقاتقان[13].

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەر ئىگىدارلىق ھوقۇقى دۆلەت يېرى ۋە خۇسۇسىي يەر دەپ ئىككىگە ئايرىپ باشقۇرۇلغان؛ يەردىن پايدىلىنىپ باشقىلارنى ئېزىدىغانلار خان ـ بەگلەردىن باشقا، فېئودال پومشچىكلارمۇ بولغان. دۆلەت يېرى «ئىنچۇ» (incü) دەپ ئاتالغان، بۇ سۆز بىر نەچچە خىل چۈشەندۈرۈلگەن، بەزىلەر بۇ سۆز مىراس دېگەن مەنىدە دېسە، بەزىلەر بۇ سۆز فېئودال سۇيۇرغال دېگەن مەنىدە دېسە، يەنە بەزىلەر دۆلەت يېرى دەپ چۈشەندۈردى. ئىككىنچى خىل كۆز قاراشتىكىلەر «ئىنچۇ» دېگەن سۆزنى«سەپ، تويلۇق» دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ دەپ قارىغان [14]. بۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، قوچو ئىدىقۇتى چىڭگىزخانغا بېقىنغاندىن كېيىن ئىدىقۇتنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەرمۇ تەبىئىي ھالدا چىڭگىزخاننىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكەن؛ چىڭگىزخان قىزىنى ئىدىقۇتقا ياتلىق قىلغاندا يەرنىمۇ ئىدىقۇتقا «ئىنچۇ» سۈپىتىدە ئىئانە قىلغان، نەتىجىدە قوچونىڭ ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەر «ئىنچۇ» بولۇپ قالغان. بۇ خىل ئىزاھلاش «فېئودال سۇيۇرغال» دەپ چۈشەندۈرۈشكە زىت كەلمەيدۇ. دۆلەت يېرىنى تېرىغاندا دۆلەتكە ئالۋان ـ ياساق تاپشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. 4—12 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

(باش قىسمى ئېلىنمىدى)

3. [يە] سەن بۇقا قان چاقىن ـ تا

4. [كۈنچ]ۈك ئىدۇق ـ قۇت قىتاي. ئۇ. . .

5. باش ـ لىق ئىلچى ـ لەر بىرلە

6. قالان كەسىپ ئىنچۇ باغ [چى ـ لار]

7. ـ قا قالان كەشمىشى يوق

(ئوتتۇرا قىسمى ئېلىنمىدى)

37. ئەمتى [قانىمى]ز

38. تۇغلۇغ تەمۇر ـ كە باغ ـ چى ـ لار ـ نىڭ

39. ئۆتۈگ( ى ) بىز بۇرۇن ـ قى بۇ

40. [قان] ـ لار چاقىن ـ تىن بەرۇ ئاقا ئىنى

41. ـ لەرىمىز بىرلە باغ ـ نى ئەتلەپ

42. ئۆزگە ئالبان ياساق

43. تۇتمايىن

44. [قان] ـ لارىمىز ـ قا كۈچ بېرىپ يور(ى) تمىز

45. ئەرتى ئەمتى تار بولسار

46. [قان] ـ ىمىز تۇغلۇق تەمۇر ـ نىڭ

47. . . . . سىنتا يامان باغ ـ لارىمىز ـ نى

48. ئېلەپ ياغشى بۇلۇرى

49. ئاز بىرۇر ئۈيۈبۈمۈز

50. كۆپ بولۇر قايات

51. تەگ ـ ۈك باغ ـ لار

52. ـ نىڭ كۈپى قالت بىز ئاق ـ ما ئىن

53. ـ ىمىز بىرلە بولۇپ بۇ يىل ـ تا

54. ئاقا ئۇچۇپ نە بۇتكەرتىمىز

55. ئەر بىر كىشى ئىكى ئالبان

56. تۇتز ـ ۇن تىسەر يوق ـ لار

57. ـ ىمىز ـ نىڭ ئول

(كەينى قىسمى ئېلىنمىدى)

ھۆججەتتە دېيىلگەن «ئىنچۇ»نىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر ئىكەنلىكى ئېنىق، چۈنكى ئالۋان ـ ياساق خانغا تاپشۇرۇلىدۇ، ئالۋان ـ ياساق يىغقۇچىلارمۇ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى ئەمەلدارلاردۇر. «ئىنچۇ» دەپ ئاتالغان يەرنى تېرىغۇچىلارمۇ دېھقانلار، «بىز ئاكا ـ ئۇكىلار بۇ تەكلىكتىن پايدىلىنىۋاتىمىز»، «ئۇنۇمىمىز تەكنى پەرۋىش قىلىۋاتىمىز»، «جېنىمىزنى باقالمايمىز» دېگەن سۆز ـ جۈملىلەر بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. باشقا ھۆججەتلەردىكى «ئىنچۇ ئىلىق» (incü iliq) دېگەن سۆزلەرنى گاباتىن «دۆلەت ئىگە

دارچىلىقىدىكى يەرنى باشقۇرۇش» دەپ تەرجىمە قىلغان. incü bašiدېگەن سۆزلەرنى گاباڭىن «دۆلەت يېرىنىڭ رەھبىرى» دەپ تەرجىمە قىلغان. بىراق «ئىنچۇ» سۆزى يەر تېرىيدىغان ئەمگەكچى دېھقانلارغىمۇ ئىشلىتىلىپ، ئۇلارمۇ «ئىنچۇ» دەپ ئاتالغان. بەزىلەر چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «يانچى» دېگەن سۆزنى «ئىنچۇ» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ. «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن ئەسەرنىڭ 7 ـ جىلدىدا «بەگلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ خىزمەتكارلىرى بار ئىدى، ئۇلار بەگلەرنىڭ ئۆيىدە ئىشلەيتتى، مەسىلەن: خىزمەتكار يوق دېگەندە ئىككى، ئۈچ تۈتۈندىن يۈز تۈتۈنگىچە باراتتى، ئۇلار «يانچى» دەپ ئاتىلاتتى ⑨.

خۇسۇسىي يەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يەر سودىسى ھەققىدىكى تىلخەتلەردىن تولۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، يەر سېتىلغاندىن كېيىن «مەڭگۈ» سېتىۋالغۇچىغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقى، «ئەگەر رازى بولسا ئۆزى پايدىلىنىدىغانلىقى، رازى بولمىسا باشقىلارغا سېتىۋېتىشكە بولىدىغانلىقى ئېيتىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە يەر ياكى تەكلىكلەرنى ئىجارىگە بېرىپ پايدا ئالسا بولىدىغانلىقى ئېيتىلغان. مەسىلەن، «ياقا ـ قا تۇتۇم» (yaqaqa tutum) يەرنى ئىجارىگە بېرىپ پايدا ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ، بۇ يەردىكى پايدا يەر ئىجارىسىدۇر، ئەمما ئۇ بەزىدە ئەمگەك ھەققىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ئىزگۈچىلەر سىنىپى ھەققىدە گەپ بولغاندا جازانىخورلارنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. قوچو ئۇيغۇرلىرى قەرزنى «ئۆتۈگ» (ötüg)، قەرزدارنى «ئۆتۈگچى» (ötügči)، ئۆسۈمنى «تۇس» (tüs) دەپ ئاتىغان. تۆۋەندىكى قەرز ئېلىش ھۆججىتى بولۇپ، رەت نومۇرى 2ـــ1، مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1. [كۆ]سكۈ يىل توقۇز ـ ۋنچ ئاي ئىكى يەگىرمىكە ماڭا بولمىش ـ قا ئاسىغ

2. [ق]ا كۈمۈش كەركەگ بولۇپ ئىشرە ـ تە ئۈچ ساتىر كۈمۈش ئالتىم

3. [ق]اچ ئاي تۇتسار ـ مەن ئاي، سايۇ بىرەر باقىر كۈمۈش ئاسىغ ـ ى

4. [بى]رلە كۈنى بىرۈرمەن بىركىنچە يوق بار بولسار ـ مەن كىشىم تۈز

5. ـ [ۋ]اك كۈنى بىرز ـ ۋن

(كېيىنى قىسمى ئېلىنمىدى)

مانا بۇ ئايلىق ئۆسۈمى ئوندىن بىرى، يىللىق ئۆسۈمى يۈزدە 120 بولغان جازانىخورلۇق قەرز ھۆججىتىدۇر. باشقا قەرز ئېلىش ھۆججەتلىرىدىن پاختا، كۈنجۈت، بور ئارىيەت ئېلىشتا دائىر ھۆججەتلەرمۇ بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە قىسقىغىنە بىر نەچچە ئاي ئىچىدە ئۆسۈمىنى قوشۇپ قايتۇرۇش تەلەپ قىلىنغان، بۇلار يۇقىرىقى ئۆسۈم نىسبىتىدىن خېلى يۇقىرى.

قوچو ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ راسا گۈللەنگەن دەۋرى لياۋ، سۇڭ، جىن سۇلالىلىرى مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ، ئاساسلىقى لياۋ (قىتان) ۋە غەربىي لياۋ (قارا قىتان) سۇلالىلىرى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. لياۋ سۇلالىسى قوچودا ئەلچى ئاستانە تەسىس قىلغان، غەربىي لياۋ سۇلالىسى قوچودا شۇكەم باسقاق تەسىس قىلغان. موڭغۇللارنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانى موڭغۇل خانى، يۈەن سۇلالىسى خانى بولغان. ئۇيغۇرلار موڭغۇل خانى ياكى يۈەن سۇلالىسى خانىنى uluɣ suu دەپ ئاتىغان، بۇ چوڭ قوشۇن دېگەن مەنىدە بولۇپ سەل چۈشىنىكسىز. قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ نەزىرىدە موڭغۇل خانلىرى يۈكسەك يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە ئىدى. مەسىلەن، 1ـــ10 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە بەخت تىلىگۈچىلەر ئالدى بىلەن موڭغۇل خانىغا بەخت تىلەيدىغانلىقى، جازالىنىدىغانلارمۇ ئالدى بىلەن موڭغۇل خانىغا ئالتۇن تاپشۇرىدىغانلىقى ئېيتىلغان؛ 2ـــ13 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە يەر سودىسىدا پۈتۈمگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئالدى بىلەن موڭغۇل خانىغا ئالتۇن تاپشۇرىدىغانلىقى ئېيتىلغان؛ 6ـــ4 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە ۋەسىيەتكە ئەمەل قىلمىغانلار ئالدى بىلەن موڭغۇل خانىغا ئالتۇن تاپشۇرىدىغانلىقى ئېيتىلغان؛ 6ـــ8 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە بىر قىزنى سېتىۋالغاندىن كېيىن ئەگەر سېتىۋالغۇچى پۈتۈمگە ئەمەل قىلمىسا، ئالدى بىلەن موڭغۇل خانىغا ئالتۇن تاپشۇرىدىغانلىقى ئېيتىلغان. موڭغۇل خانىنىڭ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىدىكى نوپۇزى، ئاساسلىقى ھۆكۈمەت پەرمانلىرىنى يولغا قويۇشتا ئىپادىلەنگەن.

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانى ئىدىقۇت دەپ ئاتالغان. ئىدىقۇتنىڭ ئاستىدىكى ئاساسلىق ئەمەلدارلار بەگ دەپ ئاتالغان. بەزىدە ئەلچى دەپمۇ ئاتالغان، ئەمما بۇلار خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا تېخى خاتىرىلەنمىگەندەك تۇرىدۇ. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ قوچودا دارۇغاچ تەسىس قىلغان. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىمۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ قوچودا «دارۇغاچ تەسىس قىلغان» لىقى ئېيتىـ

تىلغان؛ بىراق ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە پەقەت «تارۇغا» (taruɣa) دېيىلا خاتىرىلەنگەن. بەگنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن، بۇيرۇق بەگ، بۇيرۇق دېگەندەك. بۇ يەردىكى «بۇيرۇق» سۆزى تاڭ سۇلالىسى، بەش دەۋر، ئون پادىشاھلىق ۋە موڭغۇللارنىڭ يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا ھەر خىل ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، ھەممىسى چېرىكچى بەگ، باش بوغ دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ سۆز بەگ سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ ئىشلىتىلگەن، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ؛ تېرىقچى بەگ سۆزى يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارنى كۆرسىتىدۇ. يەنە يۈز بېگى، مىڭ بېگى دېگەنلەرمۇ بار. ئەمما، ئون بېگى سۆزى ئۇچرىمايدۇ، بىراق باشقا بىر تارىخىي ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار قوملۇقنىڭ شىمالىدا ياشىغان چاغدا مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن «خان ئالىيلىرى ھەر 10 ئادەم ئىچىدىن بىر كىشىنى رەھبەر قىلىپ سايلاش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن، خان ئۇلارنى ياخشى ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرگەن»[11]. بۇ ئېھتىمال ئون بېگى تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلغىنى بولسا كېرەك. ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە تۈمەن بېگى دېگەن سۆز ئۇچرىمايدۇ، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دا تۇرپاندا تۈمەن بېگى مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان دېيىلگەن، ئالتە شەھەرمۇ مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە تۈمەن بېگى بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا 6—12 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە تۈمەن ئىلچى دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ، بۇ جەزمەن تۈمەن ئائىلىسىنىڭ بېگى دېگەن مەنىدە. بەگ ۋە ئىلچى قاتارلىقلار ئېھتىمال جەمئىيەتتىكى مەرتىۋىلىك كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى بولسا كېرەك، مەسىلەن 1—1 - نومۇرلۇق ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن

18. . . . ئەرلىك بەگ

19. ئىشى ئىلچى يالاۋاچ كۈنچىن تۇتۇپ

20. چاملاسار - لار . . .

دېگەن سۆزلەر بۇ نۇقتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ يەردىكى بەگ، ئىلچى سۆزلىرىدىن باشقا يەنە ئىشى ۋە يالاۋاچ سۆزلىرى بار؛ بۇ يەردىكى ئىشى سۆزى خانىمى دېگەن مەنىنى، يالاۋاچ سۆزى ئەلچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بەگ ۋە ئىلچىلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى باج يىغىش ۋە ئالۋان - ياساقنى تەقسىملەش بولسا كېرەك. مەسىلەن، بىز 4—3 - نومۇرلۇق ھۆججەتكە قاراپ باقايلى:

1. بۇ - ساچى

2. بۇيرۇق بەگى بولمىش

3. - تا بىر مىشىم ئۆگۈ

(ئوتتۇرا قىسمى قىسقارتىلدى)

27. ئوتچى بۇيرۇق بەگى بولمىش - تا بىرمىشىم

29. كەز - ىك - تە

(ئاخىرى ئېلىنمىدى)

بىز ئەمدى 4—1 - نومۇرلۇق ھۆججەتكە قاراپ باقايلى:

1. . . . قالان - قا

2. ئىلچى - كە

(كەينى قىسمى ئېلىنمىدى)

4—2 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە:

3. قالان - قا يارىم بۆز بىرتىم

(ئاخىرى ئېلىنمىدى)

15. ئىلچى - كە بىر بۆز بىرتىم

قوچو ئۇيغۇرلىرى خەلقنى «ئىل بودۇن» دەپ ئاتىغان. مەسىلەن، 4—15 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە «تۈرلۈگ ئۇلۇس باشلاپ ئىل بودۇن - قا»،

20. . . . بودۇنلەرنىڭ ئول بۇ تامغا قويىن - نىڭ ئول

21. بۇ بىتىگ - نى مەن تىبىن بودۇن - قا ئايتىپ بىتىتىم

دېيىلگەن. بىراق بەزى چاغلاردا «ئىل» سۆزى بىلەن «بودۇن» سۆزى ئايرىم ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، «ئىلگە پايدىلىق»، «بۇ ئىل ئۆزىنىڭ ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلاندى»، «ئىل تۆرۈسى بويىچە»، «مېنىڭ كۆز قارىشىم بۇ بودۇننىڭ پىكرى بىلەن بىردەك» دېگەندەك. بەزىلەر «بودۇن» سۆزىنى «خەلق»، «ئىل»نى ئەل، جامائە، دۆلەت دەپ تەرجىمە قىلغان؛ مېنىڭچە «بودۇن» سۆزى ئاساسلىقى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئورتاق گەۋدىنى كۆرسىتىدۇ، «ئىل» سۆزى ئاساسلىقى جامائە ۋە مەمۇرىي رەھبەرلەرنى كۆرسىتىدۇ[11]. قوچو ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشىدىغان ئادىتى ياكى تۈزۈمى بولۇشى مۇمكىن. 1—6 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە:

12. . . . بىز

13. كىشى ئىلچى يالاۋاچ كۈنچىن تۇتۇپ

14. بىرىم - چىمىز ئاقامىز ئىنىمىز كىم كىم ما بولۇپ چام چارىم قىلمازۇن - لار

دەپ خاتىرىلەنگەن.

[ئوغلىنى ساتقاندىن كېيىن «پېزنىڭ ئون، يۈز، ئەللىك ئاسىمىز
ئاكىمىز، ئىنىمىز، مەيلى كىم بولسۇن ھېچكىم بۇ ھەقتە غەۋغا كۆتۈرمىسۇن]

بۇ يەردە دېيىلگەن ئون يۇغۇمىز، يۈز ـ لۈكۈمىز دېگەنلەر ساتقۇچىغا مۇناسىۋەتلىك سۈپەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ ئادەملەرنىڭ ساتقۇچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، ئۇلارنىڭمۇ ساتقۇچىنىڭ ئاكىسى، ئىنىسى بىلەن ئوخشاش مۇناسىۋەتتى بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئوخشاش مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بىر تەشكىلنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، مانا بۇ جامائە. 4—15 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە يەنە 14 «تۇرلۇگ ئۇلۇس باشلاپ ئىل بۇدۇن ـ قا» 150 پاختا رەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى پاختا ئېگىسىگە تاپشۇرغان، بۇ كىشىنىڭ ھەر خىل باج ـ سېلىقلىرى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، ئىلگىرى پاختا ئىگىسىگە تاپشۇرۇلغان ھېلىقى كىشى قايتۇرۇپ كېلىنگەن ۋە بۇنداق قىلىش خەلققە پايدىلىق دېيىلگەن. ئېنىقكى، بۇمۇ بىر جامائە. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ خىل جامائە ئوخشىمىغان ئورۇنقا تەۋە كىشىلەر قاتناشقان جامائە بولۇپ، ئۇلار بىر ئەمگەك كۈچىنى تاپشۇرۇپ، بىر ئەمگەك كۈچىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئورتاق قارار قىلغان. يەنە 4—10 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە (toqsin taɤ i yiti ili) «توقسىن تاغى يىتى ئىلى بار» دېيىلگەن. ئېنىقكى، بۇمۇ جامائە.

قوچو ئۇيغۇرلىرىدىكى جامائەنىڭ مەنبەسى نېمە؟ بۇنىڭ بىرى باشتا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدا ياشىغان چاغدا يولغا قويۇلغان «ھەر ئون ئادەمگە بىر ئونبېشى سايلاش» تۈزۈمىدۇر؛ چۈنكى، ئۇلار قوچو دىيارىدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىنمۇ يەنىلا شۇ تۈزۈمنى قوللانغان. يەنە بىرى، قوچو تەۋەسىدە ئىلگىرىلا بۇ خىل جامائە مەۋجۇت بولۇپ، ئۇيغۇرلار قوچو دىيارىدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ۋارىسلىق قىلغان. بۇنى دەلىللەش ئۈچۈن تۇرپاندىن تېپىلغان تۆۋەندىكى ھۆججەتكە قاراپ باقايلى: [12]

بۇ ھۆججەت پۈتۈلگەن يىل ئېنىق يېزىلمىغان، تاڭ سۇلالىسى قوچو ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدە پۈتۈلمىگەن بولۇشى مۇمكىن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە پۈتۈلۈشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى، تاڭ سۇلالىسى قوچو دەۋرى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە پۈتۈلگەن ھۆججەتلەرنىڭ تېكىستىلا بولۇپ، يىلى بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ چوڭ ئېھتىماللىق تۇبۇتلەر قوچونى ئىشغال قىلغان مەزگىل بولۇشى مۇمكىن. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇچە ھۆججەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۇبۇتلەر قوچو دىيارىنى ئىشغال قىلغان مەزگىلدە پۈتۈلگەن ھۆججەتلەرنىڭ تېكىستىلا بولۇپ، ھۆججەت پۈتۈلگەن يىل ئېنىق يېزىلمىغان[13]. تۇبۇتلەر قوچو دىيارىنى ئىشغال قىلغان ۋاقىت قوچو ئايىمىقىنىڭ ئاخىرى بولۇپ، ئۇ چاغدا بۇ يەردە خەنزۇچە ئىسىم ـ فامىلە قوللىنىدىغانلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھۆججەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەھۋال ئەنە شۇنداق. ئىككىنچىدىن، ھۆججەتتە تىلغا ئېلىنغان ئورۇنباسار ھېراۋۇل سۈلۈڭ، باش ھېراۋۇل دۇ دېگەنلەر قوچو دەۋرىدىكى ئالىي ئەمەلدار بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ھۆججەت پۈتۈلگەن مەزگىلدە ئۇلار پۇقراغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ھۆججەتتە دېيىلگەن «石所卫芬倍社» بىر جامائەنىڭ نامى ئىكەنلىكى ئېنىق، بۇ جامائەدىن ھەر ئايدا ئۈچ كىشى ھاشارغا بارغان ياكى سېلىق تۆلىگەن. ئۇيغۇرلار تۇبۇتلەردىن قوچو دىيارىغا ھاكىمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەچكە ئۇلارنىڭ بۇ خىل تۈزۈمگە ۋارىسلىق قىلىشى تەبىئىي ئەھۋال. بىرىنچىدىن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ جامائە تۈزۈمىمۇ قوچوغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ 7 ـ يىلى (1270) شەھەر ـ يېزىلاردا جامائە قۇرۇلىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغان، بۇنىڭدا تەبىئىي كەنتلەر ئاساس قىلىنىپ، ئومۇمىي جەھەتتىن 10 ئائىلە بىر جامائە قىلىنغان، جامائەگە ھەر خىل ئائىلىلەر قوبۇل قىلىنىپ، بىر جامائە باشلىقى قويۇلغان، جامائە باشلىقىنىڭ تۈرلۈك ھاشار ـ سېلىقلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان، ئۇ مەخسۇس يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، جامائە ئەزالىرى ئۈستىدىن نازارەت قىلغان. قوچو دىيارى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان مەزگىلدە تەبىئىي ھالدا بۇ خىل تۈزۈمنى يولغا قويغان.

قوچو دىيارىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان باج ـ سېلىقلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. «قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى» ۋە «ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردىن تاللانما» دا كۆرسىتىلگەن باجلاردىن qalan, qorut, tütün, tütün oti, qab qap, yasaq, saliɤ, basiq, täsiq, birt, ياكى bi im, bitrim, alim, ališ, alban, yuluɤ, yuluɤ

birim, saliq, sali ɤ qili ɤ , salgsakiti, kurut, tintsuyبار. هاشار ئىس كۈچ (iškuq) دەپ ئاتالغان. هۆججەتلەردە «ئۆزۈم هارىقى بېجىنىڭ ئورنىغا پاختا تاپشۇردۇم» دېگەندەك سۆز ـ ئىبارىلەر بار. «يەر ئىجارىسى» تىنتۇ (tintuy) توغرىسىدا «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. شىزۇنىڭ تەرجىمىھالى »دا: «جىيۈەننىڭ 16 ـ يىلى (1279 ) «ئۇيغۇرىيىدە يەرنىڭ مو سانى بويىچە باج يىغىش بۇيرۇلدى

» دېيىلگەن. ئالبان (ئالۋان ) موڭغۇللار بىر تۈتاش يىغىدىغان باج بولۇپ، بۇ سۆز موڭغۇل تىلىدىكى ئال (ئېلىش ) سۆزىنىڭ تۇرلىنىشىدىن ياسالغان، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ( 1 ) چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن ئەمەلىي بۇيۇم ئارقىلىق تاپشۇرۇلىدىغان باج؛ ( 2 ) ئاقساقاللارنىڭ چېدىرىدا هاشارغا ئىشلەش، ئاساسلىقى تۇتورۇق بېرىش؛ ( 3 ) ئاقساقاللارنىڭ قوشۇنىدا مەجبۇرىيەت ئۆتەش ۋە شىكارغا قاتنىشىش؛ ( 4 ) ئۆتەڭدە ئەمەلدار بولۇش، يەنى ئۆتەڭ ۋە غوجىدارنى ئات، جىددىي ئېھتىياجلىق يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەشنى كۆرسىتىدۇ؛ ( 5 ) گۇۋاھچى ۋە قەسەمياتچى سالاھىيىتى بىلەن ئېيىبلەشكە قاتنىشىش. ئالبان (alban) (ئالۋان )نى ئۇستىگە ئالغۇچىلار موڭغۇلچىدا ئالباتۇ (albatu) دەپ ئاتالغان[11]. ئالۋان ئادەم بېشىغا قاراپ تەقسىملەنگەن ياكى قورامىغا يەتكەن ئەرلەر ئۇستىگە ئالغان. مەسىلەن، 4—12 ـ نومۇرلۇق هۆججەتتە مۇنداق سۆز بار:

53 . . . . بۇ يىل ـ تا
54 . ئاقا ئۈچۈپ نەبۇتكەرتىمىز
55 . ئەر بىر كىشى ئىكى ئالبان
56 . تۆتىز ـ ۋن تىسەر يۇقلار
57 . ـ ـىمىز ـ نىڭ ئول

[ بىز قېرىنداشلار بىللە ئۆتىمىز، بۇ يىل ئاكىمىز تۆگەپ كەتتى، بىز نېمە قىلالايمىز ؟ ئەگەر ھەر بىر كىشى ئىككى كىشىلىك ئالۋان تۆلەشكە توغرا كەلسە بىز ياشىيالمايمىز ] .

يەنە مەسىلەن، 4—5 ـ نومۇرلۇق هۆججەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

1 . توڭگۇز يىل ئۈچۈنچ ئاي بىرئو [ تۆز ـ قا ]
2 . ماسمادار ـ لار ـ نىڭ بىر يول ئاتىن
3 . تاياقى ـ تاقى يولچى ـ قا بىرز ـ ۋن

[ توڭگۇز يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ماسمادارنىڭ يۈگۈرۈك ئېتىنى تاياقتىن كەلگەن يولۇچىغا بەرگىن ] .

بۇ چوقۇم ئات سېلىقى چۈشكەن كىشىنىڭ ئالۋان تاپشۇرۇش ھەققىدە ئېيتقان سۆزى بولۇشى مۇمكىن. يەنە مەسىلەن: 4—6 ـ نومۇرلۇق هۆججەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

1 . ئىت يىل بىر يەگىرمىنچ ئاي ئىكى ئوتۇز ـ قا
2 . يەكە بۇقا يۇچىن ئىلچى ـ كەئالتى
3 . ئوتۇز ـ قا تەگىم كەس ـ ـك ئاش ـ قا بىر قاب
4 . بور ـ نى بىكۈش بورلۇقى ـ ى
5 . بىرز ـ ۋن

[ ئىت يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى يەكە بۇقا 26 ـ كۈنى ئىلچىغا تاماق تەييارلايدۇ، بىكىش بۇقا تەكلىككە بىر تولۇم مەي يەتكۈزۈپ بەرسۇن ] .

بۇمۇ ئالۋان ئارتىلغان بىرىيلەننىڭ ئىلچىغا خىزمەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق ئالباتۇ دېگەن بۇ نام ئۇيغۇرچە هۆججەتلەردە تېخى بايقالغىنى يوق، بۇنىڭدىن بۇ نامنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تېخى ئومۇملاشمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەندە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بەزى جايلىرىدا پۇقرالار شۇ جايلاردىكى ھاكىم بەگلەرنىڭ ئالباتۇسىغا ئايلاندى. «چۆلۈكلۈكتە »نىڭ 71 ـ بابىدا ئالباتۇلار «قۇل » دەپ ئاتالغان[10].

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى هۆججەتلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى كۆپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بۇمۇ قوچو ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. بىراق سەھىپىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بۇ يەردە بۇ مەسىلە ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزمەيمەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى هۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، «تۇرپان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي هۆججەتلەر توپلىمىغا ئىزاھ » دېگەن كىتاب نەشردىن چىققاندىن كېيىن، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىشى، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك، يۇقىرى سۈپەتلىك مۇھاكىمە ماقالىلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ بۇ بىر نەچچە بەتلىك ماقالەم بۇنىڭغا تۈرتكە بولۇپ قالغۇسى!

ئىزاھات :


① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قوچو تەزكىرىسى» پەش، چېكىتلىك نۇسخىسىنىڭ 14111 ـ بېتىگە قارالسۇن.

② شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي: «شىنجاڭ نىيە ناھىيىسى شىمالىي چوڭ قۇملۇقىدىكى قەدىمىي خارابە، قەبرە رايونىدىكى ھەمدېپنە قىلىنغان قەبرىلەرنى تازىلاش ھەققىدىكى قىسقا خەۋەر»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1960 ـ يىللىق 9 ـ سانىغا قارالسۇن.

③ «لياڭشۇنامە. قوچو تەزكىرىسى» نىڭ 811 ـ بېتىگە قارالسۇن.

④ «يېڭى تاڭنامە. قوچو تەزكىرىسى» نىڭ 6220 ـ بېتىگە قارالسۇن.

⑤⑥ ⑩ «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشى» نىڭ 42 ـ بېتىگە قارالسۇن.

⑦ «ئەۋلىيا چۈچۈجىننىڭ غەربكە قىلغان ساياھىتى»، «جۇڭگو غەرب قاتناش تارىخ ماتېرىياللىرى توپلىمى» نىڭ 5 ـ جىلد 97 ـ بېتىگە قارالسۇن.

⑧ (ئامېرىكا) رافنىر «جۇڭگو ـ ئىران قىسمى» نىڭ 117 ـ بېتىگە قارالسۇن.

⑨ «قىسقىچە برىتانىيە قامۇسى» نىڭ 9 ـ جىلد 42 ـ بېتىگە قارالسۇن.

⑪ بۇ يەردىكى ماتېرىياللارنىڭ ئىچىدە ياڭاق، ياڭاق دەرىخى، كۆكتاتلىق، گۈللۈككە دائىر ماتېرىياللار «تۇرپاننىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھۆججەتلىرىدىن تاللانمىغا ئىزاھ» دىن ئېلىنغاندىن سىرت، قالغان ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى» دىن ئېلىندى.

⑫ «تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەتلەر» نىڭ 1 ـ قىسىم 17 ـ، 20 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

⑬ «ۋېينامە. قوچو تەزكىرىسى» نىڭ 2242 ـ بېتىگە؛ «جونامە. قوچو تەزكىرىسى» نىڭ 914 ـ بېتىگە؛ «سۈينامە. قوچو تەزكىرىسى» نىڭ 1846 ـ بېتىگە قارالسۇن.

⑭ سۇن شاۋلىن «تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي ئىلىماق قوچو ناھىيىسىنىڭ ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ـ باشقۇرۇش مەسىلىسى»، «دۇنخۇاڭ تۇرپان ھۆججەتلىرى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە» نىڭ 519 ـ، 543 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

⑮⑯ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قوچو تەزكىرىسى» نىڭ 14111 ـ، 14113 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

⑰⑱ «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى» نىڭ 42 ـ بېتىگە قارالسۇن.

⑲ «ئۇلۇغ شەپقەت ئىبادەتخانىسى ترىپىتاكا ئاچارىيانىڭ تەرجىمىھالى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1983 ـ يىل نەشرى، 21 ـ، 31 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

⑳ ۋېينامە. قوچو تەزكىرىسى» نىڭ 2243 ـ بېتىگە قارالسۇن.

㉑ «جونامە. قوچو تەزكىرىسى» نىڭ 915 ـ بېتىگە قارالسۇن.

㉒㉓㉔ «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىجتىمائىي ھايات» نىڭ 40 ـ بېتىگە قارالسۇن.

㉕ خۇاڭ ۋېنبى «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى» نىڭ رەسىملىك نۇسخىسىنىڭ 58 ـ بېتىگە قارالسۇن.

㉖ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. پادىشاھلار نەسەبنامىسى» نىڭ 223 ـ بېتىگە قارالسۇن.

㉗ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» نىڭ 1567 ـ بېتىگە قارالسۇن.

㉘ «لياڭشۇنامە. قوچو تەزكىرىسى» نىڭ 811 ـ بېتىگە قارالسۇن.

㉙ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قوچو تەزكىرىسى» نىڭ 14113 ـ بېتىگە قارالسۇن.

㉚ «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى» نىڭ 48 ـ بېتىگە قارالسۇن.

㉛ «تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەتلەر» نىڭ 4 ـ قىسىم 39 ـ بېتىگە قارالسۇن.

㉜ يۇقىرىقى كىتابنىڭ 5 ـ قىسىم 111 ـ بېتىگە قارالسۇن.

㉝ سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قوچو تەزكىرىسى» نىڭ 14112 ـ بېتىگە قارالسۇن.

㉞ بارتولد تۈزگەن «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدە 12 لېكسىيە» (خەنزۇچە) نىڭ 56 ـ، 58 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

㉟ «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى» نىڭ 50 ـ بېتىگە قارالسۇن.

㊱ «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدە 12 لېكسىيە» نىڭ 55 ـ بېتىگە قارالسۇن.

㊲ «دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىلار تارىخى» (خەنزۇچە) نىڭ 1 ـ قىسىم 55 ـ، 61 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

㊳㊴㊵ «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىجتىمائىي ھايات» نىڭ 35 ـ بېتىگە قارالسۇن.

㊶ يۇقىرىقى كىتابنىڭ 31 ـ بېتىگە قارالسۇن.

㊷ «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى» نىڭ 47 ـ، 48 ـ بەتلىرىگە ۋە رەسىملىك نۇسخىسىنىڭ 53 ـ بېتىگە قارالسۇن.

㊸ «دۇنخۇاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 ـ قىسىم «كىرىش سۆز» قىسمىغا قارالسۇن.

㊹ ۋلادىمىرزوف «موڭغۇللارنىڭ جەمئىيەت تۈزۈمى تارىخى» (خەنزۇچە) نىڭ 349 ـ، 358 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

㊺ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» نىڭ 1 ـ جىلدىغا قارالسۇن.



تەرجىمان: ئابدۇرېھىم ياقۇپ
ئەركىن شېرىپ
تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# قوغۇن ۋە ئۇنىڭ يۇرتىمىزدا ئۆستۈرۈلۈش ئەھۋالى

تاش مۇھەممەت ئابدۇرەھمان، مۆمىن قادىر

تارىخى ئۇزۇن، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتكە ئىگە ۋە ئەمگەكچان، باتۇر، ئىجادكارلىق روھىغا باي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللىق كىشىلىك تۇرمۇش ئەمەلىي تەجرىبىسى ئاساسىدا ئۆزلەشتۇرۇپ يېتىشتۈرگەن شېرىن تەملىك، دىلغا ھوزۇر، تىلغا لەززەت، جانغا راھەت ئاتا قىلىدىغان مەھسۇلاتى قوغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئىجادىي مەھسۇلاتىدۇر.

قوغۇن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدىغان ئالاھىدە مېۋىلەرنىڭ بىرى، تەمىنىڭ تاتلىقلىقى بىلەن پۈتۈن دۆلىتىمىزگە داڭلىق. قوغۇن يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ئۆستۈرۈلۈپ كەلگەن. جۈملىدىن 1972 ــ، 1973 ــ يىللىرى تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىپ تەكشۈرۈش داۋامىدا، TAM 211 ــ نومۇرلۇق قەبرىدىن مىلادىيە 7 ــ 10 ــ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ قۇرۇپ قاق بولۇپ كەتكەن قوغۇن قېقى تېپىلدى. بۇ تۇرپان رايونىدا قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا قوغۇن ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىلادىيىدىن 2 ئەسىر ئىلگىرى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 119 ــ يىللىرى) ئۇيغۇر دىيارىغا ساياھەتكە كەلگەن جياڭ چيەننىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسىدە «قوس قۇرغاق، سۇ كام، يەر ئاستى سۈيى چوڭقۇر جاي ئىكەن. شۇڭا قوسلار يەر ئاستى قانالىرىنى قېزىپ سۇ چىقىرىپ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك قىلىپ كېۋەز، ئۈزۈم، قوغۇن، تاۋۇز ئۆستۈرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆستۈرگەن ئۈزۈم، قوغۇن، تاۋۇزلىرى ناھايىتى شېرىن، تەملىك ئىكەن. قوسلار ئاق كۆڭۈل، باتۇر، ئەمگەكچان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىجەز ــ خۇلق سۆزلىرى ئۆزلىرى يېتىشتۈرگەن ئۈزۈم، قوغۇنلاردەك خۇش تەبەسسۇم، تاتلىق ئىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس خۇسۇسىيىتى بولسا كېرەك» دەپ يازىدۇ. لى شياۋفاڭنىڭ مىلادىيىدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى يازغان «ئامانلىق تەپسىلىي خاتىرىسى» دە «خەن سۇلالىسىنىڭ خانى مىڭدى قوغۇن يەپ چۈش كۆرۈپ، قوغۇن تولىمۇ يوغان، تەملىك ئىكەن دېگەندە، قوغۇن غەربىي يۇرتتىكى قوس، دۇنخۇاڭ ئارقىلىق تارتۇق قىلىنغانىكەن» دەپ يېزىلىدۇ. سۇڭ لىفاڭمۇ «تەيپىڭگۇاڭ خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا (مىلادىيە 58 ــ 76 ــ يىللىرى) قوغۇن بەكمۇ تەملىك، مېزىلىك بولۇپ، تىلنى يارىدىكەن» دەپ يازىدۇ. بۇلاردىن يۇرتىمىزدىن قوغۇننىڭ مىلادىيىدىن بىر ــ ئىككى ئەسىر ئىلگىرىلا ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوغۇن، تاۋۇزنىڭ يۇرتىمىزدا پەيدا بولۇپ يېتىشتۈرۈلگەنلىكىنى، قوغۇننى ئۇيغۇرلار ناھايىتى بۇرۇن ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى تولۇق دەلىللەپ بېرەلەيدۇ. ئۇيغۇرلار قوغۇننى ياۋا قوغۇنلاردىن پايدىلىنىپ يېتىشتۈرگەنىكەن. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر رىۋايەتنى ئەسلەشكە توغرا كېلىدۇ. ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلاردا بىر ئوۋچى ئوغلى بىلەن ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن لۈكچۈننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى چىمەن تاغقا بېرىپتۇ. ئۇلار ئوۋدىن قايتىشىدا بىر بۇلاقنى كۆرۈپ قېلىپ، شۇ يەرگە چۈشكۈن قىلىپتۇ. بۇلاق بېشىدا نان يەپ، سۇ ئىچىپ قورساقلىرىنى تويغۇزۇپتۇ. ئۇلار قايتماق بولۇپ ئاتلىرىغا مىنمەكچى بولغاندا قېرى ئوۋچى بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. قارىسا ئوت ــ چۆپلەر ئارىسىدا يۇمىلاق نەرسىلەر تۇرغۇدەك، ئۇلارنى كۆرگەن ئوۋچىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئۇلارنى دەسسەپ يانجىپ تاشلاپتۇ. ئوغلى سىنچىلاپ قارىسا ئۇلاردىن خوش پۇراق چىقىپ تۇرغىنىدەك، ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ تۇمشۇ-

قى تەرىپىنى چاشقان يېگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. شۇندا ئۇ بالىنىڭ ئېسىگە چاشقان يېگەن نەرسە، ئادەمگە زىيان قىلمايدۇ دېگەن ئوي كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى يەپ كۆرۈشكە تەمشەلگەندە، ئاتىسى بالىنى «يېمە، قويغىن» دەپ ئاچچىقلاپتۇ (لۇكچۇندە قوي ـ قو دەپ، قويغىن ـ قوغىن دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ). لېكىن ئوغلى ئۇنى يەپ كۆرۈپتۇ. يېسە ناھايىتى شېرىن تەملىك ئىكەن، ئۇ ئاتىسىنى يېيىشكە كۆندۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر نەچچىنى ئۈزۈپ خورجۇنغا سېلىپ ئېلىپ كېتىپتۇ. ئەتىيازدا ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىغان ئىكەن، ناھايىتى شېرىن تەملىك بولۇپ پىشىپتۇ، شۇڭا ئۇنى «قويغىن» (قوغىن) دەپ ئاتاپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قوغىن ئاتالغۇسى «قوغۇن» بولۇپ ئۆزگىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قوغۇننىڭ نامى مەيدانغا كەلگەنىكەن. ئۇيغۇرلار ئىلگىرى ياۋا توخچانلاردىن ① پايدىلىنىپ ئۇنى تەكرار ـ تەكرار ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بۈگۈنكى ھالەتكە كەلتۈرگەن ئىكەن. قوغۇن بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، چېچەكى ئارقىلىق چاڭلىشىپ ئاسان شالغۇتلىنىدىغان ئۆسۈملۈك بولغىنى ئۈچۈن، ئەجدادلىرىمىز ئۇنى ئۆزگەرتىپ بىر قانچە ئون خىل تۈرگە، تىلنى يارىدىغان شېرىن ـ شەربەتلىك، ئىنسانلار ئىستېمال قىلىپ لەززەت ئالىدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەنلىكىدە شۈبھە يوق.

60 يىلدىن ئارتۇق قوغۇنچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھازىر 90 ياشتىن ھالقىغان تاغىمىز رېھىم ئاخۇننىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئەجدادلىرىمىز ياۋايى ساي توخچىنىدىن پايدىلىنىپ، ئۇزۇن يىللار ئۇنى تەكرار ـ تەكرار ئۆزگەرتىپ، ئۈزلۈكسىز شالغۇتلاشتۇرۇش نەتىجىسىدە قوغۇننىڭ يېڭى ـ يېڭى سورتلىرىنى يېتىشتۈرگەنلىكى ۋە قوغۇننىڭ رەڭگى، شاپىقىنىڭ قېلىن ـ نېپىزلىكى، تۈرلىنىش دەرىجىسى، تەمى، ئىچىنىڭ خىلمۇ خىل رەڭدە بولۇشى، گۆشىنىڭ نېپىز ـ قېلىنلىقى، ئۇرۇقىنىڭ گۆشىدىن ئاسان ئايرىلىش ـ ئايرىلماسلىقى، قوغۇن پىشقاندا ئۇنىڭ ساپىقىدىن ئايرىلىش ـ ئايرىلماسلىقى، بەزى قوغۇنلار پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلماي تاراسلاپ يېرىلىپ پىشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى، قوغۇن پىشقاندا مېززىلىك پۇرايدىغان ـ پۇرىمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر قانچە ئون خىل بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

مانا بۇ ئەھۋاللار قوغۇننىڭ يېڭى سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ قىسقىچە جەريانى. شۇڭا ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۇزۇن يىل جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈش بەدىلىگە بۈگۈنكىدەك قوغۇن تۈرلىرىنى يېتىشتۈرگەنلىكىنى قەيت قىلالايمىز.

1. ساي توخچىنى. يەنى ياۋايى توخچان، ئۇنىڭ رەڭگى ئاقۇش، گۆشى نېپىز، ئۇرۇقى كۆپ، ئىچى ئاق، ئاچچىق بولۇپ يېيىشكە بولمايدۇ. چوڭلۇقى غاز تۇخۇمىدەك بولىدۇ.

2. ئېتىز توخچىنى. چوڭلۇقى ساي توخچىنىدەك بولىدۇ. گۆشى نېپىز، شاپىقى نىسبەتەن قېلىن، رەڭگى كۆك، ئالا تىلىم ـ تىلىم بولىدۇ. ئۇرۇقى كۆپ، ئىچى كۆك چىقىدۇ، ئۇ تاتلىق بولۇپ يېيىشكە بولىدۇ.

3. سېرىق توخچان. چوڭ ـ كىچىكلىكى ئالدىنقى ئىككى خىلغا ئوخشايدۇ. رەڭگى سېرىق بولۇپ، تاتلىق پۇرايدۇ، گۆشى نېپىز، ئۇرۇقى كۆپ، ئىچى ئاقۇش بولۇپ يېيىشكە بولىدۇ.

4. ئاق لىگا. رەڭگى ئاپپاق، گۆشى قېلىنراق، يۇمشاق، ئىچى ئاق، ئۇرۇقى شالاڭ چوڭراق، ئۇرۇقى گۆشىگە چاپلاشمايدۇ. تەملىك، يېيىشكە يۇمشاق بولۇپ، چوڭلۇقى مۇشتۇمدەك كېلىدۇ.

5. كۆك لىگا. رەڭگى كۆكۈش بولۇپ، شاپىقى نېپىز، گۆشى قېلىن، ئۇرۇقى كۆپ،

① توخچان ——تۇرپاندا ئۆسىدىغان پىلەكلىك ئۆسۈملۈك، مېۋىسى ياڭاقچىلىك، رەڭگى بەئەينى تاۋۇزغا ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن تولىمۇ ئاچچىق بولۇپ، يېگىلى بولمايدۇ. (تەھرىر ئىزاھى)

2005.2

ئۇرۇقى گۆشىگە يېپىشمايدۇ. ئىچى كۆكۈش، تەملىك ھەم پۇراقلىق، يۇمشاق، تاتلىق، پىشقاندا رەڭگى ئاقۇش بولۇپ قالىدۇ، ساپىقىدىن ئايرىلمايدۇ.

6. سېرىق چىلگە (ئوينىغۇچ). رەڭگى سېرىق، شاپىقى نېپىز، ھەم تىلىم-تىلىم شەكلىدە بولۇپ، ئىچى قىزىل چىقىدۇ. گۆشى قېلىنراق، پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلمايدۇ، ئازراق تورلىشىدۇ، تەمى تاتلىق بولىدۇ.

7. تىلىملىق چىپار چىلگە. رەڭگى كۆك چىپار بولۇپ، شاپىقى تىلىم-تىلىم شەكلىدە بولىدۇ، پىشقاندا ئالا سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. شاپىقى قېلىنراق، گۆشى قېلىن، ئىچى ئاقۇش چىقىدۇ. ساپاق تەرىپى تورلىشىدۇ، تەملىك.

8. كۆك چىلگە. رەڭگى كۆك، شاپىقى قېلىن، ئىچى كۆك بولۇپ، گۆشى قېلىن، پىشقاندا كۆك رەڭ ئالىدۇ. ئۇنىڭ تومشۇق تەرىپى ساغىرىپ ساپاق تەرىپى كۆپىرەپ تورلىشىدۇ.

9. سېرىق كاللەك. رەڭگى توم سېرىق بولۇپ، تورلاشمايدۇ. شاپىقى قېلىن، قاتتىق، گۆشى قېلىن، ئىچى كۆكۈش چىقىدۇ. پىشقاندا قىزغۇچ سېرىق ھالەتكە كېلىدۇ. تەملىك بولۇپ، قەنت تەمى بار. پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلىدۇ، ئۇرۇقى شالاڭ بولۇپ گۆشىگە يېپىشمايدۇ.

10. تورلاشقان سېرىق كاللەك. رەڭگى ئالا سېرىق بولۇپ، شاپىقى، گۆشى قېلىن، ئىچى كۆك، ئۇرۇقى شالاڭ بولۇپ، گۆشىگە يېپىشمايدۇ. ئۇنىڭ تومشۇق تەرىپىدىن باشقا جايلىرى قويۇق تورلىشىدۇ. پىشقاندا سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. خۇشپۇراق پۇرايدۇ.

11. تىلىملىق ئاق قوغۇن. رەڭگى تىلىم-تىلىم شەكىلدىكى ئاق رەڭدە بولىدۇ. شاپىقى نېپىز ھەم چۈرۈش بولىدۇ. گۆشى قېلىن، ئىچى قىزىل بولۇپ، ئاساسەن تورلاشمايدۇ. ناھايىتى تاتلىق، پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلىدۇ ھەم سەل-پەل ساغۇچ ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ.

12. بەگزادە. رەڭگى قارا كۆك، شاپىقى نېپىز، گۆشى قېلىنراق، ئىچى كۆك، ناھايىتى شېرىن تەملىك بولىدۇ. شالاڭ تورلىشىدۇ. پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. ئۇرۇقى گۆشىدىن ئاسان ئايرىلىدۇ.

13. پىياز پوستى. رەڭگى سۇس كۆكۈش بولىدۇ. شاپىقى ناھايىتى نېپىز ھەم تىلىم-تىلىم شەكلىدە بولىدۇ. گۆشى قېلىن، ئىچى قىزغۇچ بولۇپ، تەملىك، ئۇرۇقى شالاڭ، پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلىدۇ. قەنت تەمى بار. ئۇ شېرىن تەملىك ھەم شەربەتلىك بولغىنى ئۈچۈن، ياشانغانلار يېيىشكە باب كېلىدۇ.

14. شېكەر سۈيى. رەڭگى قارامتۇل كۆك، شاپىقى نېپىز، گۆشى قېلىن، ئىچى قىزغۇچ تاتلىق، سۇلۇق بولىدۇ ھەم شېرىن تەملىك شېكەردەك بولغىنى ئۈچۈن شېكەر سۈيى دەپ ئاتىلىدۇ. پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلىدۇ، ساپاق تەرىپى ئاز تورلىشىدۇ.

15. ناشېكەر. بەئەينى شېكەر دېگەنلىك بولىدۇ، رەڭگى سۇر كۆكۈش، شاپىقى نېپىز، گۆشى قېلىن، ئىچى كۆك، چۈرۈش، سۇلۇق بولۇپ، نەشپۈتتەك تەمى بار. شاپىقى شالاڭ تىلىم-تىلىم شەكلىدە بولىدۇ. پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلىدۇ.

16. جاغدا قوغۇن. (يازلىق قوغۇن). رەڭگى ئالا سېرىق، ئۆزى كىچىك، شاپىقى نېپىزرەك، گۆشى قېلىن، ئىچى ئاق، يۇمشاق بولىدۇ. شاپىقى تىلىم-تىلىم شەكلىدە بولۇپ، تورلىشىدۇ. پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلىدۇ ۋە ساغۇچ رەڭگە ئۆزگىرىدۇ.

17. بېشەكچە (بەشاشلىك). رەڭگى تىلىم-تىلىم شەكلىدە سېرىق بولۇپ، يوغان، يۇمىلاق كېلىدۇ. ئۇنىڭ شاپىقى نېپىز، گۆشى ئالاھىدە قېلىن، ئىچى كۆكۈش بولۇپ، يۇمشاق، بەك تەملىك بولىدۇ. شۇڭا ئۇ قوغۇننى ياشانغانلار بەك ياقتۇرۇپ يەيدۇ، پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلىدۇ، ئۇرۇقى گۆشىدىن ئاسان ئايرىلىدۇ، بۇ قوغۇن دىيارىمىزنىڭ جەنۇب، شىمال رايونلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە تېرىلىدۇ.

18. قارا بېشەكچى. رەڭگى قارا كۆك چىپار بولىدۇ. يوغان، يۇمىلاق، تىلىملىق شەكلىدە بولۇپ، شاپىقى نېپىزرەك، گۆشى ناھايىتى قېلىن، ئىچى ساغۇچ ئاق رەڭدە بولىدۇ. ئۇ

شېرىن تەملىك، سۇلۇق، يۇمشاق بولۇپ، پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلىدۇ. پىشقاندا ساپاق تەرىپى تورلىشىدۇ ھەم تۇمشۇقى ساغۇچ رەڭ ئالىدۇ.

19. كۆكچى قوغۇن. رەڭگى كۆك، شاپىقى، گۆشى قېلىن، ئىچى كۆك، تاتلىق، چۇرۇش، سۇلۇق بولىدۇ، تورلىشىدۇ، پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلىدۇ، ئۇرۇقى گۆشىدىن ئايرىلىدۇ.

20. ئايسىخان كۆكچى. رەڭگى ئاقۇش چار كۆك بولىدۇ. شاپىقى نېپىز، تۈزۈلۈشى مۇردۇڭ كۆرۈمسىز بولىدۇ. گۆشى قېلىن، ئىچى قىزغۇچ (سېغىز توپىدەك) بولۇپ ناھايىتى تاتلىق، سۇلۇق، چۇرۇش، ئۇنىڭ ساپاق تەرىپى ئازراق تورلىشىدۇ، پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلىدۇ ھەم تۇمشۇق تەرىپى ئاقۇش ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ، ئۇنىڭ تەمى نەشپۈتتەك شېرىن، تاتلىق.

21. بادام قوغۇنى. بۇ كېۋەز ئارىسىغا تېرىلىدىغان قوغۇن بولۇپ، رەڭگى سېرىق ياكى ساغۇچ، شاپىقى نېپىز، پىشقاندا ساپىقىدىن ئاسان ئايرىلىدۇ. شۇڭا ئۇنى ساقلاپ يېيىشكە بولمايدۇ. ئاسان بۇزۇلىدۇ، گۆشى قېلىن، يۇمشاق، ئىچى قىزىل بولۇپ ساپاق تەرىپى ئازراق تورلىشىدۇ، بەك پۇرايدۇ.

22. سېرىق كۆكچى. رەڭگى سېرىق، شەكلى ئۇزۇنچاق بولۇپ، تۇمشۇق تەرىپى ئۇچلۇق، شاپىقىنىڭ ھەممە يېرى تورلىشىدۇ، شاپىقى قېلىن، ئىچى ئاق، ئۈستى قېلىن، قاتتىقراق بولۇپ، ناھايىتى شېرىن، تەملىك ۋە ئېغىر بولىدۇ.

23. ئاق كۆكچى. ئۇنىڭ رەڭگى ئاقۇش، يوغان بولىدۇ. شاپىقى قېلىن، ئىچى ئاق، گۆشى قېلىن، ناھايىتى تاتلىق. ئۇ پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلىدۇ، پىشقاندا ساغۇچ رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ساپاق تەرىپى تورلىشىدۇ، ئۇرۇقى گۆشىدىن ئايرىلىدۇ.

24. ئاق كاللەك. رەڭگى ئاق، يۇمىلاق بولىدۇ. شاپىقى قېلىن، ئىچى كۆكۈش چىقىدۇ. ساپاق تەرىپى ئازراق تورلىشىدۇ، قاتتىق، چىداملىق. پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلىدۇ ھەم تۇمشۇق تەرىپىدىكى چېچەك ئورنى ساغىرىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ گۆشىنىڭ ئۈستى تەرىپى ناھايىتى شېرىن تاتلىق، ئەمما شاپاق تەرىپى تەمسىز بولىدۇ.

25. ھوڭ قوغۇنى (سېرىق قوغۇن). بۇ جاي نامى بىلەن ئاتالغان قوغۇن بولۇپ، بۇ جاي پىچان ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بىر مەھەللە، ھوڭ دېگەن تەتقىقاتلارغا قارىغاندا ئەسلىدە ھۇن مىللىتىنىڭ نامىدىن كەلگەن. ئۇ يەرنىڭ قوغۇنى سېرىق رەڭلىك، ئەمما، ساپاق تەرىپى ئازراق كۆكۈش، كىچىك بولىدۇ. شاپىقى ناھايىتى نېپىز، گۆشى قېلىن، ئىچى ئاق، بەك شېرىنلىك ھەم تاتلىق بولىدۇ. ئۇ قوغۇن زەيكەش، شورلۇق يەرگە ئورا (كۆلچەك) ئويۇلۇپ تېرىلىدۇ. يىل بويى سۇغىرىلمايدۇ، سۇغىرىلسا ياكى يامغۇر ياغسا قۇرۇپ قالىدۇ. قوغۇن پەلىكى ئۇزۇن بولمايدۇ. ئەمما قوغۇن كۆپ چۈشىدۇ. ئۇنىڭ ساپاق تەرىپى ئازراق تورلىشىدۇ، پىشقاندا سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ساپىقىدىن ئايرىلىدۇ، ئۇرۇقى گۆشىدىن ئاسان ئايرىلىدۇ. مەخسۇس قوغۇن قېقى سېلىشقا باب كېلىدۇ. ئۇنىڭ گۆشى قېلىن، ناھايىتى شېرىنلىك بولغىنى ئۈچۈن، قاق سېلىنسا پەقەت سېسىمايلا قۇرۇيدۇ. ئۇ يۇمشاق قوغۇن بولۇپ ئۇزۇن ساقلاشقا بولمايدۇ. ھوڭ قوغۇنىنى يېگەندە شىرنىسى قولغا يېپىشىپ قالسا بەش بارماقنى ئاجرىتىش ناھايىتى قىيىن بولىدۇ. شۇڭا ھوڭ قوغۇنىنىڭ خېمىكىمۇ پىشقان قوغۇندەك تاتلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ شاپىقى نېپىز، ئۆزى يۇمشاق بولغىنى ئۈچۈن ئۇزۇن ساقلاپ قىشچە يېيىشكە چىدىمايدۇ.

يۇقىرىدا يېزىلغان قوغۇن تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى يازلىق قوغۇنلار دېيىلىپ، ئۇلار پىشقاندا ساپىقىدىن ئاجراپ تۇرمايدۇ. ئۇلارنى ئۇزۇن ساقلاشقا باب كەلمەيدۇ.

26 . ئاق ناۋات. رەڭگى ناۋاتتەك ئاق بولۇپ، يوغان، ئۇزۇنچاق بولىدۇ. شاپىقى نېپىز، تورلىشىدۇ، گۆشى قېلىن، ئىچى ئاق، تەملىك، چۈرۈش، سۈيى چاچراپ تۇرىدۇ. تەمى ناۋاتتەك شېرىن. شۇڭا ئۇنى ئاق ناۋات دەيدۇ. ئۇرۇقى گۆشىدىن ئاسان ئايرىلمايدۇ، پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلمايدۇ، ئەمما تۇمشۇق تەرىپى يۇمشاق، سېرىق ناۋات رەڭگىگە كىرىدۇ.

27 . سېرىق مىجىگەن. رەڭگى تۇم سېرىق بولۇپ، پۈتۈنلەي تورلىشىدۇ. شاپىقى قېلىن، قاتتىق، يوغان بولىدۇ. گۆشى قېلىن، ئىچى قىزىل بولۇپ، پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلمايدۇ، پۇرايدۇ، تۇمشۇقى يۇمشايدۇ.

28 . ئاق مىجىگەن. رەڭگى ئاق، پۈتۈنلەي تورلىشىدۇ. شاپىقى قېلىن، قاتتىق، چۈرۈش بولىدۇ. گۆشى قېلىن، ئىچى ئاق چىقىدۇ. ئۇرۇقى گۆشىدىن ئاسان ئايرىلمايدۇ، پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلمايدۇ، تۇمشۇق تەرىپى يۇمشاق، سۇس ساغۇچ رەڭگە ئۆزگىرىدۇ.

29 . چار مىجىگەن. ئۇنىڭ رەڭگى قارا چىپار بولىدۇ. ئۆزى يوغان، كېلەڭسىز، ھۈر – دۈڭ ھەم قورسىقى يوغان، ساپاق، تۇمشۇق تەرەپلىرى ئىنچىكە بولىدۇ. ئۇنىڭ شاپىقى، گۆشى قېلىن بولۇپ، ئىچى قىزىل چىقىدۇ. شالاڭ تورلىشىدۇ. گۆشىدىن ئۇرۇقى ئاسان ئايرىلمايدۇ. پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلمايدۇ، بەلكى تاراسلاپ يېرىلىپ پىشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. پىشقاندا شاپىقىنىڭ كۆپ يېرى ئاق چىپار رەڭگە ئۆزگىرىدۇ.

30 . قاراقاش مىجىگەن. رەڭگى ئاقۇش كۆك بولۇپ، يوغان بولىدۇ. تۇمشۇق تەرىپىدە قارا رەڭلىك ئۇزۇن سىزىقچىلار بولغىنى ئۈچۈن قاراقاش مىجىگەن دەپ ئاتالغان. ئۇ يوغان، شاپىقى قېلىن، چىدامliq قوغۇن. ئۇنىڭ گۆشى قېلىن، ئىچى كۆك، بەزىلىرىنىڭ ئىچى قىزغۇچ بولىدۇ. ئۇرۇقى گۆشىدىن ئاسان ئايرىلمايدۇ، پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلمايدۇ، ئەمما تۇمشۇق تەرىپىدىكى قارا سىزىقچىلار كۆك رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئۇ بەك شېرىن تەملىك قوغۇن بولۇپ، تورلىشىدۇ.

31 . كىرپە مىجىگەن. رەڭگى ئاقۇش، ئۆزى كىچىك كىرپىگە ئوخشايدۇ. ناھايىتى قويۇق تورلىشىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ شاپىقى قېلىن، يىرىك بولغىنى ئۈچۈن كىرپىگە ئوخشاتقان. ئۇنىڭ شاپىقى، گۆشى قېلىن، ئىچى كۆك بولىدۇ. ئۇ ناھايىتى لەززەتلىك قوغۇن، پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلمايدۇ، ئۇرۇقى گۆشىدىن ئاسان ئايرىلمايدۇ، پىشقاندا تۇمشۇقىدىكى چېچىكى ۋە ساغۇچ رەڭگە ئۆزگىرىدۇ.

32 . دىغار مىجىگىنى. رەڭگى كۆك سېرىق بولۇپ، شور ئارىلاش قۇملۇق زەيكەش يەرگە تېرىلىدۇ. ھۆل قوغۇندەك يىل بويى سۇغىرىلمايدۇ. ئۇ كىچىكرەك بولىدۇ. شاپىقى نېپىز، گۆشى قېلىن، شېرىنلىك، ئىچى قىزىل بولۇپ، ساپاق تەرىپى تورلىشىدۇ، تۇمشۇق تەرىپى تورلاشمايدۇ. پىشقاندا سېرىق رەڭ ئالىدۇ. پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلمايدۇ، ئۇ بەك تەملىك بولۇپ، قوغۇن قېقى سېلىشقىمۇ باب كېلىدۇ.

33 . ھوڭنىڭ سېرىق كۆك قوغۇنى. رەڭگى سېرىق كۆك (ساپاق تەرىپى كۆك، تۇمشۇق تەرىپى سېرىق) بولۇپ خېلى يوغان بولىدۇ. شاپىقى قېلىنراق، گۆشى قېلىن، ئىچى قىزىل – كۆك چىقىدۇ. ئۇ زەيكەش شورلۇق يەرگە تېرىلىپ، يىل بويى سۇغىرىلمايدۇ. ناھايىتى كۆپ چۈشىدۇ. گۆشىمۇ قېلىن، ئىچى كۆك ياكى قىزغۇچ بولىدۇ. پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلمايدۇ، تاراسلاپ يېرىلىدۇ، ئۇ ناھايىتى شېرىن تەملىك شەربەتلىك بولىدۇ، ساپاق تەرىپى تورلىشىدۇ، تۇمشۇق تەرىپى تورلاشماي يۇمشايدۇ. خەمىكى پىشقان قوغۇنلاردەك تاتلىق بولىدۇ.

34 . قارا كۆسەي. رەڭگى قاراكۆك، ئۇزۇنچاق بولىدۇ. بۇ قوغۇن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پەيزىۋات، شېكەركۆل بويلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ، ئۆزى يوغان، شاپىقى نېپىز، گۆشى قېلىن، ئىچى قىزىل بولىدۇ. پىشقاندا ساپىقىدىن ئاي-

رىلمايدۇ، ئۇرۇقى گۆشىدىن ئايرىلمايدۇ، تورلاشمايدۇ، بەك تەملىك بولۇپ، ساقلاپ يېيىشكە باب كېلىدۇ.

35. قارا ئۇزۇن قوغۇن: رەڭگى قارا بولۇپ، مەشىنىڭ كانىيىدەك ئۇزۇن بولىدۇ. ساپاق ھەم تۇمشۇق تەرىپى ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. شاپىقى قېلىن، گۆشىمۇ قېلىن، ئىچى قىزىل ھەم تەملىك بولىدۇ. پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلمايدۇ، تۇمشۇق تەرىپىدىكى چېچەك ئورنى سەل ساغۇچ رەڭ ئالىدۇ.

36. كۆك تاش: رەڭگى كۆك بولۇپ تاشقا ئوخشايدۇ. يۇمىلاق، بەك چوڭ بولمايدۇ. شاپىقى قېلىن، قاتتىق بولىدۇ. گۆشى قېلىن، ئىچى كۆك چىقىدۇ. تورلىشىدۇ. پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلمايدۇ، بوز رەڭگە كىرىدۇ، تەمى تاتلىق.

37. ئاق تاش: رەڭگى ئاق بولۇپ، تاشتەك قاتتىق يۇمىلاق بولىدۇ. تورلىشىدۇ. شاپىقى يىرىك، شاپىقى، گۆشى قېلىن، ئىچى ئاق، تەملىك بولىدۇ. پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلمايدۇ، تۇمشۇق تەرىپى يۇمشاق، ساغۇچ رەڭگە ئۆزگىرىدۇ.

38. ئاق باۋشۇق: رەڭگى ئاق، تۇمشۇقى ئۇچلۇق، شاپىقى، گۆشى قېلىن، ئىچى ئاق بولىدۇ. ناھايىتى شىرىنلىك، تەملىك، پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلمايدۇ، تۇمشۇقىدىكى چېچەك ئورنى ساغۇچ ھالەتتە بولىدۇ.

39. قارا باۋشۇق: رەڭگى قارا كۆك بولۇپ، شەكىل جەھەتتە ئاق باۋشۇققا ئوخشايدۇ. شاپىقى سەل نېپىز، گۆشى قېلىن، ئىچى قىزىل چىقىدۇ. بەك تاتلىق، تورلىشىدۇ. پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلمايدۇ، تۇمشۇق تەرىپى يۇمشايدۇ.

40. كۆك پەرى: رەڭگى كۆك، شەكلى توپتەك يۇمىلاق، قويۇق تورلىشىدۇ. شاپىقى قېلىن، گۆشى ئالاھىدە قېلىن، ئىچى قىزغۇچ بولۇپ، پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلمايدۇ، تۇمشۇق تەرىپى ئازراق يۇمشايدۇ، بۇ قوغۇن شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى جىڭ ناھىيىسىدە كۆپرەك تېرىلىدۇ.

41. سېرىق پەرى: شەكلى كۆك پەرىگە ئوخشايدۇ. رەڭگى ئالا ـ تاغىل، تىلىم ـ تىلىم شەكىلدە بولىدۇ. كۆپ تورلاشمايدۇ. شاپىقى، گۆشى قېلىن، ئىچى كۆكۈش چىقىدۇ. پىشقاندا ھەممە يېرى سېرىق ئالا رەڭ ئېلىپ، ناھايىتى چىرايلىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى كىشىلەر پەرىگە ئوخشىتىپ سېرىق پەرى دەپ ئاتىغان. ئاساسەن جىڭ ناھىيىسى بىلەن خوتەندە كۆپ تېرىلىدۇ. تەمى شېرىن.

42. گىلاس: رەڭگى كۆككە مايىل بولۇپ، بۇ قوغۇن ئاساسەن ئىلى ۋادىسىدا تېرىلىدۇ. ئۇنىڭ شاپىقى قېلىنراق، گۆشى قېلىن، ئىچى كۆك بولۇپ، تەمى گىلاسنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ.

43. سېرىق بۇلاق (سېرىق يۇمىلاق): رەڭگى سېرىق يۇمىلاق بولىدۇ. ئىلى ۋادىسىدا تېرىلىدۇ. تورلىشىدۇ. ئۇنىڭ شاپىقى قېلىنراق، گۆشى قېلىن، ئىچى قىزغۇچ بولۇپ، پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلمايدۇ، شېرىن تەملىك.

44. قارا كۆكچى: رەڭگى قارا، چوڭ بولىدۇ. شاپىقى، گۆشى قېلىن، چۈرۈش، سۇلۇق بولۇپ، ئىچى قىزىل چىقىدۇ. تەكشى تورلىشىدۇ، پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلمايدۇ. پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلمايدىغان قوغۇنلار كۈزلۈك قوغۇنلار دېيىلىپ، ئۇلار 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 9 ـ ئاينىڭ باشلىرى پىشىشقا باشلايدۇ. كۈزلۈك قوغۇنلار چىداملىق بولغىنى ئۈچۈن قىشچە ساقلاپ يېيىشكە بولىدۇ.

45. كۆك پىشا كۆكچى: كۆكۈش بوز رەڭدە، كۆرۈمسىز، چوڭ بولىدۇ. ھەم يوغان، ھەم ئۇزۇن، شاپىقى، گۆشى بەك قېلىن، ئىچى قىزىل چىقىدۇ. كۈز ئايلىرىدىمۇ، پىشماي قاتتىق تۇرىدۇ. تەكشى تورلىشىدۇ، ئۇنى كۈزدە يېيىشكە بولمايدۇ، تەمسىز بولۇپ، ئۇنىڭغا چالا ئۈششۈك تەگكەندە تەم كىرىدۇ، شۇڭا ئۇ قوغۇننى قىشچە ساقلاپ ياندۇرقى يىلى ئەتىياز

2005.2

2 ـ 3 ـ ئايلاردا ئىستېمال قىلىنىدۇ. شۇ چاغدا شېرىن تەمگە كىرىپ كىشىلەرگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ قىشلىق قوغۇن ياكى يىل ئاشتى قوغۇن دەپ ئاتىلىدۇ.

46. ياۋا قوغۇن: 1961 ـ ۋە 1981 ـ يىلى پىچان بىلەن قۇمۇل رايونىدا ياۋا قوغۇننىڭ بايقالغانلىقىنى گېزىتتە ئېلان قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ رەڭگى، شەكىل ھالىتى، تەمى، تورلىنىش ـ تورلاشماسلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بېرىلمىگەن. شۇنداقتىمۇ ياۋا قوغۇن دىيارىمىزدا ئۆستۈرۈلىدىغان قوغۇنلارنىڭ بىر تۈرى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

مەلۇمكى ئۇزاق تارىختىن بۇيان، دىيارىمىزدا تېرىلىدىغان قوغۇن، تاۋۇزلار يوغان ھەم شېرىن تەملىك بولۇپ، كىشىلەرنىڭ دىل ھوزۇرىغا لەززەت ئاتا قىلغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن مىلادىيە 1280 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسىنىڭ دىيارىمىزغا كەلگەن ساياھەتچىسى لى چىچاڭنىڭ «ئەۋلىيا چۇ جۇجىنىڭ غەربكە قىلغان زىيارىتى» دېگەن خاتىرىسىدە «تۇرپان ۋادىسىدىكى لۈكچۈننىڭ شاپىقى قېلىن، سېرىق كۆكچى قوغۇنلىرى ياستۇقتەك يوغان بولۇپ، تەمى تىلنى يارىدۇ، بالدەك تاتلىق، ئىكەن» دەپ يازغانىكەن. دەرۋەقە 1958 ـ يىلى كۈزدە پىچان ناھىيىسىدە يېتىشتۈرۈلگەن قوغۇنلارنىڭ شېكەر تەركىبىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا تاغىمىز رېھىمئاخۇن تېرىغان قاراقاش مىجىگەنىنىڭ شېكەر ماددىسى 17% كە يېتىپ، ناھىيە بويىچە 1بىرىنچى بولۇپ باھالانغان.

كېيىن 1962 ـ يىلى كۈزدە ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر تۇرپان بىلەن قۇمۇل ۋىلايەتلىرىدە تېرىلغان قوغۇنلارنىڭ تەمىنى سېلىشتۇرۇپ باھالىغاندا، يەنىلا تاغىمىز رېھىمئاخۇن تېرىغان ئاقناۋات دېگەن قوغۇننىڭ شېكەر ماددىسى 18% كە يېتىپ، بىرىنچى دەرىجىدە باھالىنىپ مۇكاپاتلىنىپ ھەم تەقدىرنامە ئالغان. بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللار ھازىرمۇ تاغىمىزنىڭ قولىدا بار.

ھالبۇكى ھەممە ئىشنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئەگىشىپ، دىيارىمىزدا ئۆستۈرۈلىدىغان قوغۇن، تاۋۇزلارمۇ كىچىك، كۆرۈمسىز ھەم تەمسىز بولۇپ، لاۋزىلاشتى. شۇڭا ھازىر قوغۇن، تاۋۇز بىلەن تەرخەمەكنىڭ تەمى ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۆتكەنلەردە قوغۇن، تاۋۇزلار ناھايىتى يوغان، تەملىك بولىدىغان ئىدى، ھازىر ئۇنىڭ يوغانلىقى ۋە شېرىن لەززەتلىك تەمى يوقۇلۇشقا باشلىدى.

ئالايلى، 1953 ـ يىلى پىچان بازىرىنىڭ شىمالىدىكى ھېزلا مازىرىنىڭ ئەتراپىدىكى كونا قەبرىستانلىقنى قارا بارات ئىسىملىك دېھقان تۈزلەپ، يەر ئېچىپ قوغۇن، تاۋۇز تېرىغان ئىدى، ئۇ تېرىغان قوغۇن، تاۋۇزلار ناھايىتى يوغان ھەم تەملىك ئىدى. شۇڭا بارات ئاكا قوغۇنلۇقتىكى قارا تاۋۇزلىرىنى كۆرسىتىپ، كىم تاۋۇزدىن بىرنى كۆتۈرۈپ 15 قەدەم ماڭالىسا ئۇنىڭدىن پۇل ئالمايمەن دېگەن. لېكىن بىز بارات ئاكا كۆرسىتىپ بەرگەن تاۋۇزدىن بىرنى كۆتۈرۈپ 15 قەدەم ماڭالماي ئۇتتۇرۇپ قويغان. مەلۇم بىر كۈنى قوغۇنلۇقتىكى يوغان قارا تاۋۇزنى ئۆلچەپ كۆرسەك، ئۇ 105 كىلوگرام چىقتى. ئەينى چاغدىكى پىچان 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن روزىمەت قۇربان، ياقۇپ يۇسۇپ، شېرىپ نامەت، سەيپۇل سىتىنىياز، ئابلا يۇسۇپ، مۆمىن قادىرلار نەق مەيداندا بار ئىدۇق. تاغىمىز رېھىمئاخۇننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىز نەچچە مىڭ يىللىق دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا تەكرار ـ تەكرار ئۇزاق مۇددەت ئەمەلىي تەجرىبىلەردىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق قوغۇنلارنىڭ يازلىق، كۈزلۈك، قىشلىق سورتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رەڭ تۈرى، تەمى، يوغانلىقى، شاپىقى ۋە ئىچىنىڭ خىلمۇ خىل رەڭدە بولۇشى، گۆشىنىڭ تەملىك، چۈرۈش، سۇلۇق بولۇشى، ئۇرۇقىنىڭ گۆشىگە يېپىشقاق بولۇش ـ بولماسلىقى، تورلىنىشچانلىقى، پىشقاندا ساپىقىدىن ئايرىلىدىغان ـ ئايرىلمايدىغانلىقى، پۇراقلىقلىقى قاتار-

لىق سورتلىرىنى يېتىشتۈرگەن. بۇ سورتلارنى تۆۋەندىكى ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈشكە بولىدىكەن.

قوغۇننىڭ ئۇرۇقىدىن ئۇرەن تاللاش ئۈچۈن، ياخشى پىشقان قوغۇننىڭ ئۇرۇقىنى ئېلىپ ئۈچ بۆلەككە بۆلىنىدۇ، قوغۇننىڭ تۇمشۇق، ئوتتۇرا ۋە ساپاق تەرىپىدىكى ئۇرۇقلار ئايرىم - ئايرىم ئېلىپ ئايرىم ساقلىنىدۇ. شۇنىڭدا قوغۇننىڭ تۇمشۇق تەرىپىدىن ئېلىنغان ئۇرەن تېرىلسا يازلىق قوغۇن پىشىدۇ، ئوتتۇرا قىسمىدىن كۈزلۈك قوغۇن، ساپاق تەرەپتىن قىشلىق قوغۇن بولىدۇ. قوغۇننىڭ ياخشى سورتىنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قوغۇننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن تاللانغان ئۇرۇقتىن ئۇرەن ئېلىپ تېرىلىدۇ. بۇ ئەجدادلىرىمىز ئۇزۇن يىللىق قوغۇنچىلىق ئەمەلىي تارىخىنىڭ يەكۈنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قوغۇن، تاۋۇزلارنى يوغان، تەملىك قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئازراق شورى بار توپىلىق بوز يەرگە تېرىلىدۇ. قوغۇن مايسىسى ئۈنۈپ ئىككى - ئۈچ قۇلاق بولغاندا ئۇنىڭ يىلتىزى ئاستىغا قوي قىغى ئوغۇت قىلىپ بېرىلىدۇ. قوغۇن چېچەكلەپ سويمىلىغاندا (خەمەكدىگەندە) قوغۇننىڭ يىلتىزىغا يۆلەپ كۆك بۇيا ياكى كونا سوقما تامنىڭ توپىسى ئوغۇت ئۈچۈن بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قوغۇن ھەم يوغان، ھەم تاتلىق بولۇپ پىشىدۇ. قوغۇننى بىر ئورۇنغا تەكرار تېرىشقا بولمايدۇ. قوغۇن تېرىلىدىغان يەرنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا قوغۇن تېرىغان يەردىن شۇم بۇيا ئۈنۈپ چىقىپ قوغۇننى لاۋزىلاشتۇرۇپ، يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ قويىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، ھازىر قوغۇن، تاۋۇزلارنىڭ سورتلىرى ئازىيىپ، دانىسى كىچىكلەپ ھەم تەمسىز، ئۇزۇن ساقلاشقا چىدىمايدىغان بولۇپ، يۇقۇملۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئالايلى، قۇتۇبىنىڭ يوغان قارا تاۋۇزى، ئىلىنىڭ قوزىباي يوغان تاۋۇزلىرىنىڭ ھەسەلدەك تەمى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يوغان چىپار تاۋۇزلىرى ۋە لۈكچۈننىڭ يوغان ئىچى سېرىق چىقىدىغان قۇم تاۋۇزلىرى يوقاپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاكادېمىكلىرىمىزنىڭ يەرلىك پېشقەدەم قوغۇن تېرىش ئۇستىلىرىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆتكەنكىدەك دىلغا ھوزۇر، تىلغا لەززەت، جانغا راھەت ئاتا قىلىدىغان شېرىن شەربەتلىك قوغۇن، تاۋۇزلىرىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ۋاھالەنكى ھازىر قوغۇن ئۆستۈرۈش ئىشلىرى تېخىمۇ ئىلمىيلاشتى ھەم قوغۇن تۈرلىرىمۇ ئۆزلۈكسىز كۆپەيدى، سورتلىرىمۇ سەرخىللاشتى. بولۇپمۇ تۇرپان ئويمانلىقىدا ئۆستۈرۈلىۋاتقان قوغۇنلار پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ھەر خىل سورتلىرى يېتىشىپ، تۈرلىرى كۆپىيىپ بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ تۇرپان قوغۇنىنىڭ داڭقى يىراق - يىراقلارغا تارالماقتا. بۈگۈنكى كۈندە دىيارىمىز تۇرپان، لۈكچۈن، پەيزىۋات، مارالبېشى، جىڭ ناھىيىسى ۋە ئىلى قاتارلىق جايلاردا يېتىشتۈرۈلگەن شېرىن - شەربەتلىك قوغۇنلار ئانا ماكانىدىن تەزدۇرۇلۇپ «قۇمۇل قوغۇنى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

مۇنداق ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ «خۇيچاڭ تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، مىلادىيە 1696 - يىلى چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان قۇمۇلنىڭ ھاكىمبېگى ئەبەيدۇللا تارخانبەگ چىڭ خانى كاڭشى خانغا سوۋغا قىلغان لۈكچۈننىڭ چىدامىلىق، پوستى قېلىن، شېرىن - شەربەتلىك كۈزلۈك قوغۇنلىرىنى قۇمۇلغا كەلتۈرۈپ، خان ئوردىسىغا تارتۇق قىلغان. بۇ قوغۇننى يېگەن كاڭشىخان «قۇمۇل قوغۇنى بەك ياخشىكەن» دەپ ماختاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دىيارىمىزنىڭ داڭلىق قوغۇنلىرى «قومۇل قوغۇنى» (哈蜜瓜) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ قالغان.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# Contents

## Archaeological and cultural relic research

▶ *Yanghei ancient tomb group and its protection.* ................ *Wali . Mayit (1)*
▶ *Scythian cultural relics and the cultural feature in xinjiang archaeological excavation* ........................................ *Hasanjian . Jumahun (6)*
▶ *Uygur medicine literature in" Turpan unearthed cultural relics"* ........................................ *Abliz . Muhammat (12)*

## Researches on Turpan

▶ *Analysis and Research on Chinese inscriptions of " Stele f Protectorate Qocho idiqut Kingdom merit"* .................................. *Qian Boquan (22)*
▶ *Descendants of Khan of Eastern Chahatai Khan Kingdom in Luekchun.* .................................. *Helimniyaz . Qadir (43)*
▶ *Record of Bayergu Tribe in " Terhin" stele inscriptions.* .................................. *Ablahat . Kamalov (47)*

## Research on Qocho Uygur Culture

▶ *Record of "number stamp" in literature of economy and society of Qocho Uygur.* .................................. *Isimayil . Tömur (53)*
▶ *Impact of Manichean over Buddhist arts in Turpan area.* .................................. *Arkin . Iminniyaz . Qutluq (62)*

▶ *On architectural structure of Bizaeklik Thousand – Buddha Caves.* .................................. *Osman . Muhammad (69)*

## Research on culture, sports and entertaunment of Turpan

▶ *On cockfight amusement of Uygur of Turpan.* .............. *Osman . Israyil (71)*
▶ *Uygur children amusement in Turki Dictionary – «Divanilugatit turk».* .................................. *Muhammat . Abliz . Boriyar (74)*

## History reading notes

▶ *Kiroran and Kiroran people.* .............................. *Halip . Ark (77)*
▶ *Social investigation of opinions of Yugur nationality on Uygur nationality, Xinjiag.* .............................. *A . Raxid . Jalil . Karluk (89)*
▶ *Qocho Uygur Kingdom in historical materils of Arab and Persia...* *Geng Shimin (95)*

## Research on society and economy of Qocho Uygur

▶ *Restricted view on society and economy of Qocho Uygur.......* *Gou pingliang (101)*
▶ *Watermelon and its planting in this region.....* *Tašmuhammat . Abdurahman (118)*

▶ ***on the Cover*** I:
***buddHism and mani in Bizaeklik grotto at Turpan***

Xinjiang Turpan Research Socicty and Cultural Eelic Bureuu Turpan xinjiang



گېرمانىيە بېرلىن ھىندى گۈزەل - سەنئەت مۇزېيىنىڭ پروفېسورى مارىئاننا يالدىز خانىم



تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ، كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچى ئابلىم ئىبۇم ئەھمىدى گېرمانىيە بېرلىن ھىندى گۈزەل - سەنئەت مۇزېيىنىڭ پروفېسورى مارىئاننا يالدىز خانىم بىلەن بىللە




شى لو نا ( قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش ئىشخانىسىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى ، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ،تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئەركىن ئىمىنىياز قاتارلىق تۈركىيە يىلدىز تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسورى مەممەت ئۆلمەز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرماقتا




تۈركىيە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسورى ئوسمان فىكرى سېرتكايا يىغىندا ماقالىسىنى ئوقۇماقتا



تۈركىيە تىل ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسورى شۈكرۈ خالۇق ئاكالىن بىلەن كامال قارسلان ئەپەندى يىغىندا ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇماقتا



تۈركىيە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسورى [illegible] سېرتكايا يىغىندا ماقالىسىنى [illegible]



شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى ئابدۇبەسىر شۈكۈرى يىغىندا ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇماقتا



گېرمانىيە بېرلىن ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ پروفېسورى تورستېن گولىش يىغىندا ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇماقتا

ئىككىنچى نۆۋەتلىك تۇرپانشۇناسلىق خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسى قۇرۇلۇش يىغىن خاتىرىسى

第二届吐鲁番学国际学术研论会，既新疆维吾尔自治区吐鲁番学研究院成立大会合影留念　2005/08/26





吐鲁番学研究

主办单位：新疆吐鲁番学学会 吐鲁番地区文物局
编辑：《吐鲁番学研究》编辑部
地址：乌鲁木齐市延安路119号（伊斯兰教经文学院）
号楼2单元502房
邮政编码：830000　电话：0991-2566833
印刷单位：新疆有色金属工业印刷厂
印刷日期：2005年8月
新疆内部资料(期刊)准印证 00159

TEL: 0991-2566833
830000
00153